# ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى

(شەخسلەر، ۋەقەلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر)

3

نەشرگە تەييارلىغۇچى: غەيرەتجان ئوسمان

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى:  ئەركىن ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى:  ئىلياس رەھىمى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:  شادىيە ھاشىم

ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى (3)
(شەخسلەر، ۋەقەلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر)
نەشرگە تەييارلىغۇچى:  غەيرەتجان ئوسمان
*
شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168 ×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 9.875
1998 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
1998 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7—5371—2861—8/Z・38
سانى:  1—7,030
باھاسى: 12.80 يۈەن
تۈپلەشتە خاتالىق بولسا زاۋۇتتىن بىۋاستە تېگىشۋالسىڭىز بولىدۇ.

## مۇندەرىجە

قاراخان تەڭرى ۋە كىشى ........................ 1
ئوغۇزخان ........................................ 2
ئوغۇزخان ۋە كۆلتېگىن ........................ 96
قايان، نوكوز ۋە ئەرگىنەقۇن ................ 98
خورخان ۋە قىزىل گوشۇ، قارا گوشۇ ........... 101
ئاشىد ۋە ئاشىد غارى ........................ 103
ئاشىنا ۋە تۈركلەر ............................ 105
ئاپراسىياپ ھەققىدە رىۋايەت .................. 107
كەيخىسراۋ ...................................... 112
سىياۋۇش ....................................... 116
زوھاك شاھ ..................................... 121
تۇمارىس ....................................... 130
شىراق .......................................... 134
خاقان شۇ ...................................... 138
يەكەن مەلىكىسى ............................... 141
بۆگۈخان ........................................ 143
مۇدۇ تەڭرىقۇت ................................ 150
تۈرك ............................................. 160
ئېل ئىلتەر ۋە كۆل ئېركىن ..................... 164
ئەل ئىلتەر، كۆل ئەركىن ۋە قاراخان ............ 167

ئۇيغۇر موما ...... 168
كۇسەن خانى ئاچۇر (ئالپ چور) ...... 170
غازىباي ...... 171
تاتاگاتا ...... 173
قۇتقا ...... 175
تاتاتۇڭا ...... 177
چوقتىرىشىت ۋە نوقتىرىشىت ...... 179
ئەبۇ ھەسەن ...... 182
كىتاۋبەگ ۋە ئالتۇن يارۇق ...... 186
توپ ئاتار غوجام ...... 187
فارابى ...... 190
سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ...... 194
ئابدۇللا بۇغرا ...... 205
قىزىلچى خېنىم ...... 207
ھۇسەين پەيزۇللا غوجام ...... 210
ھەزرىتى سەئىد ئېلى ئارسلانخان ...... 215
نۇرئەلا نۇرخان ...... 219
يۇسۇپ قادىرخان مەلىكىسىنىڭ نىكاھلىنىپ چۇش كۆرگەنلىكى
ھەققىدە ...... 223
بۇۋى مەريەم خېنىم ...... 226
رابىيە كاشغەرى ...... 229
مەھمۇد كاشغەرى ھەققىدە رىۋايەتلەر ...... 232
نەۋائى ...... 243
سۇلتان سەئىدخان ...... 252
ئابدۇرېشىدخان ...... 261

ئامانىسساخان ........................................ 265
مىرزا ھەيدەر ........................................ 268
ئىپارخان ........................................ 272
ئابدۇكېرىمخان ........................................ 275
ياقۇپبەگ ........................................ 278
چالا تۇغچى ........................................ 282
سادىر پالۋان ........................................ 284
سائادەت بەگ ........................................ 287
شاھ مەشرەپ ........................................ 290
مۇسابايوف ........................................ 299
تەجەللى ........................................ 304

# قاراخان تەڭرى ۋە كىشى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، يەر ـ زېمىنمۇ، كائىناتمۇ يوق ئىكەن. قاراخان تەڭرى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە ئادەم بالىلىرىنىڭ ئەجدادى «كىشى» نى يارىتىپ، ئۇنى ئۇلۇغ كۆلنىڭ ئاستىدا ماكانلاشتۇرۇپتۇ. «كىشى» سۇ ئاستىدا ئۇزۇن يىللار ياشاپ، ئىنتايىن زېرىكىشلىك ھېس قىپتۇ ۋە بەك ئازاب چېكىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، كىشى قاراخان تەڭرىگە ئۆزىنى ئەر-كىن ـ ئازادە تۇرىدىغان يەرگە چىقىرىپ قويۇشنى ئىلتىجا قىلىپ كۆپ يالۋۇرۇپتۇ. قاراخان تەڭرى «كىشى» نىڭ نالىسىگە چىدى-ماي ھەم يالۋۇرۇشلىرىدىن تەسىرلىنىپ، «كىشى» گە سەن دەسسەپ تۇرغان سۇنىڭ ئاستىدىكى تۇپراقتىن چامىڭنىڭ يېتى-شىچە ئېلىپ، سۇ ئۇستىگە چىققىن، دەپ ۋەھى قىپتۇ. «كى-شى» بۇنىڭدىن بەك تەسىرلىنىپ، ئېتىكىنى تولدۇرۇپ تۇپراق ئېلىپ ھەم ئىككى قوۋۇزىغىمۇ ئېلىپ مىڭبىر جاپادا سۇ يۈزىگە چىقىپتۇ. قاراخان تەڭرى «كىشى» گە ئېتىكىڭدىكى تۇپراقنى قوي دېگەنىكەن، «كىشى» ئۇنى سۇ يۈزىگە قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن يەر ـ زېمىن ئاپىرىدە بوپتۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن «قوۋۇزۇڭدىكى تۇپراقنى پۈركە» دېگەنىكەن، ئېغىزىگە قاراپ پۈركۈپتۇ. بۇنىڭ-دىن ئاسمان، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار ئاپىرىدە بوپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ «كىشى» ئالەمنىڭ ئاقساقىلى بوپتۇ. ئۇنىڭدىن ئەۋلادلار پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ نەسلى يوقىمايدىغان بوپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئى. مۇتىئى، ۋاقتى: 1984ـ يىل

# ئوغۇزخان

## 1

بىزنىڭ نە پادىشاھنىڭكىدەك پەرمانىمىز، نە لوقماننىڭكىدەك دەرمانىمىز يوق. سازدىن - سۆزدىن ئاڭلىغانلارغا، ئاقارىنى ئايرىغانلارغا داستانلارنىڭ بېشى بولغان بىر داستانىمىز — ئوغۇز داستانى بار. بۇ داستان بىر يايلاق. . . بۇ داستان بىر بۇلاق... تارىخلار بۇ يايلاقتىن كېچەر، ئەپسانىلەر بۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچەر، سىزمۇ ئىچىڭ بىر يۇتۇم بۇ ئابىھاياتتىن، مەرھەمەت. . .

بۇرۇنقى زاماندا، ئوغۇزخان دېگەن بىر ئۇلۇغ خاقان ئۆتكەنىكەن. تاغۇ تاشقا ھۆكمى، بۆرى-قۇشقا سۆزى ئۆتكەنىكەن...

ئۇ دۇنياغا كەلگەندە دۇنيا يېڭىۋاشتىن بىر ياشقا كىرىپتۇ. گۈزەللىكتە گەپ كېتەمدىغان. ئۇنى ئانىدىن تۇغۇلغان دېيىشكە تىل بارماس ئىمىش ... ئاناردانىسى، نۇردانىسى، تەڭرىتاغنىڭ بىردانىسى، قاشلىرى بار ئىمىش قەلەم قارىسى، كۆزلىرى بار ئىمىش ئاھۇ يازمىسى، ئېغىزلىرى ئويماق كەبى، داستان بولغۇدەك قالغان يېرى، پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆپلۈك نۇرى، كۆكسىدە بار ئىمىش ئۈچ تال مويى: بىرى ئارسلان، بىرى يولۋاس، بىرى بۆرى تۈكى، ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشاشماس ئىمىش مىجەز - خۇيى. كۇلسە گۇللەر ئېچىلار ئىمىش، يىغلىسا ئۈنچىلەر چېچىلار ئىمىش. ئاجايىپ بىر ئىنسان ئىمىشكى،

كىمنىڭمۇ كۆرگۈسى كەلمىسۇن ئۇنى...

ئانىسىنىڭ سۆتىنى بىر شوراپلا ئىككىنچى ئەممىگەنمىش. قۇرۇق نان يەپ، قۇرۇق ئاش ئىچەر ئىمىش. گەپ قىلسا ئاغزىدىن بال ئېقىپ، تىلىدىن قايماق تامار ئىمىش... كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە چوڭ بولۇپ، قىرىقىغا توشماي ماڭغانمىش. ئايىغى يەتكەن يەرلەردە لالە - سۇمبۇللار ئۈنەر ئىمىش، خۇش پۇراقلار چاچار ئىمىش.

نە ياشقا باقماپتۇ، نە باشقا، نە ئويۇنغا قىتىلماپتۇ، نە تاماشىغا... بىر كۈن ئات چېپىشتۇرسا، بىر كۈن ئوق ئېتىپتۇ. ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋالالايدىغان ئادەم يىرتقۇچ هايۋاننىڭ پېيىگە چۈشمەي قالسۇنمۇ!

گاھ ئېقىن بولۇپ ئېقىپ، گاھ دەريا بولۇپ تېشىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىرىق پالۋانغا باش بوپتۇ. ئەمدى ئۇ ئۆيگە، يۇرتقا سىغسۇنمۇ! قىرىق پالۋاننى كەينىگە سېلىپ، يايلاقنىڭ قارلىقى، يات ئەلنىڭ قانلىقى دېمەپتۇ. تاغدىن تاغقا، يۇرتتىن يۇرتقا سۈدەك ئېقىپ يۈرۈپتۇ.

ئۇياقلاردا بىر ئورمانلىق بار ئىكەن. ئىچىدە قىزىل تۇمشۇق كەكلىكلەر، سۈرمە كۆزلۈك كېيىكلەر ئوينىشىپ يۈرىدىكەن. شارقىراپ ئاققان سۇلارنىڭ، شىلدىرلىغان ياپراقلارنىڭ، سايراشقان قۇشلارنىڭ سادالىرى قوشۇلۇپ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىكەن. بۇ ئورماندا يەتتە باشلىق بىر دىۋە بولۇپ، ئۇ يەرگە كىرگەن نەرسە ساق چىقمايدىكەن. بۇ دىۋە سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا زوڭ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاغزى ئېچىلغان هامان قۇربانلىرى كەلتۈرۈلمىسە، بىر يۇتۇم سۇغا «سۇف» دەپ، قانچىلىگەن غۇنچە بويلۇقلارنى چاينىماي يۇتۇۋېتىدىكەن. ئادەم دېگەن يەردىن چىقمايدۇ - دە! بۇ ۋەجىدىن قانچىلىگەن ئوچاقلارنىڭ كۈلى توزۇپ، قانچىلىگەن زېمىنلار قۇرۇپ چۆل بوپتۇ. يۇرت - يايلاق چىدىسۇنمۇ بۇنىڭغا!

زامانلاردىن بۇيان نى ـ نى پالۋانلار توپلىشىپ بېرىشىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ تېرىسى تۆمۈردىن، باغرى پولاتتىن قاتتىق ئېمىش. ئوق ئېتىپتۇ، تەگمەپتۇ؛ قىلىچ چېپىپتۇ، كەسمەپتۇ؛ نەيزە سانجىپتۇ، تەشمەپتۇ؛ تاغۇ تاشنى بېشىغا ياغدۇرۇپتۇ، بىر تال مويىمۇ تەۋرىمەپتۇ.

ئانىلار تاش يۈرەك بولغان بىر كۈنى، ئوغۇز ئورمانغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇنىڭ نىيىتىنى كۆزىدىن پەم قىلغانلار:

— ئەي ئوغۇل، پۈتۈن دۇنيانى كەزسە، باتۇرلۇقتا سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتىدىغىنى يوق، لېكىن بۇ دىۋە ئوينىشىدىغان مەخلۇق ئەمەس. جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ سەن! — دەپ يولدىن قايتۇرماقچى بوپتۇ، لېكىن ياش يىگىت:

— مەن بۇنىڭغا ئەھدە قىلدىم. ئۆلسەم يەر خۇش بولار، قالسام ئەل... — دەپ مېڭىپتۇ، جىلغىلاردىن سەلدەك، تۆپىلەردىن بوراندەك ئۆتۈپ بارماقچى بولغان يەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى بىر كېيىكنى تۇتۇپ سۆگەت تېلى بىلەن بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپتۇ. . . تاڭ سەھەردە بېرىپ قارىسا، كېيىكنىڭ ئورنىدا بوران ئۇچۇۋېتىپتۇ. بۇ كۈنمۇ بىر جانىۋارنى قولغا چۈشۈرۈپ، كۈمۈش كەمىرى بىلەن دەرەخكە باغلاپ قويۇپتۇ. . . ئەتىسى يەنە بېرىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئورنىدىمۇ شاماللار چىقىۋېتىپتۇ! شۇنداق قىلىپ دىۋىنى بۇ يەرگە ئۆگىتىۋاپتۇ. ئۇ كېچە بېشىنى ئالقىنىغا ئېلىپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ماراپ يېتىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. نە قورقسۇن، نە قورۇنسۇن، يۈرىكى ئېغىپمۇ قويماپتۇ. ئورماندا بىر دەھشەتلىك سادا كۆتۈرۈلۈپ، تاللار باشلىرىنى ئېگىپ، ياپراقلىرى يەرنى قاپلاپتۇ. . .

ئامان ـ زامان دېمەپتۇ، شۇ ئەسنادا قارا دىۋە قارا بوراندەك ئېتىلىپ كېلىپ، ئوغۇزنىڭ قالقىنىغا تېگىپتۇ. لېكىن، ئوغۇزنىڭ بىر تال مويىمۇ تەۋرىمەپتۇ. ئۇ ياراتقان ئىگىسىگە سېغىنىپ شاپ پىچىقىنى قولىغا ئېلىپ، دىۋىنىڭ بېشىغا بىر ئېتىپتىكەن،

ئەۋلى خۇدا، دىۋە جەھەننەمگە راۋان بوپتۇ.
سۇنمۇ، كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. . .
ئوغۇز قاراپ تۇر-
بۇ خەۋەر تارقالغاندا يايلاقنىڭ، يۇرتنىڭ كامالى كۇلۇپتۇ.
شۇنداق بىر ھېيت - مەرىكە قىلىشىپتۇكى، پەلەكمۇ خۇش
بوپتۇ. شۇ كۇندىن كېيىن ئىنسانلار پالۋانلار بېشى ئوغۇزنى
خانلاردىن ئۇستۇن خان بىلىپ باشلىرىغا تاج قىپتۇ...
كۇنلەردىن بىر كۇنى، ئوغۇز بىر تاغنىڭ چوققىسىدا ئىبا-
دەت قىلىپ ئولتۇرغىنىدا بىردىن ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ،
كۆز كۆزنى كۆرگىلى بولماي قاپتۇ. بۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە
كۆپكۆك بىر نۇر پەيدا بوپتۇ. . . ئۇ ئۇدۇل قارىسا نە ئاي
ئەمەس، نە يۇلتۇز ئەمەس، ئاي بىلەن تەڭلەشتۇرسە كۇن بولۇپ
تۇغقان بىر قىز ئىمىش. كۇلسە نۇرمۇ كۇلەر ئىمىش، يىغلىسا
نۇرمۇ يىغلار ئىمىش. . . ئوغۇز بىر قاراپ ئەس - ھوشىنى
يوقىتىپتۇ، يەنە بىر قاراپ ئېسىگە كەپتۇ...
كېيىن ئۇلار قىرىق كېچە - كۇندۇز توي قىلىپ مۇرادىغا
يېتىپتۇ. . . ئايلار، يىللار ئۆتۇپتۇ. ئوغۇزنىڭ بۇ نۇر جامالدىن
ئۇچ ئوغلى بوپتۇ. بىرى قۇياش، بىرى ئاي، بىرى يۇلتۇز
ئىدىكەن ...
كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇز شىكارغا چىقىپتۇ. . . مېڭىپتۇ -
مېڭىپتۇ، چىمەنلىكلەرنى كېزىپتۇ، لالە - سۇمبۇل تېرىپتۇ،
ساي - جىلغىلار ئېشىپتۇ، ئالدىدا كۆپكۆك بىر كۆل
پەيدا بوپتۇ... كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۇپ دەرەخ، دەرەخ-
نىڭ ئۇستىدە بىر قىزنى كۆرۇپتۇ. گۇزەل دېسە دېگۇچىلىكى
بار ئىمىش، بېقىشلىرى ئاھۇ كېيىكتەك، يېقىشلىرى قىپقىزىل
ئوغدەك ئىمىش. كۇلسە كۆلمۇ كۇلەر ئىمىش، يىغلىسا كۆلمۇ
يىغلار ئىمىش... ئادەمنى كۆرسە چىراي ئاچماس، قېمىزدەك
يېپ ئاقماس ئىمىش. خوجا ئوغۇزنىڭ يۇرىكىگە شۇنداق بىر

ئوت چۇشۇپتۇكى، كۆيۈپ كۈل بولۇشقا ئاز قاپتۇ. «قانداق قىلاي، ئۇ پېشانەمگە يېزىلغان بولسا، بۇمۇ يۇرۇكىمنىڭ بىر ئاغرىقى!» دەپ ئۇنىڭ بىلەن ۋىسال ئارزۇسىغا يېتىپتۇ. ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ، بۇ ئاھۇ كۆزلۈكتىنمۇ ئۈچ پەرزەنت كۆرۈپتۇ. بىرى كۆك، بىرى تاغ، بىرى دېڭىز بوپتۇ.

تەڭرى ئوغۇزنى ھەممە مۇرادىغا يەتكۈزۈپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ھاسىل بولمىغان بىر مۇرادى قاپتۇ... كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئەلگە چوڭ داستىخان سېلىپ توي بېرىپتۇ. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممە بەگلەرنى تەكلىپ قىلىپ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلىگەندىن كېيىن:

— ئەي باتۇرلىرىم، پالۋانلىرىم، — دەپتۇ ئوغۇز، — تەڭرى خالاپتىكەن، سىلەرگە خان بولدۇم، خاقان بولدۇم، تەختكە چىققان كۈنۈمدىن بېرى زىممەمگە چۇشكەننى قىلدىم. ئۆيۈڭلارنى ئۆيۈم، ئوچىقىڭلارنى ئوچۇقۇم بىلىپ يىغلىغانلار بىلەن يىغلىدىم، كۈلگەنلەر بىلەن كۈلدۈم. بۇ تۇپرىقىمىزنى شۇنداق بىر تىرىكچىلىك مەئىشىتىگە ئېرىشتۇردۇمكى، ئەمدى نە دېۋىلەر كېلەلمەس، نە جىن - شەيتانلار تېگەلمەس بولدى... لېكىن، يايلىقىمىز بىر غېرىچ، يۇرتىمىز بىر غۇلاچ. بۇ يەرلەرگە سىغماس بولدۇق... بىلىكىمگە بىلەك، يۇرىكىمگە يۈرەك بولساڭلار شۇ دۇنيانى ئالقىنىمغا ئېلىپ، يەتمىش ئىككى مىللەتنى بىر تۇغ ئاستىغا توپلاشنى ئويلايمەن. تىلىڭلارنىڭ تېگىدىكىنى ئېيتىڭلار ئەمدى!

بۇنداق خانغا كىم قۇربان بولماس... ئوغۇز بەگلىرى بىر ئېغىزدىن:

— ئەي خانلار خانى، — دەپتۇ، — كۆڭلىڭىزگە شۇ ئوي كەلگەن بولسا ھەممىمىز ئاغزىڭىزغا قارايمىز. نامىڭىز نامىمىز، مۇرادىڭىز مۇرادىمىز؛ ئۆل دېگەن يېرىڭىزدە ئۆلىمىز، قال دېگەن

يېرىڭدە قالىمىز. . .

— بۇير ۇقۇمغا باش ئەگكەنلەرنى بېشىمغا ئالىمەن، بېرىپ يەنە ئۆز دۆلىتىنى سورىسۇن، لېكىن باش ئەگمىگەنلەرنىڭ جې-ىنغا ۋاي، ئەجىلىگە ھازىر بولسۇن! . . .

ئۇ چاغلاردا ئوغۇزلارنىڭ ئوڭ قانىتىدا «ئالتۇن خان»، سول قانىتىدا «كۇمۇش خان» دېگەن خانلار بار ئىكەن. ئالتۇن خان پەرماننى ئالغاندا، سۆيۈنۈپ بېشىغا قويۇپتۇ:

— تاجۇ تەختىمگە تەگمىگەندىن كېيىن، بار ـ يوقۇم ئۇنىڭ بولسۇن! — دەپ ئوغۇزنىڭ تۇغى ئاستىغا كىرىپتۇ. لېكىن، كۇمۇش خان: «مەن ھېچكىمنىڭ تۇغى، بويۇنتۇرۇقى ئاستىغا كىرمەيمەن، كەلگۈچى بولسا كۆرىدىغىنى بار!» دەپ مەيدانغا چىقىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوغۇز دەرغەزەپكە كەپتۇ: «ئەمرىمگە قارشى چىققان سەنمۇ!» دەپ ئۇنىڭغا قارشى ئاتلىنىپتۇ. لەشكەر ئۈستىگە لەشكەر يىغىپ، نەيزىلەر ئورمان بوپتۇ. قارا تاغدىن كەلگەن قارا سەلدەك ئېقىپ قۇش ئۇچماس، كارۋان كەزمەس بىر يەرگە كەپتۇ. ئوغۇزخان كېلىپ ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا چېدىرنىڭ ئىچىگە بىر يورۇقلۇقنىڭ شولىسى چۈشۈپتۇ. بۇ شولا ئىچىدىن كۆك يالىلىق بىر بۆرى چىقىپ:

— نېمە تىلىكىڭ بولسا مەندىن تىلە، — دەپ ئالدىغا چۈ-شۈپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ. . . «ئىدىل» دېگەن دەريانىڭ بويىغا يېتىپتۇ. ھالبۇكى، كۇمۇش خانمۇ تاغۇ تاشنى توپلاپ ئۇ دەريا-نىڭ بېشىغا كەپتىكەن. شۇنداق بىر يىغا بوپتىكى، يازسا ـ يازسا تۈگىمەس بىر داستان بوپتۇ... دەريا قان بولۇپ ئېقىپ، ئاتلارنىمۇ سۇغارغىلى بولماپتۇ. قېنى ئۇ يوغان گەپ قىلغان كۇمۇش خان! تاتلىق جېنىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. تاجۇ تەختى ئوغۇزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ.

بۇ قانلىق يىغىدىن كېيىنمۇ توپىلاڭ بېسىلماپتۇ...

«شائىر سۆزى ئۆز بولۇر، كۆپ ئۇرازتساق سۆز بولۇر»،
ئوغۇزخان يەنە بىر نەچچە ئۆتكىلى بولماس سۇلاردىن ئۆتۈپ، ئاشقىلى بولماس تاغلارنى ئېشىپ، يېگىلمەس ياۋلارنى يېڭىپ، ئېچىلماس قەلئەلەرنى ئېچىپ، يەتتە ئىقلىم، تۆت ئەتراپنى بىر تۇغ ئاستىغا توپلاپتۇ. ئۆز تۇغى ئاستىغا ئالغان يەرلەرنى بىلىكى ھەم يۈرىكىگە ئىشەنگەن خان - خانىملارغا تاپشۇرۇپ، ئۇلاردىن بىرىگە: «ئال، ساقلا، ساڭا ئاتا قىلدىم بۇ يېشىل يۇرتنى!» دەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ئۇرۇقنىڭ نامى «ساقلىغۇچ» بوپتۇ. . . يەنە بىرىگە: «تۇر، بۇ يەردە، يوغىنىغىنىڭچە يوغىنا بۇ يۇرتتا!» دەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ جەمەتنىڭ نامى «تۇرغۇچ» بوپتۇ. يەنە نېمىلەر بولغانلىقىنى كىم بىلسۇن، خانلار خانى قىلىچىنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن قولغا چۈشكەن، تاپىنى يەتكەن يەرلەردە يىگىرمە نەچچە بەگلىك قۇرۇپ، ئۆز يۇرت - يايلىقىغا قايتىپتۇ. دەرۋەقە، ئۇنىڭ چاچلىرى شۇ يوللاردا ئاقىرىپتۇ...

شۇ زامانلاردا «قۇتلۇق» دېگەن ياشانغان ئاقساقاللىق بىر خوجا ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئەقىل - پاراسەتلىك كىشى بولۇپ، دۇنيادا بىلمەيدىغىنى يوق، ھەر نەرسىگە ئاقىل ئەر ئىكەن. ئوغۇزخان ئۇنى بېشىدا كۆتۈرۈپ، ھەر سۆزىنى بىر كارامەت ھېسابلايدىكەن.

بىر كۈنى بۇ ئاقساقاللىق خوجا چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن بىر كۈمۈش ئوق كۆرۈپتۇ. ئالتۇن يانىڭ كىرىچى كۈندۈز تەرەپكە سوزۇلسا، كۈمۈش ئوق كېچە تەرەپكە ئۇچۇپتۇ. ئۇ تاڭ سەھەردە ئوغۇزخانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ چۈشىگە خەيرلىك تەبىر بەرگەندىن كېيىن ئوغۇزغا بېشارەت قىپتۇ. خانلار خانىمۇ ئۇنىڭ تەلىمى بويىچە ئوغۇللىرىنى چاقىرتىپ:

— ئەي ئوغۇللىرىم، ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى غەنىيمەت. چوڭ

ئوغۇللىرىم ئەتىلا كۈنچىقىشقا قاراپ مېڭىڭلار، كىچىك ئوغۇللىرىم كۈنپېتىشقا قاراپ مېڭىڭلار. قىسمىتىڭلاردا نېمە بولسا شۇ چىقار تەلىيىڭلارغا! -دەپ ئۇلارغا بەخت تىلەپتۇ...

قوياش، ئاي، يۇلتۇزلار كۈنچىقىش تەرەپكە؛ كۆك، تاغ، دېڭىزلار كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئوي - دالا، ساي - سالا دېمەپتۇ، ئالتە ئاي بىر كۈن مېڭىپتۇ. كۈنچىقىشقا ماڭغان چوڭ قېرىنداشلار بىر ئالتۇن يا تېپىپتۇ، كۈنپېتىشقا ماڭغان كىچىك قېرىنداشلارمۇ بىر كۈمۈش ئوق تېپىپتۇ!

«مانا بۇ دۇنيادىكى نېسىۋىمىز!» دېيىشىپ، ئەكىلىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئوغۇز خۇرسەن بوپتۇ ۋە ئالتۇن يانى ئۈچكە بۆلۈپ چوڭ ئوغۇللىرىغا بېرىپ:

— ئەي چوڭ ئوغۇللىرىم، — دەپتۇ ئوغۇز، — يا سىلەرنىڭ بولسۇن، يادۇر ئوقنى ئاتقان، سىلەرمۇ يادەك بولۇڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن «كۆك ئوق»① بولسۇن نامىڭلار، — دەپتۇ. ئاندىن كۈمۈش ئوقنىمۇ ئۈچكە بۆلۈپ كىچىك ئوغۇللىرىغا بېرىپ:

— ئەي كىچىك ئوغۇللىرىم، — دەپتۇ ئۇ، — ئوق سىلەرنىڭ بولسۇن. ئوقدۇر كۆكلەرگە ئېتىلغان. سىلەرمۇ ئوقتەك بولۇڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن «ئۈچ ئوق»② بولسۇن نامىڭلار، — دەپتۇ.

بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن ئوغۇزخان بىر مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ خاندىن چوپانغىچە ھەممەيلەننى يىغىپتۇ ۋە ئوڭ يېنىغا قىرىق غۇلاچ ئېگىزلىكتە بىر خادا تىكتۈرۈپ، ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇ قوندۇرۇپ، تۈۋىگە بىر ئاق قوي باغلاپتۇ. . . سول

---

① «كۆك ئوق» — ئىچ ئوغۇزلارغا سىمۋول.

② «ئۈچ ئوق» — سىرت ئوغۇزلارغا سىمۋول.

يېنىغىمۇ شۇنداق بىر خادا تىكتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈ-
مۈش توخۇ قوندۇرۇپ، تۇۋىگە بىر قارا قوي باغلاپتۇ. ئوڭ
يېنىدا كۆك ئوقلارنى، سول يېنىدا ئۈچ ئوقلارنى ئولتۇرغۇزۇپ
قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - مەرىكە قىلغاندىن كېيىن خانلار
خانى سۆز ئېچىپ:
— ئەي ئوغۇللىرىم، قاناتلىرىم، قوللىرىم! مەن كۆپ يا-
شىدىم، كۆپنى كۆردۈم. دۈشمەنلىرىمنى يىغلىتىپ دوستلىرىم-
نى كۈلدۈردۈم. ئەمدى ئۆمرۈم ئاخىرلاشتى. ساناقلىق
كۈنلىرىم قالدى... پانىي دۇنيا كىمگە قالسۇن، يۇرت -
يايلىقىمنى سىلەرگە ئامانەت قىلىمەن. سىلەر قۇرۇسا قۇرۇسۇن-
كى، نەسلىمىز قۇرۇمىسۇن، بۇ دۇنيادا نامىمىز ئۆچمىسۇن.
. . — دەپتۇ.
سۆزى ئاياغلىشىش بىلەن تەڭلا ئوغۇز ئارىدىن غايىب بوپتۇ.
بۇ ئۇلۇغلار ئۇلۇغى سىر بولدىمۇ، نۇر بولدىمۇ، ئۇ يېرى
نامەلۇم، ئەمما ئوغۇزخاننىڭ ۋەسىيىتى ئەمەلگە ئېشىپتۇ. دۇنيا-
دا نى - نى دەريا - دېڭىزلار قۇرۇپتۇ، تۈرك نەسلى قۇرۇماپتۇ،
زامانلار كېسىلىپتۇ، كېتىپتۇ، پەلەك تارتىپ خەمەكلەپتۇ.
كۆك ئوقلار كۆپىيىپ، ئۈچ ئوقلار ئۆلغىيىپ دېگەندەك، بۇ
يايلاقتىن ئۇ يايلاققا كۆچۈپتۇ.
«مەن بەختىيار تۈرك» دېگەنلەرنىڭ بېشىغا ئەرشتىن يەنە
ئۈچ ئالما چۈشۈپتۇ...①

2

تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخچى ۋە تىلى ئۆتكۈر رىۋايەتچىلىرى
شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى: «نۇھ ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىنى
ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلغاندا، شەرق ئەللىرى بىلەن تۈركىستان

تەرەپلەرنى چوڭ ئوغلى ياپەسكە بۆلۈپ بەردى. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا ياپەس «ئولجايخان» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتالغان. ئۇ كۆچمەنچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. يايلاق ۋە قىشلاقلىرى تۈركىستاندا بولۇپ، ياز ئايلىرىنى ئىسپانج[1]شەھىرىگە يېقىن ئۆرتاغ ۋە كۆرتاغ[2]دېگەن جايدا، قىش ئايلىرىنى بولسا، شۇ ئەتراپقا يېقىن (قارا قۇرۇم دەپ مەشھۇر بولغان) قارا قۇمدىكى[3]بۇرسۇق دېگەن جايدا ئۆتكۈزەتتى. بۇ يەردە ئىككى شەھەر بار ئىدى: بىرىنى تالاس[4]، يەنە بىرىنى قارى سايرام[5]دەيتتى. بۇ كېيىنكى شەھەرنىڭ ناھايىتى زور قىرىق دەرۋازىسى بولۇپ (بۈگۈن ئۇ يەردە مۇسۇلمان تۈركىي خەلقلەر ياشايدۇ. قونچىنىڭ مەملىكىتىگە يېقىن بولۇپ، قايدۇغا تەۋە ئىدى)، ئولجايخاننىڭ پايتەختى مۇشۇ يەردە ئىدى. ئۇنىڭ زىبياۋقۇيخان ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى. «زىب»نىڭ مەنىسى تەخت ۋە مەنسەپ، «ياۋقۇي»نىڭ مەنىسى خەلقنىڭ بولباشچىسى دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئۇلۇغ ۋە شۆھرەتلىك بىر پادىشاھ ئىدى. ئۇنىڭ قاراخان، ئورخان، كۆرخان ۋە قوزخانلاردىن ئىبارەت ئابرۇيلۇق ۋە شۆھرەتلىك تۆت ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلى قاراخان تەخت ۋارىسى بولغانلىقتىن، ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولغانىدى. ئۇنىڭ تولىمۇ تەلەيلىك ۋە پادىشاھلىققا لايىق بىر ئوغلى دۇنياغا كەلدى، ئۈچ كۈن ۋە ئۈچ كېچە ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئەممىدى، ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئانىسى

---

[1] ئىسپانج — شەھەر ئىسمى.

[2] ئۆرتاغ ـ كۆرتاغ — (زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ پىكرىچە) بالقاش كۆلىنىڭ شىمالىدىكى بىر يەرنىڭ ئىسمى.

[3] قارا قۇم قازاقىستاننىڭ ئارقا دەپ ئاتالغان رايونىدا، بۇرسۇق چۆلىنىڭ ئاخىرلىشىدىغان جايىدىكى بىر يەر.

[4] تالاس — قازاقىستاندىكى بۈگۈنكى جامبۇل شەھىرى.

[5] قارى سايرام — (كونا سايرام) ھازىر قازاقىستاندىكى سايرام شەھىرى.

قايغۇ ۋە ئەندىشە قىلاتتى، بىر كېچىسى چۈشىدە ئوغلى: «ئەگەر سۈتۈمنى ئەمسۈن دېسەڭ، تەڭرىنىڭ بىرلىكىنى ئىقرار ۋە ئېتىراپ قىل؛ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىڭنى پەرز بىل» دەۋاتقۇدەك. خاتۇن بۇ ئەھۋالنى چۈشىدە ئۇدا ئۈچ كېچە كۆردى. قەبىلىسى غەيرىي دىندا بولغانلىقى ئۈچۈن ئانىسى بۇ چۈشنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى، ئېرىدىن يوشۇرۇن ھالدا تەڭرىگە ئىلتىماس ئېيتتى. قولىنى كۆككە كۆتۈرۈپ: «ئەي تەڭرىم، مەن بىچارىنىڭ سۈتىنى بۇ بالىنىڭ تەلپىنگە مۇۋاپىق تاتلىق قىل!» دەپ دۇئا قىلدى، ئوغۇز شۇ ئاندىلا ئانىسىنىڭ كۆكسىگە يېپىشىپ ئېمىشكە باشلىدى. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن دادىسى ئۇنىڭ ھوشيار، پاكىز ۋە گۈزەل چوڭ بولغانلىقىدىن ھەيران بولدى ۋە: «بىزنىڭ قەبىلىمىز ۋە ئۇرۇقىمىزدىن بۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق بىر بالا دۇنياغا كەلمىگەندى» دېدى. بالا بىر يىلدىن كېيىن (ئېيسا پەيغەمبەرگە ئوخشاش) تىلى ئېچىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى ۋە: «مەن بىر ئوتاقتا (كەپىدە) تۇغۇلغانلىقىم ئۈچۈن، ئېتىمنى ئوغۇز قويۇش لازىم» دېدى. ئوغۇز بالىلىقىدا ۋە چوڭ بولغان ۋاقتىدىمۇ ھەمىشە تەڭرىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭغا شۈكرىلەر ئېيتاتتى، مەيلى ئۇيقۇدا، مەيلى ئويغاق بولسۇن، ياراتقان تەڭرىنى چىن دىلىدىن ئەسلەيتتى. ئۇ تەڭرىنىڭ نۇرلۇق مەرھەمىتىگە ئېرىشتى. ھەر تۈرلۈك بىلىم ۋە ھۈنەردە، ئوق ئېتىش ـ يا تارتىشتا، قىلىچ چېپىش ۋە بىلىم ساھەسىدە. . . دۇنياغا داڭقىنى چىقاردى، دادىسى ئۇنى تاغىسى قوزخاننىڭ قىزى بىلەن ئۆيلەندۈردى. ئوغۇز خوتۇننى ئۆيگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى تەڭرىگە ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلدى. قىز قوبۇل قىلمىدى؛ ئوغۇزمۇ ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىشتىن باش تارتتى. دادىسى ئوغلىنىڭ بۇ قىزغا كۆڭۈل بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، باشقا قېرىندىشى كۆرخاننىڭ قىزىنى ئوغلىغا سوراتتى، ئوغۇز ئۇنىڭغىمۇ يۇقىرىقىدەك تەلەپ قويدى. قىز ئۇنىمىدى. ئۇ ئوغۇزغا: «ئەگەر مېنى بۇ

ئىشقا زورلايدىغان بولساڭ، بۇ گەپنى داداڭغا ئېيتىمەن، ئۇ سېنى ئۆلتۈرىدۇ» دېدى. شۇڭا، ئوغۇز ئارىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزدى. قاراخان ئوغۇزنىڭ ھەر ئىككى قىزدىن نەپرەتلەنگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۆكسى ئۇرخاننىڭ قىزىنى سوراتتى. بىر كۈنى بۇ قىز ئۆز كېنىزەكلىرى بىلەن سۇ بويىدا سەيلە قىلىپ يۈرەتتى. كېنىزەكلىرى بولسا، كىيىملىرىنى يۇيۇۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئوغۇز ئۇۋدىن قايتىپ كېلىپ قالدى ـ دە، كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆز مەقسىتىنى ئېيتتى: «ئەگەر دېگەنلىرىمگە ماقۇل بولۇپ، تىلىكىمنى قوبۇل قىلساڭ خوتۇنلۇققا ئالىمەن؛ ئۇنداق قىلمايدىكەنسەن، ئالدىدىكى خوتۇنلاردەك ساڭىمۇ قارىمايمەن.» قىز ئوغۇزغا: «مەن سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىن بىر پارچىمەن. قانداق بۇيرۇق قىلساڭ، باش ئېگىپ ئىتائەت قىلىمەن. ھالقاڭ قەيەردە بولسا، قۇلىقىم شۇ يەردە؛ جىغاڭ قەيەردە بولسا، بېشىم شۇ يەردە بولسۇن» دېدى. ئوغۇز بۇ قىزنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلاشتى، ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، قىزمۇ ئوخشاشلا ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئوغۇز دەسلەپكى ئىككى ئايالدىن يۈز ئۆرۈگەندى. بىر كۈنى ئوغۇز دوستلىرى ۋە ئادەملىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپ كەتتى، غەيرىي دىندىكى دادىسى قاراخان بۇ ئارىدا بىر توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ ئوغۇزنىڭ خوتۇنلىرى بولغان ھەر ئۈچ كېلىنىگە شاراب تۇتتى. زىياپەت ۋاقتىدا كىچىك كېلىنىگە زەن سېلىپ قاراپ: «بۇنىڭغا قارىغاندا ماۋۇ ئىككى كېلىنىم پاكىز، چىرايلىق تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئوغۇز بۇنى شۇنچىۋالا ياخشى كۆرىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دېدى. دەردىنى تۆكۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر پۇرسەت كۈتۈۋاتقان ئىككى كېلىن ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، ھەسەت ۋە دۈشمەنلىك بىلەن: «ئوغۇز بىزنى قانداقتۇ بىر تەڭرىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشقا دەۋەت قىلدى. بىز مۇنداق تەڭرىنى تونۇمايمىز، ــ دېدۇق. شۇڭا، ئۇ خاپا بولۇپ بىزدىن يىراق-

لاشتى. ماۋۇ كېلىن ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇندى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ-
غا شەپقەت ۋە مۇھەببەت باغلىدى. ھازىر ئۇلار ئەر-خوتۇن ئىك-
كىسى يېگى دىنغا ئىشىنىدۇ. ئاتا - بوۋىسىنىڭ دىنىنى ئىنكار
قىلىپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى» دېيىشتى. قاراخان بۇ ئىشنى
ئۇچىنچى كېلىنىدىن سورىغانىدى، ئۇ بۇ ئىشنى ئىنكار قىلدى.
قاراخان بۇنىڭدىن خاپا بولۇپ، ئۇنى ئۆچ كۆرىدىغان بولۇپ
قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قېرىنداشلىرىنى ۋە تۇغقانلىرىنى
يىغىپ ئۇلارغا: «ئوغلۇم، ئوغۇز بالىلىق ۋاقتىدا بەختلىك،
تەلەيلىك، پادىشاھلىققا يارامىلىق بالا ئىدى. ھازىر ئاڭلىشىمچە،
ئۆز دىنىدىن قايتىپ، باشقا بىر تەڭرىنى تاللاپتۇ. بۇ بالىنىڭ
بىزگە ۋە تەڭرىگە ئاھانەت قىلىپ، ھەتتا پىسەنتمۇ قىلمىغانلىقىغا
قانداقمۇ چىدىغىلى بولسۇن؟» دېدى. كېڭەش قىلىپ، ئوغۇزنى
ئۆلتۈرۈشكە قارار قىلىشتى. ئۇنى يەڭگۈدەك ئەسكەر ۋە كۈچ
توپلىدى، ئوغۇزغا نىسبەتەن مۇھەببەت ۋە شەپقەت ھېسسى بىلەن
تولغان كىچىك كېلىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، قوشنىلىرىدىن بىر
خوتۇننىڭ ئېرىنى ئوغۇزغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئو-
غۇزمۇ جەڭگە تەييارلاندى.

### ئوغۇزنىڭ دادىسىغا، تاغىلىرىغا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلغانلىقى ۋە ئۆز دۈشمەنلىرىنى يەڭگەنلىكى

ئوغۇز ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ ئۆيگە يېقىنلاشقاندا، دادىسى
ۋە تاغىلىرىنىڭ ئۆز يېقىنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىشقا
ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدى ۋە ئۆز نۆكەرلىرى بىلەن ئۇلارغا
قارشى جەڭ قىلدى. بۇ جەڭدە دادىسى قاراخان، تاغىلىرىدىن
قۇزخان ۋە كۈرخانلار ئۆلتۈرۈلدى. ئوغۇز ئۆز يېرىنى قوغداپ،
تاغىلىرىنىڭ ئۇرۇق - جەمەتى بىلەن يەتمىش بەش يىل داۋاملىق

ئۇرۇشتى. ئاخىر ئۇلارنى يېڭىپ، يۇرتى ۋە خەلقلىرىنى، تاكى قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىگە قەدەر بولغان جايلارنى ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا ئالدى. قىلىچتىن ئامان قالغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندى. ئۇلار: «بىز سەن بىلەن بىر نەسىل، بىر قېرىنداش، بىر يىلتىزدىن تۆرەلگەن شاخ ۋە نوتىلار ۋە ئۇلارنىڭ مېۋىلىرى بىز. نېمە ئۈچۈن سەن بىزنى يوقىتىشقا مۇنچىۋالا كىرىشىپ كېتىسەن؟» دېدى. ئوغۇز دېدىكى: «ئەگەر سىلەر تەڭرىگە ئېتىقاد قىلساڭلار، تەڭرىنىڭ بىرلىكىگە ئىشەنسەڭلار، سىلەرنى ئامان قالدۇرىمەن ۋە ماكانلىشىشىڭلار ئۈچۈن تۇركىستاننى بېرىمەن.» ئۇلار بۇنىڭغا كۆنمىدى، ئوغۇز ئۇلارنى تاكى قاراقۇرۇمغا قەدەر ھەيدەپ سۈردى. ئۇلار ئامالسىز، يوقسۇللۇق ئىچىدە توغلا دەرياسى ئەتراپىدىكى چۆل ۋە جەزىرىلەرگە كۆچۈپ بېرىپ ياشاشقا باشلىدى. شۇ يەرنى ئۆزلىرىگە يايلاق ۋە قىشلاق قىلدى. بۇ يەردە ئۇلار ھەر ۋاقىت كەمبەغەلچىلىك، ئاجىزلىق ۋە ئاچارچىلىق قايغۇسىدىن خالىي بولالمايتتى. ئوغۇز ئۇلارغا «مۇۋال» دەپ نام بەردى، يەنى بۇ سۆز «ھەمىشە غەم - قايغۇ، كۆڭۈلسىزلىك ۋە زاۋاللىق ئىچىدە ئۆتۈڭلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئوغۇز ئۇلارغا: «ئىت تېرىسىنى كىيىپ، ئوۋ گۆشىنىلا يەڭلار. مۇندىن كېيىن تۇركىستانغا كەلگۈچى بولماڭلار» دېدى (شۇ سەۋەبتىن، تۇركمەنلەرنىڭ قارىشىچە موڭغۇللار كۇرخان، قۇزخان ۋە ئۇرخانلارنىڭ نەسلىدىن تۆرەلگەن ۋە شەرق تەرەپتە ياشىغان دېيىلىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ نېمە بولغانلىقى ھەققىدە، بولۇپمۇ ھېلىقى ئىككى قىزنىڭ تەقدىرى، ئۇلارنىڭ تەڭرىنىڭ بىرلىكىنى قوبۇل قىلغان - قىلمىغانلىقى ۋە ئوغۇزنىڭ ئۇلارنى ئۆز يېنىغا ئالغان - ئالمىغانلىقى مەلۇم ئەمەس). ئوغۇز بۇ ئۇرۇشلاردىن كېيىن يۈرۈشنى توختىتىپ، ئالتۇندىن بىر ئۆي قۇرۇشنى بۇيرۇدى ۋە ئۆز دوستلىرى ھەم تەرەپدارلىرى بىلەن بىرلىكتە بىر مەرىكە ئۇيۇشتۇردى. ئۆزىگە

ياردەم بېرىش ئۈچۈن قوشۇلغان قوۋمغا «ئۇيغۇر» دەپ نام بەر-
دى، بۇ تۈركىي تىلىدا «ئىزىدىن ماڭغان، ئۇيغۇنلاشقان، دېمەك-
تۇر. ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن بىرى دۈشمەنلەردىن ئېلىنغان ئولجا
- غەنىيمەتلەرنى توشۇشقا يالغۇز هايۋان كۆچى يېتىشمىگەنلىك-
تىن، «قاڭلى» (هارۋا) لار ياسىدى. مۇندىن ئىلگىرى چاق يوق
ئىدى. (هارۋىنى) ئەڭ دەسلەپ مۇشۇلار ياسىدى. لازىمەتلىك-
لەرنى ۋە ئېغىر يۈكلەرنى هارۋا بىلەن توشۇيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئوغۇز ئۇلارغا «قانقىللار» (هارۋىلىقلار) دەپ نام بەردى. تالا-
س، سايرام تەرەپلەردىكى ئەسكەرلەر ئوغۇزغا قارشى ئىسيان
كۆتۈرۈشتى. ئوغۇز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ يەڭدى.
تالاس ۋە سايرامدىن تارتىپ ماۋەرا ئۇننەهر، بۇخارا ۋە خارەزمگە
قەدەر جايلارنى بېسىۋېلىپ، ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا ئالدى. ئۆزى-
نىڭ جاهاننى بويسۇندۇرۇش ئىشىغا خاتىرجەم كىرىشىش ئۈ-
چۈن، تۆت ئەتراپتىكى قوشنا مەملىكەتلەر بىلەن ئۆزئارا هۇجۇم
قىلىشماسلىق ھەققىدىكى كېلىشىملەرنى يېزىلىدى.

## ئوغۇزنىڭ جاهاننى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىپ، تۆرلۈك دۆلەتلەرگە ئەلچىلەر ئەۋەتكىنى

ئوغۇز ئۆزى بىلەن يېقىنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل -
ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، ئەل بولۇشنى تەلەپ
قىلىپ هىندىستانغا ئەلچىلەر ئەۋەتتى ۋە باج - خىراج تەلەپ
قىلدى. هىندىستان خەلقى ۋە ئۇلۇغلىرى قوپال ۋە يىرىك جاۋاب
قايتۇردى. ئەلچىلەر قايتتى. هىند ۋە سىند خەلقلىرى قارشىلىق
كۆرسەتكىنى ئۈچۈن، ئوغۇز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى.
ئاۋۋال بۇ مەملىكەتنىڭ شەرق تەرىپىدىن ئىشغال قىلىشقا باشلى-

دى. ئالدى بىلەن ئۇلۇداق[1] ۋىلايىتىگە بېرىپ، بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ئۇ يەردىن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىردى. بۇ يەر چوڭ دەريا بىلەن زور ۋە مۇستەھكەم قەلئەلەر ئارىسىدىكى بىر تاغلىق جاي ئىدى، كېمە بىلەن دەريادىن ئۆتۈش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئوغۇز تۇلۇمدىن سال ياساشقا بۇيرۇدى. بۇنىڭ بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ، ئىچكىرى جايلارنىمۇ ئالدى. ھىندىستانىڭ شەرقىي تەرىپىدە يەنە بىر چوڭ مەملىكەت بار ئىدى. پادىشاھى سىمى (تىنەسى) ئوغۇل ياغماخان ئىدى. ئوغۇزنىڭ ھىند مەملىكىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنى ئىستېلا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، باج - خىراج تۆلەشكە ماقۇل بولغانىدى. ئوغۇز ئۇنىڭ مەملىكىتىدىن قايتىش بىلەنلا، ئۇ يەنە ئىسيان قىلدى. ئوغۇز كەينىگە قايتىپ بېرىپ، ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى ۋە مەملىكىتىنى ئالدى. ئۇ يەردىن يولغا چىقىپ، قەدىمى تەگكەن ھەممىلا يەرنى ئىگىلىدى، شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن چىنىنى - ماچىن دىيارىنى ۋە نەكىياسىنى[2] قولغا چۈشۈردى. ئۇ يەرلەردىن ناھايىتى نۇرغۇن مال ۋە غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ، ئۆز ۋەتىنى تۈركىستانغا قايتىپ كېلىپ، ئۇرتاغ ۋە ئالا تاغقا چۈشتى. يەنە ئالمالىققا يېقىن بولغان جايدا تارقۇنلۇ تاغ[3] ناملىق ناھايىتى ئېگىز ئاسمان - پەلەك ئىككى تاغ بار ئىدى. «تۇرقان» ۋە «تۇرقۇن» دېگەن مۇشۇ تاغلاردا ئۆسىدىغان ئىككى خىل ئوتنىڭ نامى بولۇپ، بۇ تاغلار مۇشۇ ئوتلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانىدى. ئوغۇز بۇ يەرگە كېلىپ چۈشكەندىن كېيىن، ئون تۆت كۈن تۇردى. ئەمما بۇ يەرنىڭ پادىشاھى ئىنالخان دېگەن كىشى بولۇپ، ئوغۇز بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن قوشۇن توپلاشقا

---

① ئۇلۇداق — يەر ئىسمى.

② نەكىياس — يەر ئىسمى.

③ تارقۇنلۇ — جۇڭغار ۋە ئالاتاۋ تارماقلىرى بولۇشى مۇمكىن.

باشلىدى. ئىككى قوشۇن بىر - بىرىگە قارشى جەڭ قىلىشتى. ئۇرۇش سەككىز كۈن داۋام قىلدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئەسكەرلەر قىرىلدى. نىھايەت سەككىزىنچى كۈنى تۆگىلەر ۋە قېچىرلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا قاتار تىزدى. چېدىرلار ۋە يۈكلەردىن ئىستىھكام ياساپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. شۇنداق قىلىپ غەلىبە قىلغان ئوغۇز ئىنالخاننى ئۆلتۈرۈپ، مەملىكىتىنى ئالدى. بۇ يەردىن مېڭىپ ئۆز يۇرتى ئۇرتاغ ۋە كۆرتاغقا قايتىپ كەلدى. مەقسىتى بۇ يەردە ئاتلىرىنى سەمرىتىش ئىدى. چۈنكى، شىمالدىكى مەملىكەتلەرنى ئېلىش ئۈچۈن، يولدا بەگلىرى بىلەن كېڭەش قىلىشقان ۋە ھىند ئەتراپلىرىدىكى جايلارنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش يولىدا بەزى توختاملارنى تۈزۈشكەنىدى. شۇنداق قىلىپ، ئالدى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ پەنجابىدىن كېچىش قارار قىلىندى. ئەل بولۇشلىرى ئۈچۈن گور①، گۇرجىستان② تەرەپلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، باج - خىراج بېرىشنى تەلەپ قىلدى. قوبۇل قىلىشسا، ناھايىتى ياخشى، قوبۇل قىلمىسا، ئۇرۇش قىلاتتى. قوشۇنلار دەسلەپ گۇرجىستان تەرەپلىرىگە يۈردى ۋە ئەلچىلەر ئەۋەتتى. گور ھۆكۈمدارى ئەلچىلەرنى تولىمۇ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئىتائەت ۋە ئەل بولۇش كەمىرىنى باغلىدى. ئۆزى ھەر يىلى ئوغۇز ھوزۇرىغا بېرىپ باج - خىراج بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، يەنە: «يۇرتىمىزنىڭ يېقىن ئەتراپلىرىدا دۈشمەن كۆپ، بۇنى يوقىتىشنىڭ ئامالى نېمە؟» دەپ سورىغانىدى، ئوغۇز ئالدى بىلەن تاللانغان يۈز ئاتلىق يىگىتنى گور ھۆكۈمدارى بىلەن بىللە خەۋەرچى قىلىپ شۇ جايغا ئەۋەتتى: «ئەگەر ئەل بولۇپ ئىتائەت قىلسا ياخشى؛ ئەل بولمىسا، ئۇلار

① گور - گورىلار - ئافغانىستاندا ھۆكۈم سۈرگەن بىر خانلىق.

② گۇرجىستان - ھازىرقى گرۇزىيە ئەتراپلىرى.

بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار» دېدى. ئوغۇزنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، پۈتۈن گور ۋىلايىتى، گۇرجىستاننى تاكى غەزنە،[1] زابىل[2] ۋە كابىلغىچە[3] بولغان جايلارنى ئالدى. ئۇلارغا ھەر يىلى خەزىنىگە ئەۋەتىش ئۈچۈن، باج - خىراج تەيىن قىلدى. بۇلار غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىپ، ئوغۇزغا قوشۇلدى. بۇندىن كېيىن ھەممىسى بىرلىكتە شىمالىي مەملىكەتلەرگە كۆچۈپ، گورد ۋە باشقۇرت[4] تەرەپلىرىگە يۈزلەندى، دەسلەپ ئۇلۇباگور[5] دەپ ئاتىلىدىغان ئېگىزلىكتىكى بىر قەلئەگە يېتىپ بېرىشتى. بۇ يەرنىڭ ھاكىمىنى «قارا - شىت ياغى»[6] دەيتتى، ئوغۇز ئۇنىڭ قوشۇنىنى يەڭگەندىن كېيىن، ئەتراپىدىكى جايلارنى بويسۇندۇردى. بۇ ۋاقىتلاردا، ئوغۇز ھەممە كىشىگە مېھىر - شەپقەت ۋە مۇھەببەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، چوڭ ياشلىق قېرىلارمۇ ئۇنى «ئوغۇز ئاكا» دېيىشەتتى. گور ۋە باشقۇرت ئۈستىگە يۈرۈش قىلىغاندا، توقسان مىڭ ئۈلۈك ئاھالە ئوغۇزنىڭ ئەتراپىغا توپلانغانلىقتىن، بۇلار «ئون قئوز ئوغۇز» دېيىلگەنىدى. ئوغۇز يولدا كېتىۋېتىپ: «كىمكى ئارقىدا قالسا، ياسا (قانۇن) بويىچە جازالىنسۇن» دەپ پەرمان چىقاردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر تۈركۈم خېلى ياشانغان قېرى كىشىلەر بار ئىدى، بەدەنلىرى ئاجىز بولغاچقا، ئوغۇزنىڭ بۇنداق بۇيرۇقلىرىنى ئورۇندىيالمايتتى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاجىز ۋە زەئىپلىكىنى ئوغۇزغا مەلۇم قىلىۋىدى، ئوغۇز: «ئۇنداق بولسا،

---

① غەزنە — 962 — 1187 - يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن تۈركىي خانلىق بولۇپ، مەركىزى ئافغانىستاندىكى غەزنە شەھىرى.

② زابىل — ئافغانىستاننىڭ بىر رايونى.

③ كابىل — ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ كابۇل شەھىرى.

④ گورد ۋە باشقۇرت — ئورال باشقۇرتلىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

⑤ ئۇلۇباگور — بۇلغارلار كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك.

⑥ قارا — شىت ياغى — قاراشىت «دۈشمەن» دېگەن مەنىدە.

ھەممىڭلار بۇ يەردە قېلىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. بۇ يەر
ئالمالىققا يېقىن «ئاق ـ قايا» دېگەن جاي ئىدى («ئاق ـ قايا»
— پارسچىدا ئاقتاغ كېچىكى دېمەكتەر). بۇ قېرىلار ئارىسىدا
ھوشيار، ئەقىللىق، كۆپنى كۆرگەن ۋە دۇنيانىڭ ئاچچىق ـ
تاتلىق كۈنلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن يۇشى خوجا ئىسىملىك
بىر كىشى بار ئىدى (يۇشى خوجا — تۈركىي تىلىدا ياشانغان
كىشى دېگەن مەنىدە، موڭغۇل تىلىدا بولسا، قالىسانغۇ بىلگىتاي
دېيىلىدۇ. قەدىمكى تۈركچىدە ياشانغانلار «خوجا» دەپ ئاتىلىدۇ)
. ئۇنىڭ قارا ـ سۇلۇك ناملىق بىر ئوغلى بار ئىدى. دادىسى
ئوغلىغا: «سىلەر بىلمەيدىغان بىر يولغا كېتىپ بارىسىلەر.
ئارىڭىزلاردا بىلىملىك، ياشانغان كىشىلەر يوق. ئەگەر قىيىن
ئەھۋالدا قالساڭلار قانداق قىلىسىلەر؟ ياخشىسى، مېنى يېنىڭ-
لارغا ئېلىۋېلىڭلار! بىر كۈنى ئىشىڭلارغا ياراپ قالارمەن» دېۋە-
دى، ئوغلى: «ھەي دادا! ئوغۇزنىڭ بۇيرۇقىنى قانداق قىلىپ
بۇزالايمەن» دېدى، ئاخىر ئۇنى بىر ساندۇققا ئوبدان ئورۇنلاشتۇ-
رۇپ، تۆگىلەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىدى ۋە ئۆزلىرى بىلەن بىللە
ئېلىپ ماڭدى. گورد ۋە باشقۇرت ئېلىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار
ناھايىتى زوراۋان ۋە ھىيلىگەر بىر قوۋم ئىدى. تەكەببۇر ۋە
غۇرۇرلۇقلىقى تۈپەيلىدىن ھېچقانداق بىر پادىشاھقا باش ئەگمىگە-
نىدى. ئوغۇز قارا شىت ناملىق پادىشاھنى قولغا چۈشۈردى.
گورد ۋە باشقۇرتلار ئەل بولۇپ، باج ـ خىراج بېرىشنى ئۈستىگە
ئېلىشتى، ئۇ يەردىن يولغا چىققاندىن كېيىن، ئالدىلىرىغا يەنە
بىر باياۋان ئۇچرىدى. بۇ يەردە سۇ قىس بولغاچقا، بىر تامچە
سۇنى بىر تامچە قىممەت باھا گۆل يېغىغىمۇ تېگىشمەيت-
تى. قارا ـ سۇلۇك ئادەملەرنىڭ سۇسىز قالغانلىقىنى دادىسىغا
بىلدۈرۈۋىدى، يۇشى خوجا: «بىر نەچچە كالىنىڭ بېشىنى بىر
يەرگە باغلاپ، ئۇلارنى ئۇسساپ ھارغۇچە يۈگۈرتۈڭلار ـ دە، كې-
يىن قويۇۋېتىڭلار؛ كالىلار تۇياقلىرىنى بىر يەرگە ئۇرۇپ تېپى-

چەكلەشكە باشلىسا، مانا شۇ يەردە سۇ بارلىقىنىڭ بەلگىسى بولىدۇ. شۇ يەرنى كولاڭلار» دېدى. قارا ـ سۇلۇك دادىسىنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىۋىدى، بىر يەردىن سۇ چىقتى. ئات ـ ئۇلاغ ۋە ئادەملەر سۇغا قاندى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئوغۇز قارا ـ سۇلۇككە نۇرغۇن ئىنئام بېرىپ، ئۇنى پۈتۈن ئۇلۇسنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىن قىلدى. بۇ يەردىن ئۆتۈپ ئاتىل (ئىدىل) دەرياسى بويىدا ئۇق قىران كۆك بۇلۇت (ئۇق قىران كۆل ياتۇپ) ناملىق بىر يەرگە كېلىشتى. بۇ يەرنىڭ خەلقى ئوغۇزنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، مانا ئەمدى مەغلۇپ بولدۇق، دەپ ھېسابسىز چارۋا ماللىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشتى. ئەسكەرلەر دەريانىڭ بويىغا كېلىپ سۇغا قارىغانىدى، سۈزۈك سۇنىڭ تېگىدە ئالتۇن ۋە كۈمۈش بۇيۇملار، لىگەن، ئىۋرىق، قازان قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنى چىقىرىش ئۈچۈن سۇغا چۈشۈشتى. ئەمما، سۇ ئىچىدە كۆرۈنگەن نەرسىلەردىن ھېچنېمە تاپالماي ھەيران بولۇشتى. قارا- سۇلۇك بۇ ئەھۋالنى دادىسىغا ئېيتقانىدى، دادى- سى ئۇنىڭغا: «ئەجەبا سۇنىڭ بويىدا ئېگىز بىر دۆڭ- لۈك يوقمۇ؟» دەپ سورىدى. قارا ـ سۇلۇك: «بار، پەقەت سۇ بويىدا يوغان بىر تۈپ دەرەخ بار» دەپ جاۋاب بەردى. دادىسى: «ئۇنداق بولسا، سۇدا كۆرۈنگەن نەرسىلەر شۇ دەرەخنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان نەرسىلەرنىڭ كۆلەڭگىسى بولۇشى مۇمكىن» دېدى. قارا- سۇلۇك بېرىپ، دەرەخنى دىققەت بىلەن تەكشۈردى ۋە ئۇ يەرگە يوشۇرۇپ قويىغان ئالتۇن ـ كۈمۈش بۇيۇملارنى تېپىۋېلىپ ھەممىسىنى ئوغۇزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئو- غۇز قارا ـ سۇلۇككە چوڭ ئىلتىپات قىلىپ، نۇرغۇن مۇكاپات بەردى. ئوغۇز بۇ چاغدا مۇنداق ئويلىدى: «بىز جاھاننى ئېلىش ئويى بىلەن جاھاننىڭ ھەر تەرىپىگە كېتىۋاتىمىز، ئەسلى ۋەتىنى- مىز ھەم يۇرتىمىز تالاس ھەم سايراملار بولسا ئارقىدا قالدى. مۇبادا دۈشمەنلەر بىزنىڭ يوقلۇقىمىزدىن پايدىلىنىپ، ئۇ يەرلە-

رىمىزنى بېسىۋالسا، بۇ بىز ئۈچۈن ناھايىتى زور بىر بەختسىز-
لىك بولىدۇ. دۈشمەنلىرىمىز ئۈچۈن راسا شۆھرەت پۇرسىتى
بولۇپ قالىدۇ. ئازغىنا پايدىنى دەپ، دىمايىنى يەپ قويمايلى
يەنە» دېدى. ئوغۇز ئۆز يۇرتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۆز قەبى-
لىلىرىنى تالاس ۋە ئالمالىق قاتارلىق جايلارغا قايتۇردى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار ئەسلى يۇرتلىرىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى.

## ئوغۇزنىڭ قىلباراق بىلەن ئۇرۇش قىلىشى

قىلباراق① دۇنيانىڭ قاراڭغۇ تەرىپىگە جايلاشقان بىر مەملى-
كەت ئىدى. بۇ يەرنىڭ ئەركەكلىرىنىڭ تېنى قارا، چىرايى
سەت، كۆرۈنۈشى ئىتقا ئوخشايتتى. خوتۇنلىرى بولسا چىراي-
لىق، پاكىز كېلەتتى. ئوغۇز ئۇلارنىڭ يېرىگە ئاز قالغاندا،
توققۇز ئاتلىقنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئەلچىلەر: «نۇرغۇن
شەھەر، مەملىكەتلەر بىزگە ئەل بولۇپ، ئىتائەت قىلدى. باج
- خىراج بېرىشكە ماقۇل بولدى. ئەگەر سىلەرمۇ ئىتائەت قى-
لىپ، باج - خىراج بېرىشكە ماقۇل بولساڭلار، ناھايىتى ئوبى-
دان، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇرۇشقا تەييارلىنىڭلار، چوقۇم كې-
لىمىز» دەپ خەۋەر قىلدى. ئۇلار ئەلچىلەرگە: «سىلەرنىڭ
توققۇز كىشىڭلار ئەگەر بىزنىڭ ئىككى كىشىمىز بىلەن
ئۇرۇشۇپ يېڭەلىسە، باج - خىراج بېرىشكە ماقۇل بولىمىز؛
ئەگەر يېڭىلىپ قالسا، بۇ يەردىن قايتىشىڭلار كېرەك» دەپ
جاۋاب بېرىشتى. ئەلچىلەر بۇندا ئۇرۇشۇش تەكلىپىنى رەت قىل-
دى ۋە: «ئەگەر ئۇرۇشۇشنى خالىساڭلار، بىزدىن ئىككى، سى-
لەردىنمۇ ئىككى كىشى بىرگە بىر بولۇپ چۈشسۇن» دېدى. قىل-
باراقلىقلارنىڭ ئادىتى مۇنداق ئىدى: ئۇرۇش ۋاقتىدا ئىككى

---

① قىلباراق — سىبىرىيىنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان بىر قوۋم، ئىت باراق دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

كۆلچەك تەييارلاپ، بىرىنى قارا، بىرىنى ئاق يىلىم بىلەن تولدۇ-
راتتى. جەڭدىن بۇرۇن ئاق يىلىم كۆلچىكىگە يالىڭاچ كىرەتتى،
يىلىم ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىدىكى تۈكلەرگە يېپىشاتتى، كۆلچەكتىن
چىقىپ ئاق قۇمغا يۇمىلىناتتى، ئۇندىن كېيىن قارا يىلىم كۆل-
چىگە كىرىشەتتى ۋە قارا قۇم ئۈستىگە دومىلىناتتى. بۇلارنىڭ
بەدەنلىرى قۇرۇغاندىن كېيىن، تېنىگە ھېچقانداق قورال كار
قىلمايتتى. قىلباراقلىقلاردىن جەڭگە كىرگەن ئىككى كىشى مانا
شۇنداق قىلىۋېلىپ، ئوغۇزنىڭ ئىككى ئەلچىسى بىلەن ئۇرۇ-
شۇشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ بەدەنلىرىگە قورال كار قىلماي، ئىك-
كى ئەلچى ئۇلارنىڭ قولىدا ئۆلدى. يەتتە كىشى ئۇ يەردىن
قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى ئوغۇزغا بايان قىلدى. ئوغۇز بۇنىڭغا
پىسەنت قىلماي، قىلباراقلىقلارغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى.
دۈشمەنلەر غەلىبە قىلىپ، ئوغۇز ئەسكەرلىرىدىن نۇرغۇن كىشى
چىقىم بولدى، قالغانلىرى تارقىلىپ كەتتى. ئوغۇز بۇ ئۇرۇشتا
پايدا ئالالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، چوڭ بىر دەريا بويىغا كەل-
دى، ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمى كېمە ۋە ساللارغا ئولتۇرۇپ،
بىر قىسمى ئۈزۈپ دەريادىن ئۆتۈشتى. قىلباراقلىقلار ئىتلارغا
ئوخشاش يالىڭاچ ۋە پىيادە بولغانلىقتىن، ئۇلار بۇ دەريادىن
كېچىپ ئۆتەلمەيتتى. ئوغۇز «ئىككى دەريا ئارىسى»غا چۈشتى
ۋە پاراكەندىچىلىككە ئۇچراپ تارقىلىپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى توپ-
لاش ئۈچۈن مانا شۇ يەرگە ئورۇنلاشتى. ئوغۇزنىڭ ئادەملىرىدىن
بىرى ھېلىقى چېكىنىش ۋاقتىدا قىلباراقلىقلار ئارىسىدا قېلىپ،
خوتۇنلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. ئەرلىرى پاسكىنا، سەت،
بەشىرىسى ئىتقا ئوخشايدىغانلىقى ئۈچۈن، خوتۇنلىرى ئۇلارنى
ياخشى كۆرۈشمەيتتى. شۇڭا خوتۇنلار ھېلىقى ئوغۇز يىگىتنى
ياقتۇرۇپ قېلىشتى، ھەممىسى ئۇنىڭ يېنىغا ئولاشتى، ئۇنىڭ
بىلەن بىر يەردە بولۇشنى خالاشتى. لېكىن، ئۇلار ئۆزىنىڭ
چوڭى ئىت ـ باراقنىڭ خوتۇنى ھۇزۇرىغا ھەدىيە سۈپىتىدە ئېلىپ

كېلىشتى. خوتۇن بۇ يىگىتنى كۆرۈپ، سۆزلىشىپ، مۇناسىۋەت-
لەشكەندىن كېيىن بەكمۇ يېقىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇمۇ ئۆز ئېرى
بىلەن بىر ئوردىدا بولالمىغانلىقىدىن بەكمۇ ئىچى پۇشاتتى. ئىت
- باراقىنىڭ خوتۇنى بۇ جىنسىي ئارزۇسى ۋە خۇشاللىقى تۇپەيلى-
دىن، ئوغۇز تەرىپىگە مايىل بولدى ۋە ئوغۇزغا يوشۇرۇنچە ئەلچى
ئەۋەتىپ: «ئەگەر دۈشمىنىڭىزنى يېڭىپ، مەملىكىتىنى ئالماق-
چى بولسىڭىز، تىكەنگە ئوخشاش تۆمۈر مىخ ياسىتىڭ، ئەسكەر-
لىرىڭىزنىڭ ھەممىسى بۇ تۆمۈر تىكەنلەرنى ئاتلىرىغا غانجۇغىلاپ
ئالسۇن ـ دە، ئۇرۇش مەيدانىغا كىرگەندە، بۇلارنى دۈشمەن
ئۈستىگە چاچسۇن، ئەمما ئۆز ئاتلىرىڭلارنىڭ ئاياغلىرىغا بۇ تۆ-
مۈر تىكەنلەر زەخىم يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن، مۇناسىپ تاقا ياسى-
تىپ، ئاتلارنى تاقىلاڭلار. ئۇندىن كېيىن دۈشمەنلەرنىڭ كۆزى،
بۇرۇنلىرى ۋە بەدەنلىرىنىڭ يىلىمسىز يەرلىرىگە ئوق ياغدۇرۇڭ-
لار!» دەپ خەۋەر قىلدى. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان ئوغۇز بەكمۇ
خۇشال بولۇپ، بۇ «ئىككى دەريا ئارىسى»نى ئۆزىگە قارارگاھ
قىلدى، كېمىلەر ياساتتى ۋە كېلىشكەن يىگىتلەرنى ئىت -
باراقىنىڭ خوتۇنلىرى قېشىغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئەلچى قىلىپ
ئەۋەتتى. خوتۇنلارنىڭ كۆپ ياردىمىگە ئېرىشكەن بۇ ئەلچىلەر
ئوغۇزغا كېرەكلىك سايمان ۋە ماتېرىياللارنى ئۈزلۈكسىز ئەۋە-
تىپ بەردى. بەزى ئاياللار بۇ ئەركەكلەرنى ياخشى كۆرگەنلىكى
ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن بىللە قايتىپ كېلىشتى. شۇنداق قىلىپ،
بۇ مەملىكەت ئېلىندى. ئوغۇز بۇ يەردە ئون يەتتە يىل تۇرۇپ،
ئۆزىنى ئوڭشاپ ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سالدى. قوراللىرىنى
يېڭىلىدى. بۇ مۇددەتتە بوۋاقلار ـ بالىلار بالاغەتكە يېتىپ،
يىگىتلىك دەۋرىگە كىردى. ئوغۇزنىڭ بىر خوتۇندىن بولغان تۆت
ئوغلىمۇ چوڭ بولدى. بۇ ئارىلىقتا ئوغۇزنىڭ ئەسكەرلىرىدىن
بىرىنىڭ خوتۇنى ھامىلىدار بولۇپ، ئېرى ئۇرۇشتا ئۆلگەنىدى.
ئۇرۇش مەيدانىدا خوتۇنىنىڭ تۇغۇت ۋاقتى يېقىنلىشىپ، قىستى-

لىپ قالغاچقا، يېقىن ئەتراپتىكى ئىچى كاۋاك بىر دەرەخنىڭ ئىچىگە كىرىپ تۇغۇۋالدى. بالىنى ئوغۇزنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، ئەھۋالنى بايان قىلىۋىدى، ئوغۇز ئۇنى «قىپچاق» دەپ ئاتىدى [قىپچاق - قابۇق (كاۋاك) سۆزىدىن چىققان بولۇپ، تۈركىي تىلىدا ئىچى چىرىپ، پورلاشقان دەرەخ شۇنداق دېيىلىدۇ. باشقا تۈركىي قوۋملارنىڭ پىكرىچە، پۈتۈن قىپچاق قەبىلىلىرى بۇنىڭ نەسلىدىن بولغانىكەن]. ئوغۇز قىلباراقنى ئالغاندىن كېيىن، ھەممە كىشى ياسا ۋە تەرتىپ بىلەن ئىدارە قىلىندى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ مەملىكەتنىڭ چېگرىسىغا خېلى يېقىن بولغان «قاراڭغۇلۇق مەملىكىتى»①گە يۈرۈش قىلدى.

## ئوغۇزنىڭ قاراڭغۇلۇق مەملىكىتىگە يۈرۈش قىلىشى ۋە ئۇ جايلارنىڭ ئەھۋالى

ئوغۇز قارا - خۇلۇن چېگرىسىغا، يەنى قاراڭغۇلۇق مەملىكىتىگە يېتىپ بارغاندا، قاراڭغۇلۇق سەۋەبىدىن دېگەن يېرىگە يېتىپ بېرىش مۇمكىن بولمىدى. ئوغۇز يېقىنلىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى. قارا - سۇلۇك مۇشكۈل ئىشلارنى ھەل قىلىپ، يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، قىيىن ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. دادىسى يۇشى خوجا: «تايچىقى بار تۆت بايتال بىلەن، تەخىيى بار توققۇز مادا تېپىڭلار - دە، ئۇلارنىڭ تاي - تەخەيلىرىنى ئانىلىرىدىن ئايرىپ قاراڭغۇلۇق مەملىكىتىگە كىرىدىغان يەرگە باغلاپ قويۇڭلار. ئۇلارنىڭ ئانىلىرىنى ئادەملەر مىنىپ قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىگە كىرسۇن، خالىغان يەرلىرىگە بارسۇن، كېيىن قايتىدىغان ۋاقتىدا بايتاللار بىلەن مادىلار بالى-

① قاراڭغۇلۇق مەملىكىتى — سىبىرىيىنىڭ شىمالى.

ـلىرىنىڭ ھىدىنى پۇراپ يولدىن ئاداشماي، ئۇستىدىكى ئادەملەر-
نى قايتۇرۇپ كېلىدۇ» دېدى. قارا ـ سۇلۇك ئاتىنىڭ بۇ چارىسى-
نى ئوغۇزغا دېۋىدى، ئۇ ماقۇل كۆردى. ئۇنىڭ ئېيتقىنى بويى-
چە، قاراڭغۇلۇقتا كىرىپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يول مېڭىشتى.
بىر ۋاقىتتا ئوڭدىن، سولدىن ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.
بارغانلاردىن كۆپچىلىكى ھېچقانداق نەرسە ئالالمىغان، بەزىلىرى
ئاز، بەزىلىرى كۆپ نەرسىلەر ئېلىۋالغانىدى. بايتاللارنىڭ ياردى-
مى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىققاندا قارىسا، ئالغان
نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى گۆھەر ۋە قىممەتلىك تاشلار ئىكەن، ئاز
ئالغانلار ۋە ئالمىغانلارنىڭ ھەممىسى پۇشايمان قىلىشتى، ئۇ
يەردىن قىلباراق بىلەن ئاتىل (ئىدىل) ئارىسىدا تۇتۇنسىز (ئا-
دەمزات يوق) بىر چۆل مەملىكەتكە قاراپ سەپەر قىلدى. ئۇلار
بىلەن ئۇرۇشۇپ، ھۆكۈمدارى ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ مەملىكەتنىمۇ
ئېلىپ، تەرتىپكە سېلىش، باج ـ خىراجلىرىنى بەلگىلەش،
مەمۇري ئەمەلدارلارنى تەيىنلەش ئىشلىرى بىلەن بۇ يەردە ئۈچ
يىل تۇرۇپ قالدى. كېيىن بۇ يەردىن خەزەر (كاسپىي) دەربەنتى
تەرىپىگە كۆچتى، بۇ دەربەنت[①] چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەن ۋاقىتى-
تا، يۇشى خوجا ئوغلى قارا ـ سۇلۇككە «قوشۇنىمىز بىر قېتىم
يېڭىلىپ قالدى، بۇ خەۋەر دوست ـ دۈشمەنلىرىمىزگىمۇ ئاڭلان-
دى. شۇڭا يۈزدەك ئاتلىق ئەسكەرنى يۇرتىمىزغا قايتۇرايلى،
ئۇلار بىزنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىمىز، ئالغان يەرلىرىمىز، قولغ
كەلتۈرگەن غەلىبىلىرىمىزنى يۇرتىمىزغا يەتكۈزسۇن، ئۇرۇق ـ
جەمەت ۋە ئەسكەرلىرىمىز سۆيۈنۈپ خۇشال بولسۇن، دۈشمەنلە
رىمىز خورلانسۇن، چۈشكۈنلىشىپ يۈزى تۆكۈلسۇن، قولىمىزغ
چۈشكەن پۈتۈن ئوزۇق ـ تۈلۈك، خەزىنە ـ بايلىقلارنى يۇرتى
مىزغا ئېلىپ كەتسۇن ـ دە، داڭقىمىز، شۆھرىتىمىز پەلەكك

---

① دەربەنت — گۈرجىستاننىڭ شەرقىي شىمالى، كاسپىي دېڭىزىنىڭ غەربىدىكى بىر ئۆتكەل

يەتسۇن» دېدى. قارا ـ سۈلۈك بۇ تەكلىپنى ئوغۇزغا يەتكۈزدى. ئوغۇز بۇنى ماقۇل كۆرۈپ، قارا ـ سۈلۈككە ئىنئام ۋە مۇكاپاتلار بەردى، ئۆز تونىنى ئۇنىڭغا كىيگۈزدى. بارماقلىق جۇسۇن بې-لىگ قوماندانلىقىدا يۈز نەپەر قاڭلى ئاتلىقلىرىنى بۇ مۇھىم ئىشقا بەلگىلەپ، بارلىق خەزىنە ۋە تەمىناتنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ، ھار-ۋىلار بىلەن يولغا سالدى. ئوغۇز بۇلارغا چېدىر ـ بارگاھ، خەزىنىلەرنى تاپشۇرۇپ، ئۆزى قايتقۇچە بۇلارنى ئوبدان ساقلاشنى بۇيرۇدى. ئوغۇز ۋاقتىدا ئالتۇن ئۈچلۈق ئوق ۋە يا (ھازىرقى زامانىنىڭ يارلىقى ۋە پارولى ئورنىدا) بار ئىدى. ئوغۇز ئۆزىنىڭ ئىككى ئالتۇن ئۈچلۈق ئوق ۋە ياسىنى ئۆز بەلگىسى سۈپىتىدە ئۇلارغا بەردى. قاڭلىلار بارغانلىكى جايلاردا بەلگىلەرنى كۆرسەت-كەن ھامان، يەرلىك خەلق بۇلارنىڭ ئۆزلىرى ۋە ئۇلاغلىرىنى يېمەك ـ ئىچمەك، يەم ـ خەشەك چۆشكۈن بىلەن تەمىنلىدى، تېگىشلىك خىزمەت قىلىپ ھۆرمەتلىدى. بۇلارنى ماڭغۇزۇپ يەت-تە كۈن بولغاندا، ئوغۇز بۇ يەردىن دەربەنتكە قاراپ ماڭدى. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى ئوغرى ۋە يول توسار قاراقچىلار ئىدى. يولۇ-چىلارنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ، پاراكەندە قىلاتتى، ھەتتا ئوغۇز ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ ئاتلىرىنى ئوغرىلاپ ئېلىشقانىدى. ئوغۇز قارا ـ سۈلۈكنى چاقىرىپ: «بىزنى بۇ يەرگە سەن ئېلىپ كەل-دىڭ. بۇ يەر خېلىلا تار ۋە تىك داۋان ئىكەن، ئوغرىلىرىمۇ كۆپ ئىكەن، بىر تەرىپى دېڭىز، يەنە بىر تەرىپى تىك تاغ ئىكەن. ئۇلارغا قارشى قانداق تەدبىر قوللىنىمىز؟» دەپ سورىغانىدى، قارا ـ سۈلۈك ئۇنىڭ ئامالىنى دادىسىدىن سورىدى. يۇشى خوجا: «بۇ جاينى پۈتۈنلەي تالان ـ تاراج قىلىپ، ۋەيران قىلىۋېتەيلى. بۇ يەرنىڭ بىر تەرىپى دېڭىز، بىر تەرىپى تىك تاغ بولغاچقا ھەرىكىتىمىزنى شەھەرگە قارىتايلى، بۇ يەرنىڭ خەلقى ئاجىزلى-شىپ، ئاخىر بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولىدۇ» دېدى. قارا ـ سۈلۈك بۇ مەسلىھەتنى ئوغۇزغا يەتكۈزدى، ئوغۇز ئۇنىڭ ئېيتقىنىنى

قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋىلايىتىنى ھەرتەرەپتىن قورشاپ، تالان
- تاراج قىلدى. ئەتىيازغىچە دەربەنتنى مۇھاسىرە قىلدى. بۇ
ئەھۋالنى كۆرگەن دەربەنت خەلقى چارىسىز قېلىپ، پاراكەندىچى-
لىك ئىچىدە يىغىلىپ كېڭەش قىلدى: «ئوغۇزنىڭ يېقىن ئەتراپ-
تىكى شەھەرلەرنى ئېلىشى تۇرغان گەپ، خېلى كۈچلۈك بولغان
قىلباراقنىڭ بېشىغا كەلگەنلىرىنىمۇ ئاڭلىغانىدۇق» دېيىشتى.
سەككىز ئاي داۋام قىلغان مۇھاسىرىدىن كېيىن ھەممىسى سۇلھى
ئۈچۈن ئوغۇز ھوزۇرىغا كېلىشتى. قىر ئاتلىرىدىن توققۇزنى
تارتۇق قىلىپ ئەل بولۇشتى. ئوغۇز كەلگەنلەرنى كۆرگەندىن
كېيىن: «بىز بۇ يەرگە كەلگىلى شۇنچە ۋاقىت بولدى، نېمە
ئۈچۈن بۇرۇنراق ئالدىمىزغا كەلمەي، بويۇنتاۋلىق قىلىپ ئىس-
يان كۆتۈردۈڭلار!» دەپ سورىغارىندى، ئۇلار: «ئارىمىزدا ئە-
قىللىق ئادەملەرمۇ بولغىنىدەك، ئەقىلسىز ساراڭلارمۇ يوق ئە-
مەس، ھازىرغىچە بۇ ئەقىلسىزلارنىڭ گېپىگە كىرىپ، ھوزۇرلى-
رىڭىزغا كېلەلمىدۇق. خاتا قىلغانلىقىمىزنى بىلدۇق، ھازىر
ئەقىللىق كىشىلەر يول كۆرسىتىپ نەسىھەت قىلدى، ئىشمۇ
ئايدىڭلاشتى. بويسۇنۇشتىن باشقا چارە يوقلۇقىنى بىلدۇق ۋە
قولىڭىز بولغىلى كەلدۇق» دەپ جاۋاب بېرىشتى. «گۇناھىڭلار-
نى تونۇغانىكەنسىلەر، مەنمۇ گۇناھىڭلارنى كەچۈردۈم. ئەمما سى-
لەر تەرەپ ئىككى تايچىقىمنى ئېلىپ قېچىشتى. بۇلاردىن بىرى
ئىراق — قولا بولۇپ، ئاغزاقىقا مايىل ئات ئىدى. يەنە بىرىنىڭ
ئېتى سۈت - ئاق بولۇپ، شىرغىغا ئوخشايدىغان توم ئاق ئات
ئىدى. بۇ ئات بۆرى مېڭىشلىق ھەم چىرايلىق ئىدى. گۇناھىڭلا
ردىن ئۆتتۈم، ئەمما مەن دېگەن بۇ ئىككى ئاتنى قايتۇرۇپ
بەرمىسەڭلار، ھېچبىرىڭلارنى ساق قويمايمەن» دېدى ئوغۇز بۇي-
رۇق بېرىپ.

بۇلار ئېلىپ قاچقان ئاتلارنىڭ ھەممىسىنى تاپتى. لېكىن
ھېلىقى ئىككى ئاتنى ھېچ قەيەردىن تاپالمىدى. ئوغۇز بۇ ئىككى

ئاتنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن چىڭ تۇرۇۋالدى. ئۇلار مۆھلەت سورىدى. ئوغۇز بۇ يەردە يەنە بىر ئاي تۇرۇپ قالدى. بۇ يۇرتنىڭ ھەممە يېرىگە ئاتلارنى ئىزدەپ ئادەم ئەۋەتىشتى. ئاخىر ئاتلار تېپىلىپ، ئوغۇزنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىنگەندە ئۇ تولىمۇ خۇشال بولدى. كەلگەنلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كۆڭۈللىرىنى ئالدى، خەلقنى قوغداش ۋە باج - خىراج يىغىش ئۈچۈن بىر مەمۇرىي ئەمەلدار تەيىنلەپ، شىرۋان[1]ۋە شاماھىگە[2] قاراپ يولغا چىقتى.

## ئوغۇزنىڭ شىرۋان ۋە شاماھىغا ئەلچىلەر ئەۋەتكىنى

ئوغۇز دەربەنت ۋىلايىتىدىكى ئىشلىرىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، شىرۋان ۋە شاماھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ مۇنۇلارنى خەۋەر قىلدى: «بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلىغانسىلەر، قەدىمىمىز يەتكەنلا مەملىكەتلەر بىز قانداق بۇيرۇق بەرسەك، شۇنداق ئورۇندىدى. يولىمىزدا بىز ئالمىغان بىر مەملىكەت، بويسۇنمىغان بىر ھۆكۈمدار قالمىدى. ئەگەر سىلەر ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن بىزگە ئەل بولساڭلار، جاۋاب بېرىپ قۇللۇق كۆرسىتىڭلار. مۇبادا بويۇن تولغاپ قارشىلىق قىلماقچى بولساڭلار، ئۇرۇشقا تەييارلىنىڭلار. بىز ئەلچىلىرىمىزنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتىمىز.»

ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان، ئوغۇز ئەلچىلىرىگە تېگىشلىك ھۆرمەت كۆرسەتتى، ئىتائەت ۋە قۇللۇق يولىنى تۇتۇپ، توققۇز قىرئېتى تارتۇق قىلىپ ئالدىغا ئەۋەتتى، ئۆزلىرى بولسا شەھەر تېشىغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئوغۇزنى كۆرۈش بىلەنلا، زۆرۈر بولغان قۇللۇق شەرتلىرىنى ئادا قىلىشتى، ئوغۇز

---

① شىرۋان — ئىران ئەزەربەيجانى شەھەرلىرىدىن بىرى.

② شاماھى — ئىران شەھەرلىرى.

شاماھىغا بارغۇچىلىك، شۇ يەردە ئۇزۇن تۇت كۈن تۇردى. ئەن
شۇ كۈنلەردە شابەران[1] ئاھالىسىمۇ باج - خىراج ئەكىلىپ خەزى
ىنگە تاپشۇردى. ئەمما شاماھى ئاھالىسى باج - خىراج بېرىشتىن
باش تارتىپ، يېڭىدىن دۈشمەنلىكىش يولىنى تۇتۇپ قارشىلىق
كۆرسەتتى. ئوغۇز ھەر بىر ئادىمىگە بىر قۇچاق ئوتۇن ئېلىپ
كېلىپ، شاماھى دەرۋازىسىنىڭ ئەتراپىغا دۆۋىلەشنى بۇيرۇدى.
بارلىق ئەسكەرلەر بېرىپ، ھەر بىرى بىر قۇچاقتىن ئوتۇن يې
غىپ كەلدى ۋە ئوت قويدى، دەرۋازا ۋە سېپىللار دەھشەتلىك
يانغىن ئىچىدە قالدى. جەڭ بىلەن شەھەرنى ئالدى ۋە تالان -
تاراج قىلدى. بۇ بۇلاڭ - تالاڭدا شاماھىلىقلارنىڭ خوتۇن -
بالىلىرىنىمۇ ئەسىر ئېلىپ كېتىشتى. شاماھىلىقلار قىلمىشلى
رىدىن پۇشايمان قىلىپ، يۇرت ئاقساقاللىرى بىلەن شەھەر ئالدى
دىكى ئوغۇز ئالدىغا چىقىپ كەچۈرۈم سورىغانىدى، ئوغۇز ئۇلار
نىڭ ئامالسىز قالغانلىقىنى كۆرۈپ رەھىم قىلدى، باج - خىراج
لىرىنى تۆلەپ، ھەرگىز دۈشمەنلىك ۋە بويۇنتاۋلىق قىلماسلىق
ھەققىدە ۋەدە ئېلىپ، خوتۇن - بالىلىرىنى قايتۇرۇپ بەردى.
مەمۇرىي ئەمەلدار تەيىنلىدى ۋە ئۇ يەردىن ھەرران[2] ھەم مۇگان[3]
تەرەپلەرگە راۋان بولدى.

## ئوغۇزنىڭ ھەرران ۋە مۇگان تەرەپلەردىكى ھەرىكەتلىرى

ئوغۇز شىرۋان تەرەپلەردىن يولغا چىقىپ ھەرران ۋە مۇگانغ
كەلگىنىدە، ياز مەۋسۇمى بولۇپ قالغانىدى. بۇ يەردە ھاۋا بەك
ئىسسىق بولۇپ تۇرۇش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن: «تاغ - يايلاق

① شابەران — شەھەر ئىسمى.
② ھەرران — ئەزەربەيجان شەھەرلىرىدىن بىرى.
③ مۇگان — موغان — ئەزەربەيجان شەھەرلىرىنىڭ بىرى.

لارنى تېپىپ چىقىپ كېتەيلى، قىش بولغاندا قايتىپ كېلىپ بۇ يەرنى تالان ـ تاراج قىلىمىز» دېدى. ياز بويى بۇ جايلارنىڭ پۈتۈن يايلاق ۋە تاغ رايونلىرىنى، يەنى سەبەلان①تاغلىرىدىن ئالا-تاغ②، ئاغدىبۆرى③تاغلىرىغىچە پۈتۈنلەي ئىشغال قىلدى [رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، «سەبەلان» (ئوتتۇرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇر-غان) دېگەن نامنى بۇلار قويغانىكەن]. يايلاقتىكى ۋاقىتلىرىدا بۇ تەرەپتىكى بارلىق مەملىكەتلەرنى بېسىۋالغانىدى. ئەزەربەيجان ۋىلايىتىنىمۇ ئىشغال قىلدى. ئۆزلىرىنىڭ مەخسۇس ئاتلىرىنى يايلاقلىرى كەڭ ۋە گۈزەل ئۇجان④دالاسىنىڭ ئېتەكلىرىدە باق-تى، شۇ يەردە ياشاۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇز ھەممە ئادەم-لىرىنى يىغىپ: «بىرەر ئېتەكتىن توپا ئېلىپ كېلىپ، بىر يەرگە دۆۋە قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. ئالدى بىلەن ئۆزى بىر ئېتەك توپا ئېلىپ كېلىپ تۆكتى. ئەسكەرلەرمۇ بىر ئېتەكتىن توپا ئېلىپ كېلىپ تۆكۈشتى. شۇنداق قىلىپ، زور بىر دۆۋە ھاسىل بولدى. بۇ دۆۋىگە «ئازەربايىنان» دەپ ئىسىم قويۇشتى. ( «ئازەر» تۈركچىدە «يۈكسەك» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «بايىنان» «بايلارنىڭ، ئۇلۇغلارنىڭ يېرى» دېگەن مەنىدە، بۇ مەملىكەت مۇشۇ شەكىلدە شۇ نام بىلەن مەشھۇر بولدى: ھازىر ئەزەربەيجان دېيىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ) . شۇ يازلىقى ئوغۇز ئالاتاغدا يايلى-دى. ئۇ يەردىن باغدات، گۈرجىستان، دىياربەكىر ۋە راققا تەرەپلەرگە ئەلچىلەر ئارقىلىق خەۋەر ئەۋەتتى. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ قانداق جاۋاب بېرىدىغانلىقلىرىدىن خەۋەردار بولۇشنى تەلەپ قىل-دى. ئەگەر باش ئېگىپ، ئەل بولۇپ، باج ـ خىراجلىرىنى ھەر يىلى ئۈزۈلدۈرمەي خەزىنىمىزگە ئەۋەتىپ بېرىدىغان بولسا، ناھا-

---

① سەبەلان — ئىراندىكى بىر تاغ.
② ئالاتاغ — ئىراندىكى بىر تاغ.
③ ئاغدىبۆرى — ئىراندىكى بىر تاغ
④ ئۇجان دالاسى — ئەزەربەيجاندىكى بىر دالا (يايلاق) نىڭ ئىسمى.

يىتى ياخشى، ئۈستىگە ئەسكەر ئەۋەتىلمەكچى؛ ئەگەر ئوغۇزنى
تەلىپىگە مۇۋاپىق جاۋاب بېرىلمىسە، بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئۇ
تىگە يۈرۈش قىلماقچى بولغانىدى. ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەندىن ك
يىن، ئۆزى قىشتا ھەرران ۋە مۇگان تەرەپلىرىگە كەلدى. كۇر
ۋە ئاراس دەريالىرى ئارىلىقىنى يۇرت ۋە قارارگاھ قىلىپ
قىشنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى. بۇ مەملىكەتنىڭ پۈتۈن خەلقى ئ
بولدى. ئىتائەت قىلمىغانلارنىڭ ھەممىسى تالان - تاراج قىلى
دى.

باھار كېلىشى بىلەن تۈرلۈك مەملىكەتلەرنىڭ ھۆكۈمدار
سۇلتانلىرىغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر قايتىپ كېلىشتى. دىياربەك
ۋە باغدات تەرەپكە بارغانلار بۇ جايلاردىكى ھۆكۈمدار ۋە ئۇلۇغلار
نىڭ، «ئاۋۋال ئوغۇز ئۆزى كەلسۇن، ئۇرۇشىمىزمۇ ياكى بويسۇ
نىمىزمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇچۇر بېرىمىز» دېگەن جاۋابلىرىنى ئېلى
كەلدى. ئۇلار ئوغۇز نۇرغۇن قىيىنچىلىق تۇپەيلىدىن ئارقىسى
قايتتى دەپ ئويلاپ قېلىشقانىدى. گۇرجىستانغا بېرىپ قايتقا
ئەلچىلەر: «بىز ئۇرۇشقا تەييار، جەڭ قىلىمىز!» دېگەن جاۋاب
نى ئېلىپ كەلدى. ئوغۇز ئالدى بىلەن گرۇزىنلارغا ئادەم ئەۋ
تىپ: «سىلەرگە بارىمەن، ھەممىڭلار ئويغاق ۋە خەۋەردار بولۇڭ
لار! يەنە كېيىن ئوغۇز تۇيۇقسىز، غەپلەتتە تۇرغان ۋاقتىمىز
ئۈشتۈمتۈت ئۈستىمىزگە باستۇرۇپ كەلدى، دەپ قالماڭلار
ئۇرۇش قىلىدىغان جەڭ مەيدانىنى ئۆزۈڭلار تەيىن قىلىڭلار ۋ
ھازىر تۇرۇڭلار! بىز يېتىپ بارىمىز» دەپ خەۋەر قىلغۇزدى
باھار كەلدى، ئوغۇز ئاتلارنى سەمرىتىپ، گۇرجىستانغا يۈرۈش
قىلدى. گۇرجىستانغا ئاز قالغاندا، گرۇزىنلار ئۈچ - تۆت كۈ
لۈك جايغىچە ئالدىغا كېلىپ جەڭگە تەييارلىنىپ تۇردى. سە
تۇزۇپ تۇرماستىنلا ئۇرۇشنى باشلىۋەتتى. ئوغۇز قوشۇنلىر
غەلىبە قىلدى، ئىككى كېچە - كۈندۈز ئۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارن

① كۇردىستان — تۈركىيىدىكى ۋان كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كۇردلار رايونى.

چېكىندۇردى. گىرۇزىنلار يەنە بىر قېتىم يىغىلىپ ئۇرۇشقا ئۇ-
رۇنۇپ بېقىپمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي قاچتى. گىرۇزىن چوڭلىرى
ئوغۇز قوشۇنلىرىغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەچ، ئو-
غۇز ھۇزۇرىغا كېلىپ ئەل بولۇشتى، ئەتراپتىكى جايلارغا خەت
ۋە پەرمانلار ئەۋەتىپ، قورقۇپ، تارقىلىپ كەتكەن ئاھالىنىڭ
يىغىلىشىنى ئۇقتۇردى ۋە باج ـ خىراج بېرىشكە ماقۇل بولۇش-
تى. ئوغۇز بىر يېرىم ئاي گۇرجىستاندا تۇرۇپ، كۈز پەسلىدە
ئالاتاغقا چىقتى، ئالاتاغدا تۇرغان بىر قانچە كۈن ئىچىدە گىرۇزىن-
لارنىڭ باج ـ خىراج بەرمەي، ئوغۇز ئەمەلدارلىرىنى مەملىكەت-
لىرىدىن قوغلاپ توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىك خەۋەر يېتىپ كەلدى.
بۇنى ئاڭلىغان ئوغۇز ئالتە ئوغلىنى چاقىرىپ: «مەن بۇ خەلقنى
سىنىدىم، كۆردۈم، ئۇلارنىڭ نېمىلىكىنى ياخشى بىلدىم. ئۇلار
بىر قېتىملىق ھۇجۇمغا چىدىيالمايدۇ. شۇڭا، زور قوشۇن ئەۋە-
تىشىنىڭ ۋە مېنىڭ بېرىشىمنىڭ ھاجىتى يوق» دېدى. ئوغۇللىرى-
نىڭ ھەر بىرىگە ئىككى يۈزدىن نۆكەر بېرىپ، ئۇرۇشقا ئەۋەت-
تى. ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى گىرۇزىنلارنى يېڭىپ، ئۇلارنى تالان
ـ تاراج قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن دادىسىدىن ئەلچى كېلىپ،
پۈتۈن ئەسكەرلەرنىڭ تەمىنات ۋە كىيىم- كېچەكلىرىنى بۇ يازدا
گىرۇزىنلاردىن يىغىش كېرەكلىكىنى بۇيرۇق قىلدى. بۇ خەۋەر
يېتىپ كېلىشى بىلەنلا، ئۇلار بۇلاڭ ـ تالاڭنى كۈچەيتتى،
ھېسابسىز تەمىنات توپلاپ دادىسىغا ئەۋەتتى. مەخسۇس ئەمەلدار-
لارنى تەيىنلەپ، باج ـ خىراجنىڭ سانىنى بەلگىلەپ، ئالاتاغقا
يېنىشتى. ئۇلارنىڭ جەڭنى ياخشى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئوغۇز
ئوغۇللىرىنى تەقدىرلىدى ۋە: «ھايات ۋاقتىمدا قىلغان ئۇلۇغ
ھەم پايدىلىق ئىشىڭلار، شۆھرەت قازانغانلىقىڭلار، مەن ئۆلگەن-
دىن كېيىنمۇ ئورنۇمنى ئىگىلەشكە لايىق ئىكەنلىكىڭلارنى كۆر-
سەتتى» دېدى. كېيىن ئەلچى ئەۋەتىپ، پۈتۈن قىشلاقلاردىكى
ئەسكەرلەرنى يىغىلىشقا ۋە كۇردىستانغا قاراپ يۈرۈش قىلىشقا
ئەمر قىلدى.

## ئوغۇزنىڭ كۇردىستان يولى بىلەن دىياربەكىر ۋە شامانغا يۈرۈش قىلىشى

ئوغۇز ئەسكەرلىرىنى توپلىغاندىن كېيىن، كۇردىستانغا قاراپ يولغا چىقتى ۋە ئۈچ يىل كۇردىستان تاغلىرىدا يۈردى، بۇ تاغلارنى بۇزغۇنچىلاردىن تازىلاپ، ئۇلارنىڭ بار-يوقىنى تالان-تاراج قىلدى. شەھەر ۋە سەھرالاردىكى مەملىكەت ئاھالىسىنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ، باج - خىراج تەيىن قىلدى. ئۇ يەردىن مېڭىپ دىياربەكىر تەرەپلىرىگە كەلدى ۋە ئەربىل[1]، مۇسۇل[2]، باغداتنىڭ چوڭلىرى ئوغۇزنىڭ ھوزۇرىغا مۇناسىپ سوۋغات - ھەدىيىلەر بىلەن كېلىپ ئەل بولۇشتى. ئوغۇز بۇ قىشنى دىجلە[3] دەرياسى بويىدا ئۆتكۈزدى، باھار كېلىشى بىلەن شامغا راۋان بولدى ۋە ئالتە ئوغلىنى مانقالا (ئالدىنقى قىسىم) قىلىپ ئالدىن ماڭغۇزدى؛ ئۆزى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئوغۇللىرى ئىراققا كەلگەندە شەھەرنىڭ كاتتىلىرى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىشتى، ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى بۇلارنى ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان دادىسىنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتتى. ئوغۇز ئۇلارنى كۆرۈپ ياخشى مۇئامىلە قىلدى ۋە كۆڭۈللىرىنى ئالدى. بىر نەپەر ئەمەلدار تەيىنلەپ شەھەرلىرىگە ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، شامنىڭ نىرد-قى تەرەپلىرىدىكى خەلق ئوغۇز بارغان ھامان پۈتۈنلەي ئۆز خاھىشى بىلەن ئەل بولۇشتى. يالغۇز تۈركلەر «باتاق شەھەر» دەپ ئاتايدىغان ۋە ئۈچ يۈز ئالتە دەرۋازىسى بار ئانتىيوكىيە شەھىرىلا ئۆزىگە ئىشىنىپ قارشى چىقتى. بىر يىل ئۇرۇش بولۇپ، ئاخىر

---

① ئەربىل — ئىراقتىكى بىر يەر.

② مۇسۇل — ئىراق شەھەرلىرىدىن بىرى.

③ دىجلە — تىگرىس دەرياسى.

شەھەر ئېلىندى، ئوغۇز شەھەرگە كىردى ۋە بىر ئالتۇن تەخت
ياسىتىپ ئۇستىدە ئولتۇردى، يېنىدىكى توقسان مىڭ ئەسكەرنىڭ
ھەممىسىنى خوتۇن - بالىلىرى بىلەن بىرلىكتە شەھەرگە ئەكى-
رىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئۇندىن كېيىن دەمەشىق ۋە مىسىرغا
بارىدىغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر يەتكۈزۈش ئۇچۇن ئەلچى ئەۋەتتى.
ھەر بىر ئەلچىگە يۈزدەك ئادەم قوشتى. بۇندىن كېيىن، ئوغۇز
ئۆز قوشۇنىنىڭ ھەر مىڭىدىن يۈز كىشىنى ئايرىپ، بۇلارنى ئالتە
ئوغلىغا قوشۇپ تەكفۇر (ھازىر تەكۇۋر[1] دېيىلىدۇ) خانغا ئەۋەت-
تى. ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى ئۇ يەرگە يېقىنلاشقاندا، تەكۇۋرخان
ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىلىش ئۇچۇن ئەلچى
ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە ئەلچىگە چېقىلمايتتى. ئو-
غۇزنىڭ ئوغۇللىرى تەكۇۋردىن كەلگەن ئەلچىلەرنى قوبۇل قى-
لىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇلار بىلەن سۆزلەشتى، ئەلچىلەر قايتىدىغان
ۋاقتىدا ئۆز ئەلچىلىرىنى قوشۇپ بىرلىكتە تەكۇۋرغا ماڭغۇزدى
ۋە: «دادىمىز ئوغۇز بىزنى ئالدىنقى قىسىم قىلىپ توققۇزمىڭ
ئەسكەر بىلەن ماڭغۇزدى. ئۆزى چوڭ قوشۇن بىلەن كېلىۋاتى-
دۇ. ئەگەر ئەل بولۇپ، باج - خىراج بېرىشنى قوبۇل كۆرۈپ،
ھەر يىلى خەزىنىگە ئەۋەتىپ تۇرساڭلار ھۇجۇم قىلمايمىز؛ جەڭ
قىلىشنى خالىساڭلار لايىق جاي تاللاڭلار، شۇ يەرگە كېلىپ
ئورۇنشايلى» دەپ خەۋەر قىلدى. بۇ ئالتە ئوغۇلنىڭ ئەڭ چوڭى-
نىڭ ئىسمى كۈن، يەنى ئاپتاپ، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى ئاي،
يەنى ماھ، ئۇچىنچىسىنىڭ ئىسمى يۇلتۇز، يەنى ستارە، تۆتىن-
چىسىنىڭ ئىسمى كۆك، يەنى ئاسمان، بەشىنچىسىنىڭ ئىسمى
تاغ، يەنى كوھ ۋە ئالتىنچىسىنىڭ ئىسمى دېڭىز، يەنى دەريا
ئىدى. بۇ ئوغۇللارنىڭ ئەلچىلىرى تەكۇۋرنىڭ يېنىغا بارغاندا،
تەكۇۋر: «ئەتە پالان جايدا ئورۇنشايلى» دەپ جاۋاب بەردى.

[1] تەكۇۋر — سۇرىيە ۋە پەلەستىن دائىرىسىدىكى بىر بەگلىكنىڭ بېگى.

ئەتىسى شۇ يەرگە كېلىپ ئۇرۇشتى. تەكۋۇرنىڭ نۇرغۇن ئەسكە-
رى چىقىم بولۇپ يېڭىلدى. ئوغۇز ئەسكەرلىرى ئۆز دۈشمەنلە-
رىنى ئىككى كېچە - كۈندۈز قوغلاپ، تەكۋۇرنىڭ شەھىرى ۋە
مەملىكىتىگە قەدەر كەلدى. شەھەر ئالدىغا كەلگەندە، ئاھالىسى
تەكۋۇرنى تۇتۇپ تاپشۇردى. بۇلار تەكۋۇرنى يەتمىش كىشى بىلەن
قوشۇپ، ئانتىيوكىيىگە — ئوغۇز ئاتىنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتتى.
پايتەخت ۋە پۈتۈن مەملىكەت بويسۇندى، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنمى-
دى، خەلقنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە يول قويمىدى. ئوغۇزنىڭ ئوغۇل-
لىرى شەھەرنىڭ سىرتىغا چۈشۈپ، شۇ يەردە بارگاھ قۇرۇشتى
ۋە دادىسى ئوغۇزغا ئەلچىلەر ئارقىلىق: «ئەگەر تەكۋۇرنى ئۆلتۈ-
رۈش نىيىتىدە بولسىڭىز، بىزگە بۇيرۇق بېرىڭ، مەملىكەتنى
بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، مال ۋە خەزىنە ئەۋەتەيلى، بۇنىڭغا دائىر
بىر ئىشارەت بېرىڭ، ئۆزىمىز بىلىمىز. مۇبادا ئىلتىپات قىلىپ
گۇناھى ۋە قىينىدىن كەچسىڭىز، ئۇنى ئۆز مەملىكىتىگە قايتۇ-
رۇڭ، ھۆكۈمدارلىقىنى ئۆز قولىغا بېرىشنى خالىسىڭىز، مال
ۋە خەزىنە باجلىرىنى تەيىن قىلىپ ياندۇرۇۋېتىڭ، شۇ يول بىلەن
خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئالىمىز، ئۇلار بىزگە قۇللۇق قىلىدۇ» دەپ
مەلۇم قىلىشتى. ئەلچىلەر تەكۋۇرنى ئوغۇزنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ
كەلگەندە، ئوغۇز ئۇنىڭدىن ئۇرۇشنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلغانلى-
قىنى، ئوغۇللىرى بىلەن ئارىدا قانداق ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەنلى-
كىنى سورىغاندى، تەكۋۇر ئۇرۇشنىڭ باشتىن - ئاياغ تەپسىلا-
تى، تەكغۇر قوشۇنىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى، ئوغۇز ئوغۇللىرىنىڭ
ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن پايتەختكىچە قوغلاپ بارغانلىقىنى، پاي-
تەختتىكىلەر كېڭىشىپ ئۆزىنى تۇتۇپ ئۇلارغا تاپشۇرغانلىقىنى
راستى بىلەن تولۇق سۆزلەپ بەردى. تەكۋۇر سۆزىنى تۈگەتكەن-
دە، ئوغۇز تەكۋۇردىن ئوغۇللىرىنىڭ مەملىكەتنى بۇلاڭ - تالاڭ
قىلغان - قىلمىغانلىقىنى سورىغاندى، تەكۋۇر ئۇلارنىڭ بۇلاڭ
- تالاڭ قىلمىغانلىقىنى، شەھەر سىرتىدا دالاغا چۈشكەنلىكىنى

سۆزلەپ بەردى. ئوغۇز ئوغۇللىرىغا شەھەرلەرنى تالان ـ تاراج قىلماسلىق توغرىسىدا پات ـ پات نەسىھەت ۋە تەربىيە بېرەتتى. شۇڭا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدى. قوللىرىنى كۆك-سىگە قويۇپ ئاسمانغا قارىدى ـ دە، باللىرىنىڭ ئۆز سۆزىنى ئاڭلاپ ئەمەل قىلغانلىقىغا، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىگە، كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئەل سوراشقا ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىگە شۈكرىلەر قىلدى. ئوغۇز خۇشاللىقىدىن تەكۇۋۇرغا: «مۇندىن ئىلگىرى ماڭا بويسۇنغىلى ئۇنىماي قارشى چىقىپ، نۇرغۇن ئىش-لارنى قىلدىڭلار، ھەتتا ئۇرۇشتۇڭلار، شۇنچىۋالا يامان ئىشلارنى قىلغان بولساڭلارمۇ گۇناھىڭلاردىن ئۆتتۇم. سىنى ئۆز مەملىكە-تىڭنىڭ باشلىقى قىلىپ، سەلتەنىتىڭنى بېرىمەن، بۇندىن كې-يىن ھەقىقى ئىتائەت قىلىپ، دوستانە ئۆتكىن، مەن بارىيەرگە ھەر يىلى باج ـ خىراج ئەۋەتكىن!» دەپ خىتاب قىلدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان تەكۇۋۇر يەرگە باش قويدى، قۇللۇق شەرتلىرى بىلەن دۇئانى ئورۇنداپ: «بارلىق ئۆلكىلەر ۋە مەملىكەتلەر سې-نىڭ ئەمرىڭدە ۋە ھاكىمىيىتىڭ ئاستىدا ماڭا ئوخشاش ۋە مەندىن ياخشى نۇرغۇن كىشىلەرمۇ ساڭا بويسۇندى. ماڭا ئوخشاشلارنىڭ سىنىڭ ئەمرىڭگە قارشى چىققۇدەك قۇدرىتى يوق، ھەر قانداق بۇيرۇق بەرسەڭ ئىتائەت قىلىمەن، بويۇن ئېگىمەن. ئوغۇز! ئەگەر مەرھەمەت قىلىپ گۇناھىمدىن ئۆتسەڭ، قۇللۇق چەمبىرى-كى ئىچىگە كىرىمەن. ھەر يىلى مال ۋە خەزىنە ئەۋەتىمەن، ئاستانەڭدىكى قۇللۇق جەھەتىدە، ئىنشائاللا، ھېچقانداق كەمچى-لىك ئۆتكۈزمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

ئوغۇز بۇ ھەقتە گەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، تەكۇۋۇردىن رۇم ۋە پەرەڭ مەملىكەتلىرىنىڭ ۋەزىيىتىنى، ياشاۋاتقان يەرلە-رىنى، بۇ جايلارغا ئەسكەر ئەۋەتىشكە توغرا كەلسە، ئۇ يەرلەرنى قانداق ئېلىش كېرەكلىكىنى سورىدى. تەكۇۋۇر مۇنداق دېدى: «پەرەڭ مەملىكىتىنى ئېلىشنىڭ يولى مۇنداق، بۇ يەردىن بىر-

نەچچە سۆزمەن كىشىلەرنى تاللاپ سوۋغا ـ سالام، كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن ئەلچىلەر ئەۋەتكىن، ئۇلار پەرەڭ ئۇلۇغلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئالسۇن، ئۇلارغا تون كىيدۈرسۇن ۋە باج ـ خىراج بېرىش ھەققىدە سۆزلەسۇن. مەنمۇ ئۇلارغا يوشۇرۇن خەت يېزىپ ئۆز ئەلچىمنى ئەۋەتەي. بۇلارنىڭ كۆچى كۆپ، كونچىقىشتىن تاكى مۇشۇ جايلارغا قەدەر ھەممە يەرلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ھېچكىم ئۇلارغا قارشى چىقالمايدۇ، ياخشىسى ئۇرۇشماستىن، قان تۆكمەستىن، مەملىكەتنىڭ خاراب بولۇشىغا سەۋەب بولماس-تىن، ئىتائەت قىلغىن! باج ـ خىراج سانىنى توختىتىپ، ھەر يىلى ئۆز ۋاقتىدا ئەۋەتىپ بەرگىن، ئوغۇز بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ باج ـ خىراجنى قوبۇل قىلىدۇ، دەپ يازاي. ئۇ يەرلەرگە ئەسكەر ئەۋەتىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەمما رۇم مەملىكىتىنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ قىشلاقلىرى دېڭىزغا يېقىن بولۇپ، ناھايىتى ئىسسىق بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار قىشلاقتىن ۋاقتى كەلگەندە يەنە يايلاققا چىقىدۇ. يايلاققا چىقىشتىن بۇرۇن ئەسكەر ئەۋەتىپ ياي-لاقلىرىنى ئىشغال قىلىش ۋە قىشلاقلىرىدىن چىقىشقا يول بەر-مەسلىك لازىم. قىشلاقلاردا ئىسسىقتىن ۋە بۆرگە دەستىدىن ئۆلتۈرۈش مۇمكىن بولمىغاندا، قىستىلىپ، ئاخىر ئەل بولۇشقا ماقۇل بولۇشىدۇ.» . ئوغۇز تەكۈرنىڭ بۇ پىكرىنى توغرا تاپ-تى. شۇڭا، ئۇنى ئۆز ئېلىگە ـ پادىشاھلىق مەركىزىگە قايتۇر-دى. ئۆز ئوغۇللىرىغا تەكۈرنى بىللە كەلگەن ئەلچىلەر بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىپ، پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ قايتىپ كېلىش ئۈچۈن، ئەللىكتىن ئوشۇق ئاتلىق ئەسكەر قوشتى. شۇنداق قىلىپ، ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرىمۇ دادىسىنىڭ ھۇزۇرىغا قايتىپ كەلدى. تەكۈر ئوغۇزغا كۆپ خەزىنىلەر ئەۋەتتى. ئۆزى پايتەختىدە تۇرۇپ قۇللۇق كەمىرىنى بېلىگە باغلىدى. تەكۈر-نىڭ مەملىكىتى شۇ ھالدا ئوغۇزنىڭ ئىدارىسى ئاستىغا كىرگەن-

ـدىن كېيىن، پەرەڭ① ۋە رۇم② دىيارىغا قارشى يۈرۈش قىلىندى.

## ئوغۇزنىڭ ئۆز ئوغۇللىرىنى قوشۇنلىرى بىلەن رۇم ۋە پەرەڭ تەرەپلەرگە ئەۋەتكەنلىكى

تەكۇۋر ئەل بولۇپ، ئوغۇزغا پەرەڭ ۋە رۇم ئەللىرىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئوغۇز ئۈچ ئوغلىنى، يەنى كۈن، يۇلتۇز ۋە دېڭىزنى توققۇزمىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن رۇم تەرەپكە ئەۋەتتى، قالغان ئۈچ ئوغلى — ئاي، كۆك ۋە تاغنى باشقا توققۇزمىڭ كىشى بىلەن پەرەڭ دىيارىغا ئەۋەتتى. ئۇلارغا دېڭىز بويىدا بىر يەرنى قارارگاھ قىلىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئەلچىلەرنى بەلگىلەپ، ئۇلارنى كېمە بىلەن پەرەڭلەرگە ئەۋەتىشنى ئەمر قىلدى. تەكۇۋر بۇلارغا ئىتتىپاقداش بولۇپ، ئىتائەت كەمىرنى باغلىغانلىقى ئۈچۈن، ئوغۇزنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، دېڭىز بويىدىن ئەپلىك بىر يەرنى قارارگاھ قىلىشقا كۆرسىتىپ بەردى؛ ئۇلارغا زۆرۈر بولغان تەمىناتلارنى تەييارلىدى؛ ئەلچىلەرنىمۇ پەرەڭ تەرەپكە ئەۋەتتى. ئەلچىلەر ئۇ يەرگە بارغاندا، ئوغۇزنىڭ تونلىرىنى يۇرت چوڭلىرىغا كىيگۈزدى. تەكۇۋرخان ئۆز ئەلچىسىنى بۇرۇنراق ئەۋەتىپ، ئۇلارغا ئەھۋالنى خەۋەر قىلىپ، ئوغۇزنىڭ سۆزلىرىگە ماقۇل بولۇپ، ئىتائەت قىلىشلىرى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەنىدى. ئۇلارمۇ قارشى چىقماي، شۇنداق قىلدى ۋە بويسۇندى. بۇلارغا ئۆز لايىقىدا سوۋغا - سالاملار ئەۋەتتى. ئۇلار ئوغۇز ئوغۇللىرىنى كۆرۈپ بارمەسلىھەت ئىش قىلدى. مال - خەزىنە، سوۋغاتلىرىنى ئۇلارغا تەقدىم قىلماقچى بولغانىدى، ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى قوبۇل قىلمىدى ۋە

① پەرەڭ — ياۋروپا، تار مەنىدە فرانسىيە.
② رۇم — رىم ئىمپېراتورلۇقى.

ئۇلارغا: «سىلەر ئوغۇزنىڭ ھوزۇرىغا قايتىڭلار، ئېلىپ كەلگەن
نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بېرىڭلار! باج - خى-
راج تەيىنلەپ، قارار چىقىرىش ئوغۇزنىڭ ئىختىيارىدا. بىز ئاغا
- ئىنىلار قوشۇن بىلەن بىرلىكتە ئوغۇز بۇيرۇق قىلغۇچە مۇشۇ
يەردە كۈتىمىز. سەن بېرىپ دادىمىز ئوغۇز بىلەن كۆرۈشكىن،
باج - خىراج قارارلاشسۇن، قايتسۇن دەپ بۇيرۇق بەرسە، دەر-
ھال قايتىمىز» دېيىشتى. ئۇلار ئوغۇز ئوغۇللىرىنىڭ بۇ ھەقتە
چىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېلىپ كەلگەن مال - بايلىق ۋە
خەزىنىلەرنى ئېلىپ ئوغۇزغا سالام بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىش-
تى. بۇلارنىڭ كېلىۋاتقان خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئوغۇز قوشۇنلىرى-
نى قورال - ياراغلىرى بىلەن مىڭدىن - مىڭدىن توپ - توپ
قىلىپ رەتلىدى ۋە ئۇلارنىڭ دالادىن كېلىش يولىغا ئەۋەتتى.
ئەسكەرلەرنى يىراقتىن پەرەڭلەرگە كۆرسەتتى. پەرەڭ يۇرتىدىن
كەلگەن بۇ ئەلچىلەر ئوغۇز قوشۇنىنى توپ - توپ ھالدا ئىككى
- ئۈچ قېتىم كۆرۈش بىلەنلا، ناھايىتى كۆپ ھېسابلىدى. پەرەڭ-
دىن كەلگەن ئەلچىلەر ئوغۇزنىڭ ھوزۇرىغا بارغاندا، ئەھۋالنى
بايان قىلدى، ئوغۇز بۇلارغا: «سىلەر كۆرگەن بۇ ئازغىنا ئەس-
كەرلەر ئالدىنقى قىسىم ئەسكەرلىرىم بولىدۇ، ھازىر قوشۇنۇم-
نىڭ ئەسلى قىسمىنى بېرىپ كۆرۈڭلار! ئەگەر بىزگە قارشى
چىقماقچى بولساڭلار، ئۇرۇشىمىز. قارشى تۇرۇشقا كۈچۈڭلار
يەتمىسە، بويسۇنۇشتىن باشقا يول يوق، مال ۋە خەزىنە ئۈچۈن
باج - خىراج بېكىتىپ، ھەر يىلى ئىشەنچلىك كىشىلەر ۋە
ئەلچىلەر ئارقىلىق بىزگە ئەۋەتىڭلار! شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىڭ-
لاركى، قوشۇنۇم سىلەر ئويلىغاندىنمۇ كۆپ. سىلەر بەلكى سۇ
ۋە ئوتنى ئويلاۋاتساڭلار كېرەك. بىلىشىڭلار كېرەككى، بىز
بېسىپ ئۆتكەن يوللاردا تالاي دەريالارنى كەچتۇق، سىلەرنىڭ
دەريا ۋە سۇلىرىڭلار ئەسكەرلىرىم ئالدىدا ھېچ نەرسە ئەمەس.
ئۇلار ئاتلىرىنى سال، قامچىلىرىنى پالاق قىلىپ، ئاسانلا ئۆتى-

دۇ. مەملىكىتىڭلارنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ» دېدى. ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ: «ھەي، ئوغۇز ئاكا! قوشۇنىڭىزنى قايتىشقا بۇيرۇق قىلىڭ! باج - خىراج تۆلەيلى، بىر ئەمەلدار بەلگىلەڭ!» دېۋىدى، ئوغۇز: «ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن باج - خىراج بېرىشنى ئۈستۈڭلارغا ئالساڭلار، تەكۈۋرخان يېنىدا قويى- غان ئەمەلدارلىرىمىز سىلەرگىمۇ قارايدۇ. ھەر يىلى باج - خىراجنى شۇنىڭغا ئەۋەتسەڭلار بولىدۇ، ئۇ ماڭا ئەۋەتىدۇ. سى- لەردىن ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم بىر كىشى قېشىمغا كەل- سۇن، مەن ئۇنىڭغا تون كىيدۈرۈپ قايتۇرىمەن» دېدى. بۇ سۆزلەر تۈگىگەندىن كېيىن، باج - خىراج سانىنى بەلگىلەپ، ئۇلارنى بۇ ئادىتى بويىچە يولغا سالدى. ئوغۇز ئەسكەرلىرىگە يەنىلا يۇقىرىقى ھەرىكەتنى تەكرار ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئەلچىلەر ئوغۇز قوشۇنىنى ناھايىتى كۆپ ئىكەن دەپ بىلىپ، ئۆز ئېلىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ ئەھۋالنى پەرەڭ پادىشاھىغا مەلۇم قىلدى، پادىشاھ خېلى ئەندىشىگە چۈشۈپ، ئامالىنىڭ يوقلۇقى- دىن، باج تۆلەشنى قوبۇل قىلىپ، ئىتائەت ۋە قۇللۇق كەمىرىنى جان - دىلىدىن بېلىگە باغلىدى. ئوغۇز سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇ- رۇپ پادىشاھلىق قىلغان دەۋرىدىمۇ ۋە ئۇندىن كېيىن ئوغۇللى- رى، ئەۋلادلىرى ھۆكۈم سۈرگەن زامانىدىمۇ باج - خىراج ئەۋەت- تى. ئوغۇزلارغا قارشى چىققۇچىلار بىلەنمۇ ئۇرۇشتى.

## رۇمغا بارغان ئوغۇز ئوغۇللىرىنىڭ رۇم قوشۇنلىرى بىلەن قارشىلاشقانلىقى

ئوغۇزنىڭ رۇمغا ئەۋەتكەن ئوغۇللىرى بىلەن ئەسكەرلىرى رۇمغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن رۇملۇقلار بىلەن ئۈچ ئورۇندا ئۇرۇش قىلدى. ھەر قېتىملىق جەڭدە رۇم ئەسكەرلىرىنى يەڭ- دى. ئاخىرىدا رۇمنىڭ چوڭلىرى قارشى تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆ-

زى يېتىپ، ھەممىسى كېڭىشىپ، ئەل بولىدىغان بولۇپ، ئوغو
ئوغۇللىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھەر يىلى مال ـ خەزىنە بېرىشك
رازى بولدى. ئوغۇزخانغا ۋە ئوغۇللىرىغا ياخشى ئاتلارنى تاللاپ
ھەدىيە قىلىشتى، ئوغۇز ئوغۇللىرى بۇلارغا: «نېمە ئۇچۇن بۇ-
رۇنراق ئىتائەت قىلمىدىڭلار؟ شۇنداق بولغاندا، ئۇنچىۋالا ئادەم
ئۆلمەيتتى، مەملىكەتمۇ خاراب بولمايتتى» دەپ سورىۋىدى، ئۇ-
لار: «سىلەر بىلەن ئۇرۇشقانلار ئەقىلسىز ئادەملەر ئىدى، بىز
بولساق، دۇنيا كۆرگەن، ئىسسىق ـ سوغۇقنى باشتىن كەچۈر-
گەن ئادەملەر بىز. چىقىش يولى ئۇرۇشنى توختىتىش ئىكەنلى-
كىنى بىلىپ، ئىتائەت كەمىرىنى باغلىدۇق، قۇللۇق ھالقىسىنى
سالدۇق، ھەممە بىرلىكتە قارار قىلىپ، قۇلۇڭلار بولۇشقا رازى
بولدۇق. قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىق ئىختىيارىڭلاردا. لېكىن،
ئارىمىزدا كۆڭلىدە باشقىچە ئويلىنىدىغان، دېگەنلىرىمىزگە خى-
لاپ ھەرىكەت قىلىدىغان ھېچقانداق كىشى يوق» دەپ جاۋاب
بېرىشتى. ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى بۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ،
راستتىن ئەل بولغانلىقىغا ئىشەندى ـ دە، ئۇلارغا: «دادىمىز
بىزگە: ‹كىمكى باش ئەگسە، ئۇ بىزدىن ئامان بولىدۇ، ئۇنىڭغا
چېقىلمايمىز، بىرەرىگىمۇ جازا بەرمەيمىز› دەپ بۇيرۇق بەر-
گەن. بىزمۇ ئاتىمىزنىڭ سۆزىگە خىلاپلىق قىلمايمىز. مەملىكە-
تىڭلارنىڭ بىر چېتىدە تۇرىمىز. ھەر قانداق يول بىلەن بىرەر
جانغا ياكى مەملىكىتىڭلارنىڭ بىرەر نەرسىسىگە زادى تەگمەيمىز.
بۇ ئارىدا سىلەرمۇ ئۇلۇغلىرىڭلاردىن بىر ئۆمەكنى دادىمىز ئو-
غۇزنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتىڭلار. ئۇ قانداق بۇيرۇسا، ئۇ بىز ئۇچۇن
بۇيرۇق» دېدى. ئۇلار بۇ سۆزلەرنى قوبۇل قىلدى. ئوغۇزنىڭ
ئوغۇللىرى ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرىنى ئاتىسىنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى.
ئوغۇز ئۇلاردىن ئوغۇللىرىنىڭ ئەھۋالى، بولغان ئۇرۇشنىڭ
جەريانىنى سورىدى. ئۇلارمۇ كۆرگەن ئەھۋاللارنى بىر ـ بىرلەپ
ئوغۇزغا يەتكۈزدى، ئوغۇز ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، ھەر يىلى

بىرىشكە تېگىشلىك باج - خىراجنى بېكىتتى. ئەسكەرلىرىنى پەرەڭ ئەلچىلىرىگە كۆرسەتكەندەك، ئۇلارغىمۇ بىر قانچە قېتىم كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ ئېگىدىمۇ ئوغۇزنىڭ قوشۇنى ناھايىتى نۇر-غۇن دېگەن تونۇش پەيدا بولدى. بۇئەلچىلەرنىڭ ھەممىسىگە تون كىيدۈرۈلۈپ يولغا سېلىندى. ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى ئەسكەرلە-رى بىلەن دادىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىشتى. ئوغۇز ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ ئوبدان ئىشلار قىلغانلىقىنى، ئۇلاردا يېتىلگەنلىك-نىڭ ۋە سائادەتنىڭ ئىپادىلىرىنى كۆرۈپ، بالىلىرىنىڭ شەرىپى-گە توي ئۇيۇشتۇردى ۋە قەدەھ سۇندى. ھەر بىر ئوغلىغا بىردىن ئالتۇن كۇرسى بەردى ۋە بەگلەرنىڭ ھەممىسىگىمۇ تون كىيگۈز-دى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوغۇللىرى بىلەن بەگلىرىنى ئالدىغا يىغىپ: «ئوغۇللىرىمغا ئالتۇن كۇرسى بېرىپ، سىلەرگە تون كىيدۈرگەنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى بىلدىڭلارمۇ؟» دەپ سورىغاند-دى، بالىلىرى ۋە بەگلەر: «ئۇنى ئۆزىڭىز ئوبدان بىلىسىز، بىز نەدىن بىلەيلى!» دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئوغۇز: «ئالتە ئوغلۇمنى ئالدىنقى قېتىم باش قىسىم قىلىپ شام تەرەپكە ئەۋەتكەنىدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزاملىق ئىكەنلىكىنى ئوب-دان كۆردۈم، ئىككىنچى قېتىم ئۈچ ئوغلۇمنى پەرەڭ، ئۈچ ئوغلۇمنى رۇم تەرىپىگە ئەۋەتتىم، بۇنىڭدىمۇ ئۇلار ئوبدان ئىش-لارنى قىلدى. سىلەرنىڭ ۋە بالىلارنىڭ تۇتقان يولۇڭلار توغرا. ھەتتا ئىشغال قىلىنغان مەملىكەتلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلماسلىق ھەققىدىكى بۇيرۇقلىرىمغا ھەقىقىي ئەمەل قىلىپ ئىجرا قىلدىڭ-لار! سۆزۈمدىن قىلچىمۇ چەتنىمىدىڭلار، ئۆز ئىشىڭلارنى ماڭا مەلۇم قىلىپ تۇردۇڭلار! شۇ سەۋەبتىن، ئۇلاردىن ۋە سىلەردىن رازى بولدۇم. ياخشى بىلدىمكى، ئۇلار پادىشاھ بولۇشقا لايىق. سىلەرمۇ بەگلىككە لايىقسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا ئالتۇن كۇرسى، سىلەرگە تون كىيگۈزدۈم» دېدى.

ئوغۇز بۇ يەردىكى ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىپ بولغاندىن

كېيىن، رۇم ـ پەرەڭ ئىشلىرىغا بىر يول كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئانتىيوكىيىدە يەنە ئۈچ يىل تۇردى. بۇ دىيارلارنىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان يولغا قويۇپ، ئۇ يەردىن دەمەشىققە قاراپ ھەرەكەت قىلدى.

## ئوغۇزنىڭ پۈتۈن قوشۇنلىرى بىلەن دەمەشىققە يۈرۈش قىلىشى

ئوغۇز رۇم، پەرەڭ ۋە ئانتىيوكىيە مەملىكەتلىرىنىڭ ئىشلىرىنى يولغا سالغاندىن كېيىن، دەمەشىققە قاراپ يولغا چىقىپ، ئۇ يەرگە كەلدى. دەمەشىقلىقلار ئوغۇز بىلەن ئۇرۇشۇش نىيىتىدە ئىدى. لېكىن، ئوغۇز بۇ ھەقتە ئۇلارغا تەلەپ قويمىدى. دەمەشىق ئەتراپىغا چۈشۈپ ئۈچ كۈن تۇردى ۋە ئۇرۇش قىلمىدى. ئوغۇللىرى ئۇنىڭدىن: «ئۇرۇش قىلماي كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دەپ سورىۋىدى، ئوغۇز ئۇلارغا: «ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇ زېمىنلاردا ياتقان. شۇڭا، مەن بۇ يەردە تېزلا ئۇرۇش قىلىشقا ئالدىرىمىدىم. ئەلچى ئەۋەتىشنىمۇ خالىمايمەن، قېنى كۆرەيلى، ئەھۋال نەگە بارىدۇ؟ ئۇلار نېمە قىلماقچى؟» دەپ جاۋاب بەردى. كەلگىلى ئۈچ كۈن بولسىمۇ، ئۇلارغا ھېچكىمنى ئەۋەتمىدى. ئوغۇزنىڭ ئۇرۇش ئارزۇسىدا ئەمەسلىكىنى كۆرگەن دەمەشىقلىقلار بىرنەچچە ئەلچى بىلەن ئون ئېشەكلىك يايىنى ئەۋەتتى. ئۇلار ئوغۇز ھۇزۇرىغا كېلىپ كۆرۈشتى. ئوغۇز ئۇلارغا: «سىلەر ۋە ئۇلۇغلىرىڭلارنىڭ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۇرمەي، جىم تۇرۇپ قېلىشىڭلارنىڭ سەۋەبى نېمە؟ نېمىنى ئويلاۋاتىسىلەر؟ ئەگەر ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدە بولساڭلار، ھەر ھالدا ئانتىيوكىيە قوشۇنىدىنمۇ كۈچلۈك ئەمەسسىلەر. ئەسكەرلىرىمنىڭ ھەممىسى تېخى بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ بولالمىغانلىقتىن كۈتۈۋاتىمەن. شۇ سەۋەبتىن، سىلەرگە كىشى ئەۋەتمىدى، ئەگ

ياخشىسى، سىلەر قايتىڭلار. ئەھۋالنى ئۇلۇغلىرىڭلارغا ئېيتىڭلار. كېلىپ ئىتائەت قىلسۇن. بىز مىسىرغا كېتىۋاتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيمەن. سىلەر بىلەن ئۇرۇشۇشنىمۇ ئورۇنسىز ھېسابلايمەن. بېرىشكە تېگىشلىك باج - خىراجغا بەدەل قىلىپ ياي بەرسەڭلارمۇ بولىدۇ. بۇندىن باشقا بىر نەرسە كۈتمەيمەن» دېدى ئوغۇز.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان دەمەشىق ئەلچىلىرى قايتىپ بېرىپ، ئوغۇزدىن ئەھۋالنى قانداق ئاڭلىغان بولسا، ئۇلۇغلىرىغا شۇنداق يەتكۈزدى. بۇ سۆز ئۇلارغىمۇ مۇۋاپىق كېلىپ قوبۇل قىلدى. ئۇلار يۈز ئېشەككە ياي ئارتىپ، يەنە بىر قانچە مەشھۇر ئاتلىرىنى قوشۇپ، ئوغۇزنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ تەقدىم قىلىشتى ۋە ئەل بولۇشتى. ئوغۇز ئەلچىلەر باشلىقىنىڭ كۆڭلىنى ئالدى. ياخشى مۇئامىلە قىلىپ: «مەملىكىتىڭلارنىڭ يايلىرى ناھايىتى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەسكەرلىرىمگە مۇۋاپىق ئىكەن، ئېلىپ كەلگەن يايلىرىڭلار قانچىلىك بولسا، ئەسكەرلىرىمگە بۆلۈپ بېرىڭلار! ھەر بىرىگە ئۈچ ياي بېرىلسۇن. ئەگەر ھەممىگە يەتسە، بۇندىن كېيىن ھەر قېتىم شۇنچىلىك ئېلىپ كەلسەڭلار بولىدۇ. ئەمدى سىلەر رۇخسەت قىلىڭلار، مىسىرغا كېتەي، ئۇ يەردىن، ئىنشائاللا قايتقىنىمدا تەلىپىڭلارغا مۇۋاپىق باج - خىراجىڭلارنى توختىتىپ بېرىمەن» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، دەمەشىقتە يەنە بىر ئاي تۇرۇپ، قوشۇنى بىلەن مىسىرغا يۈرۈپ كەتتى.

## ئوغۇزنىڭ مىسىرغا قىلغان سەپىرى

ئوغۇز دەمەشىقنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، مىسىرنى ئېلىش نىيىتى بىلەن يولغا چىقتى، ئۈچ كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن بىر يەردە ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدى، پۈتۈن قوشۇندىكى ھەر مىڭ ئەسكەرنى كېچىسى مەخپىي يوسۇندا ئىككى - ئۈچ

قېتىمدىن كەيىنكە قايتۇرۇپ، سەھەرگىچە ئەسلى قىسمىغا قو
شۇلۇشنى بۇيرۇق قىلدى. بۇنداق قىلغاندا ئەسكەرلەرنىڭ سانى
ناھايىتى نۇرغۇن كۆرۈنەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، مىسىرنى قاد
داق ئېلىش ۋە قانداق ئەل قىلىش توغرىسىدا كېڭەش قىلدى.
ئۈچ ئوغلىنى توققۇزمىڭ كىشى بىلەن ئالدىنقى قىسىم قىلى
ماڭدۇردى. يەنە بىر ئوغلىنى توققۇز مىڭ كىشى بىلەن كېچىسى
ئارقىسىدىن يولغا سالدى. ئۆزى چوڭ قوشۇن بىلەن ئارقىسىدىن
يولغا چىقتى. شۇ كۈنى ئۈچ ئەلچىسىنى چاپقۇر ئات بىلەن
مىسىرغا ماڭدۇرۇپ، ھەر بىر ئوغلىنى قانچىلىك ئەسكەر بىلەن
ماڭدۇرغانلىقىنى، ئۆزى بولسا چوڭ قوشۇن بىلەن كېلىۋاتقانلى
قىنى خەۋەر قىلدى. ئەلچىلەرنى ماڭدۇرۇۋېتىپ ئۆزى شۇ يەرد
قالدى. ئوغۇز دەمەشىق، گۇتا[1]، قۇددۇس[2] ۋە خەلىلۇر راھمان[3]
قاتارلىق ۋىلايەتلەردە قىشلاپ قالدى ۋە ئوۋ قىلىشتى. دەمەشىق
لىقلارمۇ مىسىرغا بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، ئوغۇز قوشۇ
نىنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇشنىڭ
ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بۇ سۆزلەر مى
سىرلىقلارغا زور تەسىر قىلدى. ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى مىسىرغ
يېقىن كەلگەندە، مىسىرنىڭ پۈتۈن يۇرت چوڭلىرى ئىستىقبالغ
چىقىپ، سوۋغات ۋە ھەدىيىلەر تەقدىم قىلدى. ئەل بولدى
خەزىنە ۋە باج ـ خىراجلىرىنىڭ سانى بېكىتىلدى. ئوغۇزنىڭ
ئوغۇللىرى مىسىردا بىر يىل تۇرۇشتى، ئەسكەرلىرىنىڭ كىشى
لەرگە ئېغىرچىلىق سالماسلىقى، ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماس
لىقى ھەققىدە ياساق چىقىرىلدى ۋە: «ئۇزاق يەردىن كەلگەنلىكى
مىز ئۈچۈن، ھەر يىلى باج يىغىمىز دەپ كېلەلمەيمىز. ئۇ

---

① گۇتا — پەلەستىندىكى بىر يەر ئىسمى.
② قۇددۇس — ئىرۇسالىم.
③ خەلىلۇر راھمان — قۇددۇس ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر ناھىيە.

يىلنىڭ بېجىنى ئالدىن بىر يولى تۆلەشكە ھازىرلىق كۆرۈڭلار
ۋە تاپشۇرۇڭلار. ھەر ئالتە يىلنىڭ باج ـ خىراجىنى مۇشۇ
ئۇسۇلدا ئىككى قېتىمدا تۆگىتىڭلار!» دەپ ھۆكۈم قىلدى. بۇ
يىل مىسىردىن ئۈچ يىللىق باج ـ خىراج بىراقلا يىغىۋېلىندى.
قوشۇنغا ناھايىتى نۇرغۇن مال بېرىلدى. ئوغۇز دەمەشىق ۋىلايى-
تىدە يەنە بىر يىل تۇردى. بۇ جەرياندا دەمەشىقنىڭ باج ـ
خىراجلىرىنى توختاتتى. ئوغۇز ئادەم ئەلەيھىسسالام مازىرىنىڭ
مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، مەككە ۋە مەدىنىگە ئەلچى
ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىن بىر ئاز توپا ئەپكېلىشكە بۇيرۇق بەردى.
كىشىلەر بېرىپ توپا ئەكەلدى. ئوغۇز بۇ توپىدىن بەدىنىگە ئازغى-
نا سۈركەپ، تەڭرىگە شۈكرى ـ سانا ئېيتتى. ئوغۇللىرى ۋە
بەگلىرىگە: «ئادەم توپىدىن يارىتىلغان، ئاخىرىدا يەنە توپىغا
ئايلاندى. بىز ھەممىمىز توپىغا ئايلىنىمىز. ئىنسان ھەر قانچە
كۈچلۈك بولغاندىمۇ بۇنى ئۇنتۇماسلىقى ۋە ياخشىلىق قىلىشى،
يامانلىق قىلماسلىقى لازىم!» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن باھار
كېلىشى بىلەن بەئەلبەك[1] تاغلىرىغا ۋە سالقىن يەرلەرگە بېرىپ
يايلىدى. «يازنىڭ ئىسسىق كۈنىدە باغداتقا كېتىشنىڭ ئىمكانى-
يىتى يوق، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، ھاۋا سەل سالقىنلىغاندىن
كېيىن، باغداتقا كېتىمىز» دېدى. پۈتۈن يازنى مۇشۇ يەردە
ئۆتكۈزدى ۋە ھاۋا سوۋۇغاندىن كېيىن باغداتقا يۈرۈپ كەتتى.

## ئوغۇزنىڭ باغدات ۋە بەسىر تەرەپلەرگە ماڭغىنى

ئوغۇز ياز ئايلىرىنى بەئەلبەك تاغلىرىدا ئۆتكۈزگەندىن كې-
يىن، ھاۋا سەگىشى بىلەن باغدات تەرەپكە ماڭدى. باغدات خەلقى
بۇرۇنلا ئەل بولغانىدى. ئوغۇز دىيارىبەكىرگە كەلگىنىدە، باغدات-

---

① بەئەلبەك — بىر ناھىيە ئىسمى.

نىڭ پۈتۈن يۇرت چوڭلىرى ئۇنى قارشى ئېلىش ۋە تېگىشلىك
خىزمەت ئۆتەش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنىدى. بۇلار ئوغۇزنى
باشلاپ، بىرلىكتە باغداتقا قايتتى. ئوغۇز باغداتقا قايتقاندىن
كېيىن، تەخمىنەن بىر ئايدىن كۆپرەك تۇردى. مەملىكەتنىڭ
چوڭلىرى ـ ئاقساقاللىرى ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىللە بولدى،
كېيىن شەھەرنى تاشلاپ، هاۋا ئىسسىغۇچە ئۇ تەرەپلەردە قىشلى
دى. هاۋا راسا ئىسسىغاندا كۇردىستان تاغلىرىغا چىقىپ ئ
يەرلەردە يايلىدى. كۈزدە بەسىرىگە قاراپ يولغا چىقتى، بەسىر
خەلقىمۇ باشقا جايلارغا ئوخشاش بويسۇندى، باج ـ خىراج بەردى
ئوغۇز بۇ يەردىن خۇزىستان[1]تەرىپىگە كەتتى. ئۇ ھەممە مەملىكەت
لەرنى بويسۇندۇردى. ھەممىسى باج ـ خىراج بېرىدىغان بولدى
ئۇ يەردىن «ك» تاغلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئىسپىھان[2]غا كەل
دى. ئىسپىھان خەلقى قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۇرۇشماقچى بول
دى. ئەمما، سېپىلدىن زادىلا تاشقىرىغا چىقمىدى. ئوغۇز ئىس
پىھاننىڭ يېنىدا ئون مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇننى قالدۇرۇپ
«ئىسپىھانلىقلار تاشقىرىغا چىقىپ ئۇرۇش قىلىدىغان بولسا
جەڭ قىلىڭلار!» دېدى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئور
مىڭ كىشىلىك قوشۇننى قايتۇرۇپ كېيىن ئورنىغا يەنە مىڭ
كىشىلىك ئەسكەر ئەۋەتتى. بۇلار شەھەرنى قورشاۋاتقاندا، باش
ئەسكەرلەر ئىسپىھان ۋىلايىتىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشتى. ئوغۇ
بۇ مەملىكەتتە ئۈچ يىل تۇرۇپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. ئۇ
يىلدىن كېيىن، پۈتۈن ئەسكەرلەر ئىسپىھان قەلئەسىنىڭ دەرۋ
زىسى ئالدىغا يىغىلدى، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز جەڭ قىلىشتى
ئەسكەرلەرنىڭ يېرىمى بىر كۈن ئۇرۇشسا، يېرىمى ئەتىسى ئۇ
رۇش قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، يەتتە كۈن ئۆتتى. ھېچب

---

① خۇزىستان — ئىراننىڭ جەنۇبىي ئۆلكىلىرىدىن بىرى.
② ئىسپىھان — ئىراندىكى بىر شەھەر.

نەتىجە كۆرۈلمىگەندىن كېيىن ئوغۇزنىڭ ئىشلىرىغا مەسلىھەت كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغان قارا ـ سۇلۇك دادىسى يۇشى خوجىنىڭ ئالدىغا بېرىپ مەسلىھەت سورىدى: «شۇنچىۋالا قاتتىق جەڭ قىلدۇق، تېخىچە ئىسپىھاننى ئالالمىدۇق. بىزگە بىرەر چىقىش يولى كۆرسەت، قانداق قىلىش كېرەك؟ بىر چارە تاپقىن!» دېدى. يۇشى خوجا ئەھۋالنى ئوغلىدىن ئاڭلاپ: «سېپىل ئارقىلىق ئۇرۇشۇشتىن ھېچقانداق پايدا يوق. سىلەر سېپىلغا ھۇجۇم قىلساڭلار، ئۇلار قوشۇندىكى ئادەم ۋە ئاتلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ زەربىسى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭلاشقا بىزنىڭكىلەر بىر ئىشقا يارىمايۋاتىدۇ. بۇنىڭ چارىسى شۇكى: ئەسكەرلەرنىڭ يېرىمى ئىسپىھانلىقلار كۆرمەيدىغان بىر يەرگە يوشۇرۇنسۇن. ئۇلار ھېچقانداق ھەرىكەت قىلماي جىم تۇرسۇن. يېقىن يەردە يوشۇرۇن ئەسكەر بارلىقىنى ھېچكىم بىلمىسۇن. ئەسكەرلەرنىڭ قالغان يېرىمى ئىسپىھان دەرۋازىسىغا ھۇجۇم قىلسۇن. ئەگەر ئىسپىھانلىقلار قەلئەدىن تاشقىرىغا چىقمىسا، ئۇلارنىڭ شەھەر تېشىدىكى باغلىرىنى ۋە ئۆيلىرىنى، تاملىرىنى ئۇلار چىققۇچە يىقىتىپ تۈپتۈز قىلىۋېتىڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن، شۇنداق بىر يول تۇتۇش لازىمكى، ئەسكەرلىرىڭلار يېڭىلگەن بولۇپ چېكىنىپ قاچسۇن، ئۇلارمۇ ئارقىدىن قوغلىسۇن، شەھەردىن خېلى ئۇزاقلاشقاندىن كېيىن، پىستۇرمىدىكىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ قورشىۋالسۇن، شۇ يەردە ئىسپىھانلىقلار مەغلۇپ بولىدۇ ۋە ئارقىغا چېكىنىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ شەھەرگە قېچىپ كىرىۋېلىشىغا يول قويماي ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈڭلار!» دېدى. قارا ـ سۇلۇك ئوغۇزنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دادىسى ئېيتىپ بەرگەن چارىنى مەلۇم قىلدى. ئوغۇز بۇ چارىگە قوشۇلدى. ئوغۇللىرى قىرىق مىڭ ئەسكەر بىلەن پىستۇرما بولۇپ يوشۇرۇندى. قارا ـ سۇلۇكنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئەللىك مىڭ ئەسكەرگە شەھەر دەرۋازىسىغا ھۇجۇم

قىلىپ، ئەتراپىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاشقا بۇيرۇق قىلدى. شەھەر دەرۋازىسىغا كەلگەن بۇ ئەللىك مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىر تەرەپتىن ئۇرۇشۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسپىھانلىقلارنىڭ ئۆيلىرىنى بۇزۇش بىلەن شۇغۇللاندى. ئىسپىھانلىقلار ئۇلارنىڭ تازا خاراب قىلىشىغا كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى، بۇرۇنقىغا قارىغاندا، ئادەم سانىنىڭ خېلىلا ئاز قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېگىزدىن بىر بالا چىقىرىش ئۈچۈن بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى باشقا ياقلارغا يۆتكەپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاشتى - دە، دەرۋازىنى ئېچىپ شەھەر سىرتىغا چىقىشتى. قىلىچلىرىنى سۇغۇرۇپ، ئوغۇز ئەسكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىشتى. ئوغۇز ئەسكەرلىرى ئالدىن قۇرۇلغان پىلانلىرى بويىچە بۇرۇلۇپ قېچىشقا باشلىدى. ئاستا - ئاستا شەھەردىن خېلىلا يىراقلاشتى ۋە دۈشمەنلىرىنى دالاغا باشلاپ ماڭدى. ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرى قىرىق مىڭ ئەسكەر بىلەن ئوشتۇمتۇت، ئەزرائىلدەك ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى. شەھەر دەرۋازىسى بىلەن چېكىنىش يولىنى توسۇپ، شەھەردىن چىققانلارنىڭ بىرىنىمۇ ساق قويمىدى، شۇ يول بىلەن ئىسپىھان ئېلىندى، ئىسپىھاننى ئېلىش ئورۇندالغاندىن كېيىن، ئوغۇللىرىدىن تۆتىنى پارس① ۋە كىرمان② تەرەپلىرىگە ئەۋەتتى ۋە ئۇ جايلارنى ئىستېلا قىلىش ۋەزىپىسىنى يۈكلىدى.

## ئوغۇزنىڭ ئۆز ئوغۇللىرىنى پارس ۋە كىرمان تەرەپلەرگە ئەۋەتكىنى

ئوغۇز ئوغۇللىرىدىن تۆتىگە پارس ۋە كىرمان تەرەپلىرىگە بېرىپ جايلارنى ئىستېلا قىلىشقا بۇيرۇق بەرگەنىدى. ئوغۇللىرى

---

① پارس — ئىراننىڭ جەنۇبىي ئۆلكىلىرىدىن بىرى.

② كىرمان — بىر شەھەرچىنىڭ نامى.

دادىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، بۇ دىيارلارغا يۈرۈش قىلىپ، ئالدى بىلەن كىرمانغا بېرىپ ئۇرۇش قىلدى. ئىسپىھاننى قانداق ئالغان بولسا، كىرماننىمۇ شۇنداق ئالدى. كۆپ ئېلىشىشقا توغرا كەلدى. ئۇ يەردىكى ئىشلارنى تۈگىتىپ بوشىغاندىن كېيىن، پارس ۋىلايىتىگە كەلدى. دەسلەپ شىراز[①]نى ئالدى (بىر يىلغىچە بۇ يەرلەرنى ئېلىش بىلەن شۇغۇللاندى). ھەممە يەرلەرنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، دادىسىغا مەلۇمات يوللاپ، بۇندىن كېيىنكى ۋەزىيەتلىرىنى ۋە ئاھالىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش لازىملىقىنى سورىدى. ئوغۇز: «بۇ مەملىكەتلەر ئېلىنغانىكەن، خەلقى ئىتائەتلىك بولىدۇ. ئۇلارنى بۇلاپ ــ تالىماڭلار، باج ــ خىراج بېكىتىپ، كەلگۈسى ئۈچ يىلنىڭ باج ــ خىراجلىرىنى ئېلىپ قايتىڭلار!» دەپ بۇيرۇق بەردى. ئوغۇزنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ئۇلار باج ــ خىراجلارنى بېكىتىپ، ئۈچ يىللىق باجنى ئېلىپ، ئىسپىھاندىكى دادىسى ئوغۇزنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىشتى. كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە پارسنىڭ قالغان يەرلىرىگە ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇلارنىمۇ بويسۇندۇردى. باج ــ خىراجلارنى بېكىتتى، ھەممە جايلارغا مەمۇرلار تەيىنلىدى. ئوغۇز ئىسپىھاندىلا تۇردى. ئوغۇللىرى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىراقى ــ ئەجەمنى ئېلىش مەقسىتىدە، ئۇ يەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن ئەلچىلەر ماڭغۇزدى.

## ئوغۇزنىڭ ئىراقى ــ ئەجەم تەرەپلەرگە ئەلچىلەر ئەۋەتكىنى

ئوغۇزخان يۇقىرىدىكى نامى تىلغان ئېلىنغان مەملىكەتلەرگە

① شىراز — ئىراندىكى بىر شەھەر.

ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئىراقى ـ ئەجەمنى[1] قولغا ئېلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. شۇڭا، ئالدى بىلەن ئىككى يۈز كىشى ئايرىپ ئىراقى ـ ئەجەمگە ئەۋەتتى. ئۇلار بۇ يەرلەردىن ئاخبارات توپلايتتى. بارغان يەرلىرىنىڭ پادىشاھ ۋە خانلىرىدىن پەخەس بولاتتى. قەلئە ۋە ئىستىھكاملارغا دىققەت قىلاتتى. ئوغۇز ئۇلارغا: «ئالالىغۇدەك كىچىك يەرلەرنى ئېلىڭلار، ئەمما چوڭ ۋە مۇستەھكەم يەرلەرگە ھۇجۇم قىلماڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. بۇ ئىككى يۈز كىشى ئىراقى ـ ئەجەمگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار يېتىپ بارغان رەي[2]، قەزۋىن،[3] ھەمەدان[4] ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ خەلقى ئوغۇز ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ شۆھرىتىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئوغۇزغا سەمىمىي مۇھەببەت باغلىغانىدى. بۇ يەرنىڭ خەلقى ئوغۇزغا قارشى ئەسكەر ئەۋەتىپ، بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ ئۆلۈپ، مەملىكەت خاراب بولۇشتىن ئىلگىرى ئىتائەت كەمىرىنى باغلاپ، ئەل بولۇپ، ئوغۇزنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، مەملىكەتنىڭ باج ـ خىراجىنى ئۇنىڭ بىلەن بار مەسلىھەت بېكىتىپ، باج ـ خىراجلارنى خەزىنىگە يەتكۈزۈپ بېرىشتىن باشقا چىقىش يولى يوقلۇقىنى بىلەتتى. ئۇلار بۇ توغرۇلۇق ئىراقى ـ ئەجەم خەلقلىرى بىلەن كېلىشتى، ئوغۇزغا خىزمەت قىلىدىغان بولۇپ، باج ـ خىراجلارنى بېكىتكەندىن كېيىن ئوغۇزنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، ئۆز مەملىكەتلىرىگە قايتىشتى. ئوغۇز ھۇزۇرىغا كەلگەن ۋاقىت باھار كىرىشىگە باشلىغان مەزگىل ئىدى. ئوغۇز بولسا، ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى بولۇپ، يولغا چىقىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇلار ئوغۇز ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئەنئەنە بويىچە دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىشتى. ئوغۇز ئۇلار-

① ئىراقى — ئەجەم — ئىران شەھەرلىرىدىن بىرى.
② ئىراندىكى بىر شەھەر.
③ ئىراندىكى بىر شەھەر.
④ ئىراندىكى بىر شەھەر.

نىڭ كۆڭلىنى ئالدى. باج – خىراج ۋە باشقا ۋەزىپىلەرنى بېكى-تىپ قايتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇز دەماۋەندكە[1] قاراپ ماڭ-دى. ئۇ يەردە يايلىماقچىدى، يولدا مۇنداق بىر ۋەقە بولدى: بىر ھامىلىدار چوكان ئوغۇل تۇغدى. يەيدىغان ھېچ نەرسىسى يوق ئاچ قالدى، بالىسى ئەمگۈدەك سۈتىمۇ يوق ئىدى، ئىككى – ئۈچ كۈندىن كېيىن تويۇقسىز بىر قىرغاۋۇلنى چىشلەپ كېتىۋاتقان تۈلكىنى كۆرۈپ قالدى؛ ئايالنىڭ ئېرى تۈلكىنى چوماق بىلەن ئۇرۇپ قىرغاۋۇلنى يۇڭمىزداپ، تازىلاپ پىشۇردى – دە: «مانا بۇنى يېسەڭ، سۈتۈڭ كېلىپ، بالىنى ئېمىتەرسەن» دەپ خوتۇ-نىغا بەردى. ئۇلار بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغۇزنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى. ئوغۇز: «نەدە ئىدىڭ؟ يولدا نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قالدىڭ؟» دەپ سورى-دى. ئۇ ئادەم ئېغىر بوي خوتۇنىنىڭ يولدا تويۇقسىز يەڭگىپ قىلىپ، كېچىكىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئوغۇز ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي ئازار بېرىپ: «خوتۇنۇم تۇغدى دەپ يولدىن قالامسەن؟ ئۇنداق بولسا، مۇشۇ يەردە قال» دەپ، ئۇنىڭغا تۈركچە «قال ئاچ» دېدى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «سەن ئاچ بولغاندىن كېيىن ئارقىدا قال» ئىكەن. ئوغۇزنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇ شۇ يەردە قالدى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىسىم قالاچ ناملىق بىر قەبىلىنىڭ نامى بولۇپ قالدى. بۇ قەبىلە ئاشۇ شەخسنىڭ ئەۋلاد-لىرىدۇر. ئۇندىن كېيىن، ئوغۇز دەماۋەندكە كېتىپ، ياز بويى شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى، كۈز پەسلى كىرگەندە، مازاندىران[2] قاتارلىق جايلارنى ئېلىش نىيىتىدە يولغا چىقتى.

---

① ئىراندىكى بىر شەھەر.

② مازاندىران – ئىراننىڭ بىر ئۆلكىسى.

## ئوغۇزنىڭ مازاندىرانغا بارغانلىقى ۋە باشقا گۇرگان[1]، دېھىستان[2]، خۇراسان[3]ھەم كوھىستان قاتارلىق جايلارنى جەڭ بىلەن ئالغانلىقى

ئوغۇز دەماۋەند تېغىدىكى يايلاق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مازاندىران، ئامۇل[4]ساری[5]ئاستىراباد[6]ۋە ئۇنىڭ باشقا شەھەرلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. بۇ شەھەرلەردىن بەزىلىرىنى ئۇرۇش بىلەن، بەزىلىرىنى تىنچلىق يولى بىلەن قولغا كەلتۈردى. شۇنداقلا، بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ خاھىشى ۋە تەلەپلىرى بىلەن ئەل بولۇشتى. ئوغۇز قىشنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى، بۇ تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇرۇپ مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى تەيىنلىدى، كېلەر يازغىچە دەماۋەندتە تۇرۇپ يايلىدى. گۇرگان، دېھىستان ۋە ئۇ تەرەپلەرگە ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ مەملىكەتلەرنىڭ خەلقلىرى تامامەن دېگۈدەك بويسۇندى. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلىرى ئوغۇزنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، باج - خىراجلىرىنى توختام قىلىشتى ۋە ئۈچ يىللىق باج - خىراجنى نەق تاپشۇرماقچى بولدى. بۇ يەردىن خۇراسانغا بېرىپ، ئەسفەرائىن[7]، كەران[8] ۋە سەبزىۋار[9] خەلقىنى ئەل قىلىپ بويسۇندۇردى. يالغۇز نىشاپۇر[10] ئاھالىسى باش ئەگمەي قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۇرۇش قىلىش قارارىغا كېلىپ، شەھەر سىرتىغا چىقمىدى. ئوغۇز بۇ مەملىكەتتە قىشلى-

---

① گۇرگان — ئىران شەھەرلىرىدىن بىرى.

② دېھىستان - كاسپى دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى بىر جاي.

③ خۇراسان - ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر ئۆلكە.

④ ئامۇل — ئىراننىڭ شىمالىدىكى بىر شەھەر.

⑤ ساری — كاسپى دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىران شەھەرلىرىدىن بىرى.

⑥ ئاستىراباد — ئىراننىڭ شىمالىدىكى بىر شەھەر.

⑦ ، ⑧، ⑨، ⑩ بۇلار ئىراندىكى شەھەرلەر.

دى. باھارغا چىققاندىن كېيىن، نىشاپۇر بىلەن تۇسنى ئالدى. ياز بويى شۇ يەردە تۇرۇپ قىش پەسلىدە باۋەرد① (ئەبىۋەرد)، سەراخىس② ۋە مەرۋ③ تەرەپلىرىگە بېرىپ، بۇ جايلارنى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇپ، ئۈچ يىللىق باج - خىراجنى نەق ئالدى، يازدا ھىراتقا④ كېلىپ يايلىدى. ھىراتنىڭ باج - خىراجىنىمۇ بېكىتتى ھەمدە كوھىستان ۋىلايىتىنى ۋە ئۇ مەملىكەتنى تامامەن ئېلىپ باج توختاتتى، ھەر ئۈچ يىلدا خەزىنىگە تاق تاپشۇرۇش قارار قىلىندى. كۈزدە ھىراتتا بولدى، بىر ئوغلىنى ئېھتىيات ئۈچۈن توققۇزمىڭ ئەسكەر بىلەن بەسىرە تەرەپكە ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ باج - خىراجلارنى كېچىكتۈرمەي خەزىنىگە يەتكۈزۈپ بېرىشىنى، ئوغۇزخان ۋە قوشۇنلىرىنىڭ يېقىن جايدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى جاكارلاتتى. ئۈچ يىلنىڭ باج - خىراجلىرىنى بېرىش بېكىتىلدى. ئوغۇز «مەنمۇ بارىمەن» دەپ خەۋەر تارقاتتى. ئۈچ يىلنىڭ بېجىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوغلىنى توققۇز مىڭ ئادەم بىلەن يولغا سالدى. ئوغۇزنىڭ بۇ ئوغلى دادىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بەسىرە تەرەپكە ماڭدى. بارغانلىكى جايلاردا ئۈچ يىللىق باجنىڭ ھەممىسىنى بىر يولى ئېلىش توغرىسىدا خەۋەر قىلىپ، ئەتراپقا ئەلچىلەر ئەۋەتتى. قايتىش سەپىرىدە ئۇلارنى دادىسىغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن باج - خىراجنىڭ ئىراقى - ئەجەمگە توپلىنىشى قارار قىلىندى، باج - خىراجلار ئىراقى - ئەجەمدە توپلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنى پۈتۈنلەي دادىسىغا تاپشۇردى. مۇشۇ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن ئۈچ يىل ئىچىدە ئوغۇز ھىرات، سەراخىس ۋە بايگىز⑤ ۋىلايەتلىرىدىمۇ تۇردى.

---

① باۋەرد — تاشقى كاسپى تۆمۈريولىدىكى بىر جاي.

② ئىراندىكى بىر شەھەر.

③ ئىراندىكى بىر شەھەر.

④ ئافغانىستاندىكى بىر شەھەر.

⑤ بايگىز — ئىراننىڭ بىر ۋىلايىتى.

# ئوغۇزنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىشى ۋە ئاخىرقى يىللىرى

ئوغۇز ئوغۇللىرىنى تېزدىن قايتىپ كېلىپ ئۆز دۆلىت
يەنى ۋەتىنى — كۆرتاغ ۋە ئۇرتاغقا بېرىشقا، گور ۋە گورجى
يولى بىلەن مېڭىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ ئارىدا يولدا ئې
بىر تاغقا كەلگەندە، مۇنداق بىر ۋەقە بولدى: بۇ تاغقا قې
قار ياغقانىكەن. قېلىن قار تۈپەيلى ئىككى ـ ئۈچ ئائىلە ئو
قوشۇندىن ئارقىدا قېپقالدى. ئەمما، ھەر قانداق بىر ج
بارلىكى ئادەمنىڭ قوشۇندىن ئايرىلىپ قالماسلىقى ھەققىدە
رۇق بار ئىدى. ئوغۇز بۇنى ئاڭلاپ خاپا بولدى ۋە: «مۇنچى
ياغقان قاردىن قورقۇپ ئادەم ئۆز ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ قا
دۇ؟ بۇ قانداق ئىش؟» دېدى ـ دە، مۇشۇ بىر قانچە ئائىل
«قارلۇق» يەنى «قارلىق» دەپ نام بەردى (بۈگۈنكى ئۆزلىر
«قارلۇق» دەپ ئاتايدىغان خەلقنىڭ ھەممىسى شۇلارنىڭ نەس
دىن). بۇ تاغدىن ئاشقاندىن كېيىن، ئامۇ دەريا بويىغا كېل
دەريادىن ئۆتتى. سەمەرقەندتە توغرىسىغا ئاقىدىغان چوڭ
دەريا ئۇستىدىكى ئىلىك ۋىلايىتىدىن ئۆتۈپ، بۇخارا چېگرىسى
كى يالغۇز ياغاچقا چۈشتى. بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرغاند
كېيىن، ئۇ يەردىن ئامان ـ ئېسەن پۈتۈن قوشۇنى بىلەن
يۇرتىغا قايتتى. ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ تۆرلۈك مەملىكەتلە
بويسۇندۇرۇپ، ئاخىر يەنە ئۆز يۇرتىغا كەلگۈچىلىك تەخمى
ئەللىك يىل ۋاقىت ئۆتكەنىدى. يۇرتىغا قايتىش ۋاقتىدا،
چاغلاردا يولدىن قايتۇرۇۋەتكەن قاڭقىللار يىللار ئۇيغۇرلار
غۇزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن توققۇز كۈنلۈك يەرگە ئالدىغا
لىپ، سوۋغاتلار تەقدىم قىلدى. ئوغۇز ئۆز يۇرتىغا قايت
كېلىش شەرىپىگە توي مەرىكە تۈزۈپ، توقسان مىڭ قوچقار

توقۇز يۈز بايتال سويۇشقا بۇيرۇق بەردى ۋە ناھايىتى چوڭ توي ئۆتكۈزۈلدى: ئالتۇن ئۆي قۇرغۇزدى. توي ۋاقتىدا ئۆزى بىلەن بىللە جاھاننى بويسۇندۇرۇش سەپىرىگە قاتناشقان ۋە ئۆزى بىلەن بىللە ساق ـ سالامەت يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن ئالتە ئوغلى بىر كۈنى ئوۋغا چىقتى. يولدا تاسادىپەن بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ تال ئالتۇن ئوق تېپىۋېلىشتى، ھەممەيلەن بىرلىكتە خاھىشلىرى بويىچە ئۆزئارا بۆلۈشۈش ئۈچۈن دادىسىغا ئېلىپ كېلىشتى. ئوغۇز يانى ئۈچكە بۆلۈپ ئۈچ چوڭ ئوغلىغا، ئۈچ ئوقنى ئۈچ كىچىك ئوغلىغا بەردى ۋە مۇنداق قارار قىلدى: «يا بېرىلگەن ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان قەبىلە ‹بۇز ئوق› دېيىلسۇن، چۈنكى بۇلارغا يانى بۆلۈپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنى ئەلۋەتتە پارچىلاش كېرەك. ‹بۇز ئوق› سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ پارچىلىماق، بۇزماقتىن ئىبارەت. ئوق بېرىلگەن باشقا ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان قەبىلە ‹ئۈچ ئوق› دەپ ئاتالسۇن؛ ‹ئۈچ ئوق› سۆزى ئۈچ دانە ئوق دېمەكتۇر.

«مۇندىن كېيىن ئوغۇللار كەلسە، بىرلىكتە كەلسۇن. ‹ھەممىسى بىر ئەۋلاد›، بولغاچقا، قوشۇندىمۇ ئۆز ئورنى ۋە دەرىجىسىنى بىلسۇن؛ يا ئالغانلارنىڭ ئورنى يۇقىرى بولسۇن، قوشۇندا ئوڭ قولنى تەشكىل قىلسۇن؛ ئوق ئالغانلارنىڭ ئورنى تۆۋەنرەك بولسۇن، سول قولنى تەشكىل قىلسۇن؛ يا پادىشاھقا ئوخشاش ھۆكۈمدار؛ ئوق بولسا ئۇنىڭغا تەۋە بىر ئەلچىدەك بولسۇن» دەپ بېكىتىپ، ئۇلارنىڭ يۇرتىنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئايرىپ تەيىن قىلدى. توي مەرىكىسىگە توپلانغان كىشىلەر ئالدىدا «ئەگەر ئوغلۇم كۈن خان ھايات بولسا، ۋاپاتىمدىن كېيىن ئورنۇم ۋە يۇرتۇم شۇنىڭ بولسۇن» دەپ سۆزىنى تاماملىدى.

قارا ـ سۇلۇك ياخشى ئىشلارنى قىلغانلىقتىن، ئۇنى ناھايىتى ماختىدى. ئۇنىڭدىن: «سەن بۇ ئىشلارنى ئوبدان ھەل قىلىش چارىلىرىنى قەيەردىن ئۆگەنگەنىدىڭ؟» دەپ سورىغانىدى، قارا-

سۇلۇك ئەھۋالنى يوشۇرماي، بولغان ۋەقەلەرنى، ئوغۇزنىڭ ق
رىلارنى بىللە ئېلىپ كەتمەي قويۇشنى بۇيرۇغانلىقىنى، دادى
يۇشى خوجىنى قانداق قىلىپ بىللە ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بە
بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. دادىسىنىڭ ئۆگەتكەن تەدبىرلىرىن
ھەممىسىنى ئوغۇزغا بايان قىلدى. ئانىسىدىن ئۆگەنگەنلىرىنى
ئېيتىپ بەردى. ئوغۇز «داداڭنى ئېلىپ كەلگىن» دەپ بۇير
دى. قارا ـ سۇلۇك دادىسىنى ئېلىپ كەلدى. يۇشى خوجا ئوغو
نى — ئوغۇزمۇ يۇشى خوجىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا ناھايىتى ز
ئىلتىپات كۆرسىتىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۆمرىنى بەخت
سائادەتتە ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، سەمەرقەندنى ئۇنىڭغا سۇيۇرغ
قىلىپ بەردى. قارا ـ سۇلۇك «ئۇلۇغ بەگ» (ئەمر بۇزرۇك
بولۇپ تەيىنلەندى، شاھانە تون، كەمەر، كىيىم ـ كېچەك
نۇرغۇنلىغان مال ـ بايلىقلار بېرىلدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممى
توي ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلدى. ئوغۇزمۇ بۇ يەردىن تۇغۇلغ
يۇرتىغا قايتتى.
ئوغۇزنى كىشىلەر مىڭ يىل ياشىغان دېيىشىدۇ. ئۇ شۇندى
كېيىن قوشۇنى بىلەن بۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ. رىۋايەتلەر
قارىغاندا، قىلباراق بىر قېتىم يېغىلىق ئىسيان كۆتۈرۈپ
باج ـ خىراج ئەۋەتمىگەنىدى. ئوغۇز قىپچاقلارنى ئۇ يەرگە ئەۋ
تىپ، ئېدىل ۋە يامانسۇ بويلىرىغىچە بېرىپ ئولتۇراقلىشىش
ۋە ئۇ يەرنى ئۆزلىرىگە يۇرت ـ ماكان قىلىشلىرىنى بۇيە
رۇپ، غەللە ـ پاراقنى ئۇلارنىڭ تەمىناتى ۋە مائاشى قىلى
بەلگىلىدى؛ قىپچاقلار بۇ جايلارنى ئۆزلىرى خالىغانچە باشق
رۇپ، بۇنىڭدىن مائاشلىرىنى ئېلىشاتتى. قىپچاقلار قىلباراق
دەربەند ۋە شۇ تەرەپلەردىكى مەملىكەتلەرنىڭ باجلىرىنى يىغىپ
چوڭ خەزىنىگە ئەۋەتەتتى. شۇڭا قىپچاقلار مۇشۇ يەرگە ئورۇنل
شىپ، بۇ جايلارنى يۇرت ـ ماكان قىلدى. شۇندىن كېيىن ئوغ
ۋاپات بولدى.

## ئوغۇزنىڭ ئوغلى كۈن خاننىڭ خاقانلىق قىلىشى

ئوغۇزدىن كېيىن، چوڭ ئوغلى كۈن خان خاقان بولدى. كۈن خان يەتمىش يېشىدا تەختكە ئولتۇرۇپ، يەتمىش يىل خاقانلىق قىلدى، دادىسى ئوغۇزنىڭ خېلى بۇرۇن بىر شەھەر بىنا قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا يېڭى كەنت دەپ نام بەرگەنلىكى ۋاپاتىدىن كېيىن مەلۇم بولدى. بۇ شەھەرنى ئىرقىل خوجا ناملىق تولىمۇ ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك بىر ئادەمنىڭ باشقۇرۇشىغا بەرگەنىدى («ئىرقىل»نىڭ مەنىسى بىلسا، مۆتىۋەر ۋە ئۇلۇغ دېمەكتۇر). بۇ ئىرقىل خوجا تەجرىبىلىك، ياشانغان ئادەم بولۇپ، ئوغۇز بىلەن بولغان ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەتكە ئاساسەن، ئوغۇز ئەۋلادىغا ئىنتايىن شەپقەتلىك ئىدى. ئۇ بىر كۈنى كۈن خانغا: «ئوغۇزخان ئۇلۇغ بىر خاقان بولۇپ، يەر يۈزىنى ئىدارىسى ئاستىغا ئېلىپ، نۇرغۇن خەزىنە ۋە ھېسابسىز چارۋامال توپلىدى، ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساڭا قالدى. سىلەر ئالتە ئوغۇل، تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ھەر بىرىڭلارنىڭ تۆت نەپەردىن جەمئىي يىگىرمە تۆت نەپەر ئەۋلادىڭلار بار! كېيىنچە، ئۇلارمۇ بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، ھەر بىرىنىڭ دەرىجىسى، كەسپى، نامى ۋە لەقىمى بولۇشى كېرەك؛ ھەر بىرىنىڭ ئايرىم نىشانى ۋە تامغىسى بولسۇن، شۇنىڭ بىلەن تونۇلسۇن، بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ئۆز يېرىنى بىلسۇن. بۇنداق قىلىش دۆلەتنىڭ داۋاملىشىشى ۋە ئۇرۇقۇڭلارنىڭ ياخشى نام قازىنىشى ئۈچۈن كېرەكتۇر» دېدى. بۇ سۆزلەر كۈن خانغا ماقۇل كېلىپ، ئىرقىل خوجىغا سۆزلىگەنلىرىنى ئورۇنداشقا بۇيرۇق بەردى. ئىرقىل خوجا ئوغۇز ھايات ۋاقتىدا يېرىمى بۇز ئوق، يېرىمى ئۈچ ئوق دەپ ئاتالغان ئوغۇللاردىن يىگىرمە تۆت ئەۋلادنىڭ ھەر بىرىگە

بىردىن لەقەم بەردى؛ يەنە ھەر بىرىگە بۆلاردىن كىمگە مەنـ
ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مال چارۋىغا بېسىش ئۈچۈن ب
دىن تامغا بېكىتتى. ھەر بىر ئوغۇلغا قايسى ھايۋاننىڭ «توت
(قۇتقۇ) بولىدىغانلىقىنى تەيىنلىدى. قەدىمكى تۈركىي تىلىد
بەلگە «ئۇنگۇن» دېيىلەتتى. ئۇنگۇن «ئۆز ۋۇق بولسۇن» سۆزـ
ئېلىنغان بولۇپ، قۇتلۇق بولسۇن مەنىسىدە كېلەتتى. ئۇنگ
قۇت ۋە دۆلەت دېمەكتۇر.

ئىرقىل خوجا قەبىلىلەر ئارا تالاش - تارتىش بولماسلـ
ئۈچۈن، ئاتنىڭ گۆشىنى يۇقىرىدىكى ھەسسىدە كۆرسىتىلگەنـد
ئورۇنلاشتۇردى. توي - مەرىكە چاقىرىلغان ۋاقىتدا ئىككى ئ
سويدۇرۇلاتتى. ئات گۆشى ئون ئىككى پارچىغا بۆلۈنگەنلىكتىن
بىر ئاتنىڭ گۆشى بۆز ئوقلارغا، يەنە بىر ئاتنىڭ گۆشى ئۈ
ئوقلارغا تارتىلاتتى. بويۇنغا يېقىن بىر ئارقا سۆڭىكى، دۈمبـ
يېقىن بولغان ئارقا ئومۇرتقىسى بىر ئوڭ قول خاقاننىڭ ئۆزـ
ۋە يۇرت چوڭلىرىغا تارتىلاتتى، باشقا پارچىلىرى بولسا، ھـ
قەبىلىگە ۋە ئوغۇزنىڭ ئوغۇللىرىغا خاس ئۈلۈش قىلىپ ئايرـ
بېرىلەتتى. باشقىسىنىڭ ئۈلۈشىنى يېيىشكە ھېچكىمنىڭ ھەقق
يوق ئىدى. مۇشۇ بەلگىلىمىلەر ھەر قەبىلە ئىسمىنىڭ ئاخىرـ
يېزىلدى. ئۇ زامانلاردا بېقىندى مەملىكەت ھۆكۈمدارىدىن بىر
رى باج - خىراج تۆلەشتىن باش تارتسا، بەگلەردىن بىرەر
ئەسكەرلەر بىلەن ئەۋەتىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەلەپ جايىغا كەلتـ
رۈلەتتى. باشقا ھەممە مەملىكەتلەردىمۇ ئوغۇز ئوغۇللىرىنىـ
ئىشلىرى دېگەندەك ۋايىغا يەتكەندىن كېيىن، مۇنداق بۇيرۇ
بېرىلدى: ئوڭ قول بولغان بۆز ئوقلار سايرام چېگرىلىرى
باشقۇرت تاغلىرىدىن تاكى قارا باھ (قارا ياغاچ) قىچە بولغا
جايلارنى يايلاق قىلسۇن؛ سول قول بولغان ئۈچ ئوقلار كۆرتاغ
يەرىيۇد، تۇغلۇق (قۇشلۇق) ۋە بۆز يۇقادىن تاكى ئالمالىقنىـ
ئاقتېغىچە بولغان يەرلەرنى يايلاق قىلسۇن؛ قىشلاقلىرى ئـ

چوْن ئوڭ قول بوْز ئوقلارغا بورسوْق، ئاقتاغ، ناماش (نام ئالمىش)، باسار قوْملار بېكىتىپ بېرىلدى؛ سول قول ئوْچ ئوقلارغا دەرە، ئاساناش (سال گەپدوْم) قوْم سەڭرى، قاي تورد-مى، يار سەڭرى ئايرىپ بېرىلدى.

## كوْن خاندىن كېيىنكى ئوغوز يابغۇلىرى

كوْن خان يەتمىش يېشىدا تەختكە چىقىپ، خېلى ۋاقىت خاقانلىق قىلغاندىن كېيىن ۋاپات بولدى، ئەجدادىنىڭ ئىسمى قويۇلغان ئوغلى زىب ياۋقوْيخان خاقانلىق تەختكە ئولتۇردى. ئۇ بەگلەر، ئۇلۇغلار ۋە دىۋان ئەزالىرىدىن «ئەجدادىمىز ئوغوز بوْنچىۋالا ئەلنى قانداق قىلىپ بويسۇندۇرغان؟» دەپ سورىۋىدى، كوْپچىلىكنىڭ ئىچىدىن ئۇلاش ۋە ئۇلاد ئىسىملىك سالوْر قەبىلە-سىدىن بولغان ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن بىللە كېلىپ تىزلىنىپ، سالام قىلدى ۋە جاۋاب بېرىپ: «كوْنچىقىشتىن كوْنپېتىشقىچە بولغان ئەللەرنى سېنىڭ بوۋاڭ ۋە ئاتىلىرىڭ بويسۇندۇرغان. ئەمدى بىز سېنىڭ ئىتتىپاقچىڭ. ئۇ ئەللەرنىڭ باج ـ خىراج تۆلىشى ئۈچۈن كوْچ چىقىرىمىز. كىمكى قارشى تۇرسا، قاتتىق جەڭ قىلىپ، ئۇنى يوقىتىمىز. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ نام ۋە شانى مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. ھەر قانداق كىشى ساڭا باج ـ خىراج بەرمەسلىككە ھەددى ئەمەس» دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولغان ياۋقوْيخان ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەملىكەتنى دېگەندەك گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن، بىلىمى كامالەتكە يەتكەن بۇ ئىككى شەخسنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا توغرا كېلىدۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇلار-غا ئىشىنىپ، ئۇلارنى ئىنتايىن ھۆرمەتلىدى ۋە ئىززەتلىدى. ئۇلارغا: «سىلەر بىز بىلەن ئىتتىپاقداش بولدۇڭلار! ئەمدى باشقا قەبىلەرنىڭ نۆكەرلىرىمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىز بىلەن ئىتتى-پاقلىق ئورنىتارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇلار «يازارلادىن ئالان

ئاتلىق بىر بەگ بىلەن بولان (ئولاھ) ئىسىملىك بىر ئو
بىزنىڭ ئىتتىپاقدىشىمىز. دۆگەرلەردىن زىب جەڭشۇ ئو
دۇركەش ۋە ئۇنىڭ ئوغلى تاشبەك (ياسبەك)، بالغۇبەك (يا
بەك)، باياندىرلاردىن تولۇ (قولۇ) خوجىلارمۇ بىز بىلەن ئىت
پاقداش، سىزگە دۈشمەنلىك قىلغان ھەر قانداق يەرگە بىز بىل
بىللە بارالايدۇ. سىز ئۇچۇن جېنىنى پىدا قىلالايدۇ» دېدى. ز
ياۋقۇيخان ئۇلاردىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى
كۆچ - قۇۋۋەت ئالدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ قەبىلىلەر م
بىلەن بىرلەشسە، قوللانغان تەدبىرلىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ياخ
بولىدۇ» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن نامى كۆرستىلگەن قەب
بەگلىرىنىڭ ئاتلىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ تۇرغۇزدى، ئوغۇللىر
نى بولسا، شام، باشقۇرت، پارس، كىرمان، ئىسپىھان، باغد
ۋە بەسىرە قاتارلىق يەرلەرگە ئۈچ يىللىق باج - خىراج يىغ
كېلىش ئۈچۈن ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. بۇ جايلارنىڭ ئاھ
لىسىمۇ تېگىشلىك باج - خىراجلىرىنى بېرىشتى. ھەممە ئەلل
ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇندى. ئەتراپتىكى ھۆكۈمدارلارنىڭ ھەمم
ئاتا - بوۋىلىرى دەۋرىدىكىگە ئوخشاشلا ئىتائەتلىك ئىدى. ز
ياۋقۇيخان بىر مەزگىل خاقانلىق قىلغاندىن كېيىن، كۈنچىقىش
تىكى بىر ۋىلايەتتە ياشايدىغان يەمەكان (يەمەكلەر) دەپ ئاتىلىد
غان خەلق بۇلارغا قارشى چىقتى. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى كۆچلۈ
بولۇپ، ئىككى ئادىمى باشقىلارنىڭ ئون ئادىمىگە تەڭ كېلەتتى
بۇ خەلقنىڭ كۈن چىققان ۋاقتىدا ناغرا چالىدىغان ئادىتى
ئىدى. ياۋقۇيخان يەمەكلەر ئېلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەسكەر يىغ
يۈرۈش قىلدى. ئۇلارنى پۈتۈنلەي يېڭىپ ئاندىن قايتىپ كەلدى
بەختكە قارشى، ئېتى پۈتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكەنلىكتىن، يو
سىنىنىڭ سۆڭىكى سۇنۇپ ۋاپات قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قور
ياۋقۇي ئورنىغا خاقان بولۇپ، ئالس ئوقلى ئولسۇن نائىپ بو
دى. ھەر قانداق ئىشنى كېڭىشىپ قىلاتتى. ئوتتۇز يىل خاق

لىق قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئوغلى قورۇراساق ياۋقويى خاقان بولۇپ، توقسان يىل سەلتەنەت سۈردى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنال ياۋقويخان ئۇنىڭ ئورنىغا خاقان بولدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ بىر يۈز يىگىرمە يىل دەۋر سۈرگەن. ئۇ ھۆكۈمدارلىق قىلغان دەۋردە ئۆزىنىڭ ۋەزىرى، ئورۇنباسارى ۋە بەگلىرى بولغان قارۇ (قايى، بايات)، كەرەنجۇك بوۋا، سالۇرلاردىن دامقاق، كۆكسە-لار بىلەن كېڭەش قىلىپ ئىش قىلاتتى. ئۇنىڭ دەۋرىدە ھەممە مەملىكەت، ۋىلايەتلەر تىنچ ۋە ئاسايىشلىقتا ياشىغانىدى، خاقانلى-قى ئاخىرلىشىپ، ئورنىغا ئىنالخان سىر ياۋقويخان خاقانلىق تەختىگە ئولتۇردى. مەملىكەت تىنچلىق ۋە تەرتىپ ساقلاپ يەتتە يىل ھۆكۈم سۈردى. سالۇرلاردىن كۆكسى خوجا، يىۋارلاردىن شابان خوجا ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى ئىدى. يەتتە يىللىق خاقانلىق قىلغان دەۋردە ئۆز ئوغلى چىپار ئاتلىق، كەتەن تونلۇق قايى ئىنالخاندىن رازى بولدى. ھايات ۋاقتىدىلا قاغانلىقنى ئوغلى چىپار ئاتلىق، كەتەن تونلۇق قايى ئىنالخانغا بېرىشنى ئويلايتتى. بۇ سۆزنىڭ ھەممىسى بىر چىپار ئاتقا مىنگەن ۋە سامۇر (بىرخىل قۇش پەيلىرىنىڭ يىپىدىن توقۇلغان گەزلىمە) تون كىيگەن دې-گەنلىك بولۇپ، «قايى» ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئىدى، ئۇنى خاقان-لىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. مۇھەممەت پەيغەمبەر بۇنىڭ زاماندى-شى بولغاچقا، ئۇ بايات ۋە كەرەنجۇك ئىسىملىك بوۋىلارنى ئەلچى-لىككە ئەۋەتىپ مۇسۇلمان بولغانىدى. بايات قەبىلىسىدىن قارا خوجىنىڭ ئوغلى ئەلچى بولدى. ئۇ بەك ئەقىللىق، بىلىملىك ۋە كارامەت ئىگىسى بىركىشى بولۇپ، ئىنالخان سىرياۋقويى زامانىدا ئوتتۇرىغا چىققانىدى. بۇ سۆزلەرنى نەقىل قىلغۇچىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۇ ئىككى يۈز توقسان بەش يىل ئۆمۈر كۆرگە-نىكەن. ئىبرەتلىك سۆزلىرى، سۆزلىگەن كارامەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ھەققىدىكى ھېكايىلەر بەك كۆپ بولۇپ، ئايرىم زىكىر قىلىنىدۇ. بۇ زامانىدا پادىشاھلىقتا ئاتىسى تەيىنلىگەن نائىبلار ۋە ئۇنىڭغا

ياردەمچىلىك قىلغانلار ئۆلۈپ كېتىپ، ئورنىغا باشقا ۋەزىر
نائىبلار سايلانغانىدى. بۇلاردىن بىرى باياندىرلاردىن دۆكەرنى
ئوغلى ئەركى زور بىر نەزىر قىلىپ بەرگەنىدى. ئۇ ئىككى كۆ
(ناۋۇر) ياستىپ، بىرىنى ئايران، بىرىنى قىمىز بىلەن تول
دۇرغانىدى. دۆۋلەنگەن ئات، كالا، قوي گۆشلىرىدىن بىر قانچ
تاغ دۆۋىلىرى ھاسىل بولغانىدى. مەملىكەتلەرنىڭ ھەممىسىد
ماتەم مۇراسىمىغا ئادەملەر كەلدى، ھەممىسىگە ئاش تارتىلدى
ئۇلارمۇ نۇرغۇن نەرسىلەر ئېلىپ كېلىشكەنىدى. بۇخاقاننىڭ ئوغ
لى يوق بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا خوتۇنى تاسادىپەن ھامىلىدا
بولدى. خاقان ۋاپات بولغان ۋاقىتىدا بۇ بالا دۇنىياغا كەلدى. با
تۇغۇلغان ھامان، باياتلاردىن قورقۇت ۋە ئەركى ئىككىسى: «ب
بالىنىڭ ئىسمى تۇمان بولسۇن» دېيىشتى. دىۋان ئۆلۈغلىرى
«تۇمان- قاراڭغۇلۇق دېگەن سۆز، بۇ ئىسىم خاقانلارغا لايىق
ئەمەس، بۇنىڭدىن ياخشىراق ئىسىم قويۇش كېرەك» دېيىشتى.
قورقۇت: «تۇمان بولغاندا، گەرچە ھاۋا تۇتۇلۇپ قاراڭغۇلۇق
بولسىمۇ، ئەمما ئوت - چۆپلەر ئۈچۈن پايدىلىق نەملىك قالدۇر
دۇ، بۇ بالىنىڭ دادىسىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن خەلقنىڭ كۆڭلى
مەيۈسلەندى. ئەتراپنى تۇمان قاپلاپ، قاراڭغۇلۇق باستى. ئەم
ما، شۇنى ئۈمىد قىلىشىمىز كېرەككى، بۇلار ئۆتۈپ كېتىدۇ
كۈن چىقىپ دۇنىياغا ساپلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئوت - چۆپلە
كۆپىيىپ، ھەممە كىشىنىڭ ئىشى ياخشىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن
بۇ ئىسىمنى قويدۇق» دېدى. ياۋقۇيخان ئۆز ئوغلى چىپار ئا
لىق، كەتەن تونلۇق قايى ئىنالخاننى ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى
ئۇ ھايات ۋاقتىدا جانىۋارلار، ھايۋانلاردىن بىرەردىن تۇتقۇز ۋ
ئۆلتۇرگۇزۇپ، تىللىرىنى كەستۇرۇپ، بىر ساندۇقتا سېلى
ساقلىغانىدى. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا: «ئەگەر ئوغلۇم دۇنىيا
كەلسە، ھايۋانلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن، شۇ كۈنى ئ
نىڭغا بىرەرسىلەر» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى. تۇمان خان تۇغۇ

غان چاغدا، ھېلىقى ساندۇقنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھايۋان تىللىرىنى يۇيۇپ، تۇمانخانغا يېگۈزدى. شۇڭا، بالا چوڭ بولغاندا، پۈتكۈل ھايۋان تىللىرىنى بىلىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، چوڭ - كىچىك ھەممە كىشى يىغىلىپ، تۇمانخان چوڭ بولغۇچە خاقانلىقنى كىمگە بېرىمىز دەپ ئۆزئارا مەسلىھەتلەشكەندى. قۇرقۇت كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن مۇنداق خىتاب قىلدى: «ھەممىگە ئايانكى، خاقانىمىز ۋاپات قىلغان چاغدا، ئەركى ئۇنىڭ خىزمىتىدە ناھايىتى ياخشى نام چىقىرىپ، ئەڭ ئوبدان خىزمەت قىلدى. ئىككى كۆلچەك ياسىتىپ، ئايران ۋە قىمىز تولدۇردى. ھەر خىل گۆشلەرنى شۇنچىلىك كۆپ يىغدۇردىكى، ھېچكىم مۇنداق قىلالمايتتى. زامان ۋە ئەھۋالنىڭ تەلىپى شۇكى، تۇمانخان ھازىر بەك كىچىك، خىزمەتنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمايدۇ، خاقانلىق بۇ بالىنىڭ نامىغا قارارلاشسۇن. لېكىن، ئۇ ئۆسۈپ يېتىلگۈچە، ئۇنىڭ ئورنىدا ھازىرغىچە ياخشى خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئەركى بىزنى ئىدارە قىلىپ تۇرسۇن.» قۇرقۇتنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان كۆپچىلىك بۇ ھەقتە كېڭىشىپ، بالىنى خاقانلىققا كۆتۈرۈشتى، ئەركىنى ئۇنىڭغا نائىب قىلىپ سايلاشتى. ئۇ ئايران ۋە قىمىز تولدۇرۇش ئۈچۈن ئىككى كۆل ياساتقاچقا، ئۇنىڭغا كۆل ئەركى خان دەپ نام بېرىپ، خاقانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇ خاقانغا ۋاكالىتەن توققۇز يىل تەختتە ئولتۇردى. تۇمانخان چوڭ بولۇشى بىلەن ئۆزىنىڭ مىراس ھەققى بولغان خاقانلىق تەختىنى سورىماقچى بولدى، ئوڭ ۋە سول قول بەگلەرنى ۋە ئەسكەرلىرىنى چاقىرىپ: «تەختكە ئولتۇرىمەن!» دەپ جاكارلىدى. نائىبى بولغان كۆل ئەركى خان بۇنى ئاڭلاپ ۋەزىيەتتىن قورقتى ۋە ئەندىشىدە بولدى. كۆل ئەركى خان ياردەمچىلىرى (نۆۋۋال) گە: «توققۇز يۈز قوي ۋە توقسان بايتال سويۇپ توي قىلىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى ۋە ئۇلارغا: «تۇمانخانغا مېنى ئوۋغا چىقىپ كەتتى دەڭلار!» دېدى.

بۇ تويىنى ئورۇنلارشتۇرغاندىن كېيىن، «خاس قەدەھ تۇتۇ
مۇراسىمى» ئۈچۈن ئايرىم ئۈچ مىڭ قوي ۋە ئوتتۇز باي
تەييارلاپ قويۇشنى بۇيرۇدى. خاقانغا قەدەھ سۇنۇش ئۈچۈن قو
قۇتنى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە ئادەم تەيىنلەپ: «دۆلەتنى
تايانچى سەن، ئىشلار ئۇنداق ياكى مۇنداق بولۇۋاتىدۇ، خاقاننى
ھەققىنىڭ تۇمانخاننىڭ ئىكەنلىكىگە ھېچقانداق شۇبھە يوق، تەخ
ۋە مەملىكەت ئۇنىڭ، يېتىپ كەلگىن، ئۇنىڭغا قايسى پىك
ئويغۇن كەلسە، سۆزلىگىن؛ بىزمۇ شۇنىڭغا قاراپ ھەرىكە
قىلايلى» دېدى. قورقۇت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بۇ يەرگە كەلدى
كۆل ئەركى خان تۇمانخانغا توي بەردى. تويدا قورقۇت قەدە
سۇندى. ئاشلار تارتىلىپ يېيىلىۋاتقان ۋاقىتتا، بىر قېرى بۆر
نىڭ ھۇۋلىغانلىقى ئاڭلاندى. تۇمانخان پۈتۈن ھايۋانلارنىڭ تىل
نى بىلگەچكە، بۇ بۆرىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئۇقتى. بۆرى:
«ئەپسۇسكى، بەك ياشاندىم؛ ئوۋلىرىمنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ
يېتىشەلمەيمەن، يېتىشسەممۇ ئۇنى تۇتۇۋالالمايمەن، تۇتۇۋالغان
ھالەتتىمۇ ئۇنى پارچىلىيالمايمەن» دېگەنىدى. قېرى بۆرىنىڭ
سۆزى تۈگىشى بىلەن ياش بۆرىدىن ئۈچى: «سەن قېرىپ ئاجىز-
لىشىپ قالغان بولساڭ، بىزنىڭ كۈچىمىز بار. قانداق، ياشلار
قېرىلارغا ياردەم قىلمىسا، ئۇنىڭ نېمە قىممىتى بولىدۇ؟ بۈگۈن
تۈن راسا قاراڭغۇلىشىدۇ ۋە قاتتىق بوران چىقىدۇ، بۇنىڭدىن
پايدىلىنىپ، توي ئۈچۈن ئەكېلىنگەن ھەممە ماللارنىڭ قۇيرۇق-
لىرىنى ۋە قورسىقىنى پارچىلاپ ساڭا بېرىمىز، بۇلارنى راس
مەززە قىلىپ يە، ھەر ۋاقىت ساڭا مۇشۇنداق ياردەم قىلىپ
تۇرىمىز» دېيىشتى. كۆل ئەركى خاننىڭ ئاشخانىغا يېقىن بىر
جايغا ئورۇنلاشتۇرغان قويلارغا قارايدىغان قارا باراق ناملىق بىر
ئىتى بار ئىدى. بۇ ئىت: «ئەگەر خاقان ماڭا ئىسسىق بىر
قۇيرۇق بەرسە، ھېچبىرىڭلارنىڭ بىرەر قوزىغىمۇ تېگىشىڭلارغا
يول قويمايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. خانزادە تۇمان بۇ ئەھۋالنى

ئاڭلاپ، تەييار پىشقان ئاشنىڭ ئىچىدىن بىر قوير ۇقنى ئېلىپ ئىتقا تاشلاپ بەردى. يېنىدىكىلەر: «ئىتقا شونداق قوير ۇق بېرد. لەمدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ: «كۆل ئەركى خان بىلەن ئارد. مىزدا كۆڭۈل قېپقالىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەپ بەردىم. (ئىگىسىنى سېغىنساڭ، ئىتىغا سۆڭەك سال) دېگەن گەپ بار. ئىت دېگەنمۇ غەرەزسىز بولىدۇ، بىزمۇ غەرەزسىز بولۇشىمىز لازىم» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇندىن كېيىن ئاشنى يەپ ئۇخلىدى. يېرىم كېچە بولغاندا، تۇمانخان ئويغىنىپ يېنىدىكىلەرگە: «قا. راپ بېقىڭلار، سىرتتا بوران چىقىۋاتامدۇ، يوقمۇ؟» دەپ بۇير ۇ. دى. ئۇلار قاراپ كىرىپ، ئەتراپنىڭ بەك قاراڭغۇ ئىكەنلىكىنى، بوران چىقىۋاتقانلىقىنى، ناھايىتى قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلىشتى. تۇمانخان بۆرىلەرنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىنى بىلدى. ئەتراپ يورۇپ، بوران ـ يامغۇر توختاش بىلەن ئىتقا قارىۋىدى، ئىت ۋە قويلار كۆرۈنمىدى. تۇمانخان قارا باراقنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، يېنى. دىكى ئۈچ يۈز ئادىمىگە قارا باراق ۋە قويلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكى. نى بىلىپ كېلىشكە بۇير ۇق چۈشۈردى. ئىزدەپ كۆرۈشۈۋىدى، كېچىدە قويلار بۆرىلەردىن ئۈركۈپ، قارا باراق بىلەن بىللە يالغۇز بىرلا يولى بولغان ئاقلى ناملىق كېچىككە كېتىشكەنىكەن. قارا باراق بۆرىلەر بىلەن ئېلىشىپ، كېچىكنىڭ ئاغزىنى توسۇپ، بۆرىلەرنىڭ قويلارغا قىلغان ھۇجۇمىغا توسالغۇ بولغان. تۇمانخان بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال ئاتلىنىپ ئۇ يەرگە ماڭ. دى. ئەھۋالنى كۆردى ۋە بۆرىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى. ئىتنىڭ ئۆز سۆزىدە تۇرغانلىقىغا ئىشەندى. قويلارنى ئەركى خاننىڭ يېنىغا ھەيدەپ ئاپىرىشنى بۇير ۇدى. ئەركى خان تۇمان. خاننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال قارشى ئېلىشقا چىق. تى. تۇمانخان بىلەن كۆل ئەركى خان قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە بىرلىكتە ئولتۇرۇشتى. سۆھبەت جەريانىدا كۆل ئەركى خان

تۇمانخانغا: «بۇنچىلىك قوي ئۇچۇن بىر خانزادىنىڭ ئاۋارە بول
يۈرۈشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بۇنىڭدىن مىڭ ھەسسە كۆپ قو
چىقىم بولۇپ كەتسىمۇ نېمە بوپتۇ؟ ھەممىمىز سىنىڭ قۇللىر
بولىمىز، بارلىكى نەرسىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى سىنىڭ، چۇ
نكى، سەن بىزنىڭ خاقانىمىزسەن!» دېيۈدى، تۇمانخان: «تو
را، قوينىڭ بۇنچىلىك زور قىممىتىغۇ يوق ئىدى. بىراق، تەل
ۋە نام ئۇچۇن، بۇلارنىڭ زايا بولۇشى شۇملۇقتىن دېرەك بېر
دۇ، ئادەملەر كېيىن ‹تۇمانخاننىڭ ئايىغى ياراشمىدى› دېيىش
دۇ» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنداق قىلىپ توي تارتىلىپ يەت
كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلدى، ھەر كۈنى توقسان قوي ۋە توققۇ
بايتال سويۇلۇپ تۇردى. بۇ ۋاقىتتا، قورقۇت ئۇتتۇرىغا چىقىپ
تۇمانخانغا: «داداڭ ۋاپات بولغان ۋاقىتىدا سەن تېخى كىچى
ئىدىڭ، ئۆزئارا كېڭىشىپ، كۆل ئەركى خاننى خاقان نائىبلىقى
تەيىنلىگەنىدۇق. ئەمدىلىكتە سەن چوڭ بولدۇڭ ۋە بەخت بىلە
بۇ ئورۇنغا ئېرىشتىڭ. كۆل ئەركى خان قېرىپ، بۈگۈن
ئەتىلىكى قالدى، بۇنداق ۋاقىتتا سەن ئۇنى خىزمىتىدىن بوشا
ساڭ ياخشى بولمايدۇ. خەلق سۆز ـ چۆچەك قىلمامدۇ؟
سىنىڭ خاقانلىقىڭغا ياراشمايدىغان غەلىتە بىر ئىش بولۇپ قال
دۇ. ياخشىسى، سەن ئۇنىڭ قىزىنى ئال. شۇندا پۈتكۈل ما
ۋە خەزىنىلىرىنى ساڭا بېرىدۇ. ئازغىنا ۋاقىتتىن كېيىن
ئۆلسە، تەخت ۋە ھەممە نەرسە ساڭا قالىدۇ» دېدى. تۇمانخا
كۆل ئەركى خاننىڭ قىزىنى تويدا قەدەھ تۇتقان ۋاقىتلىر
كۆرگەنىدى. قىزنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنى سوراتتى. بىر ئا
توي- تاماشا قىلىپ كۆڭۈل ئېچىشتى. بىر مۇددەت مۇشۇنداق
ئۆتۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوتىقىنى باشقا ئۆيلەرنى
ئالدىغا قۇرۇشتى، تۇمانخان بىر كۈنى تەختتە ئۇخلاۋاتاتتى
سىرتتا سۆزلىشىپ كېلىۋاتقان ئاياللارنىڭ: «ئاينە (ئىنە) خا
ئوغلى ئۇجەخان تۇمانخان ئالغان كۆل ئەركى خاننىڭ قىز

دەسلەپ مەن كۆڭۈل بەرگەنىدىم، ئەمما تۇمانخان ئارىغا قىسىل-
ۋېلىپ قىزنى ئېلىۋالدى. بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ، قىز-
نى قايتۇرۇۋالىمەن. . . دەۋاتقۇدەك. . . » دېگەن گەپلىرىنى ئاڭ-
لاپ قالغان تۇمانخان ئۇقمىغانغا سېلىپ يۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆر-
مەي، دەرھال سەركەردىلىرىنى توپلاپ، ئۇجەخان بىلەن ئۇرۇ-
شۇشقا ماڭدى. ئۇ يەرگە بارغاندا ئاينەخان چىقمىدى. پەقەت
ئوغلى ئۇجەخانلا ئۇرۇشۇش ئۈچۈن چىقتى. تۇمانخان ئۇنىڭ
بىلەن ئۇرۇشۇپ يېڭىپ، پايتەختكىچە ئىككى كېچە - كۈندۈز
قوغلىدى. ئاخىر يۈز نەپەر ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن ئۇنى يەنە بىر
قېتىم يەڭدى. ئۇجەخاننى ئەسىر ئېلىپ، ئۆز قوشۇنىغا قوشۇ-
ۋالدى. ئۇلارنىڭ مەملىكىتى چېگرىسى ئىچىدە بىر مەزگىل
تۇرغاندىن كېيىن، ئۇجەخاننى ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئېيت-
قان سۆزلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭمۇ ئويلىغانلىرىنى سورىدى، ئەمما
ئۇجەخان ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئىقرار قىلمىدى. تۇمانخاننىڭ
قۇلىقىغا يەتكەن ھېلىقى سۆزلەرنىمۇ ئىقرار قىلمىدى. بۇنىڭدىن
ھېچ نەرسە ئېنىقلىيالمىدى. پەقەتلا ئۇ: «ئارىمىزدىكى ئۇرۇش-
نىڭ سەۋەبى، سېنىڭ مەملىكىتىمىزگە قارشى تۇرغىنىڭ، بىز-
نىڭ ساڭا قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىمىزدىن باشقا ئىش
ئەمەس» دېدى. تۇمانخان ئۇنىڭ بۇ خىل باھانىلىرىنى قوبۇل
قىلماي ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئۇ بۇ يەردە بىر يىل تۇرۇپ
قالدى. كۆل ئەركى خاننىڭ قىزى بولغان ئايالى ئېرىنىڭ ئۇ
مەملىكەتتە يەنە بىر مەزگىل تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇمۇ تەي-
يارلىق كۆردى. ئايال بۇ ۋاقىتتا ھامىلدار بولۇپ، تۇغۇتى
يېقىنلاشقانىدى. يولدا بالا تۇغۇلدى. ئەھۋالنى كۆل ئەركى خانغا
مەلۇم قىلىشتى ۋە ھەر ئىككىسىنى ئۇنىڭغا ئەۋەتىشتى. كۆل
ئەركى خان بالىنى يېنىغا ئەكەلدۈرۈپ توي قىلىپ بەردى. ئوغ-
لىغا قاي ياۋقۇيخان دەپ ئىسىم قويدى. قىزىنى تۇمانخاننىڭ
يېنىغا ئەۋەتتى، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشتى. تۇمانخان

كېيىن، ئايىنەخانغا خىتاب قىلىپ: «ئاتا-بوۋىلىرىڭ ئەزەل
بېرى مېنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىمنىڭ ئېلى بولۇپ، ئىتائەت قىل
كەلگەنىدى. ئەمما، ئوغلۇڭ بىزگە قارشى يامان نىيەتتە بولغ
ئۇچۇن ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدۇم. ئەمدى سەن چىن دىلىڭدىن
بىلەن ئوبدان ئۆتىشىدىغان، بۇرۇنقىدەك ئىتائەت قىلىدىغ
راستلىق بىلەن باج - خىراج تۆلەيدىغان بولساڭ، مەنمۇ
بەگلىكنى ساڭا بېرىمەن» دېدى. ئايىنەخان ئىتائەت قىلىپ، ج
دىلى بىلەن بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تۇمانخان بۇ جايلا
ئۇنىڭغا بەردى ۋە ئۇنى خاتىرجەم بولۇپ قايتۇردى - دە، ئۆز-
پايتەختكە قايتتى. ئوغلىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولغان
مانخان نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى، مەلۇم ۋاقىتقىچە ك
ئەركى خان بىلەن ئىناق بولۇپ، ئادالەت ۋە توغرىلىق بىل
ئەلنى ئىدارە قىلدى. كېيىن ئوغلى قاي ياۋقۇيخان چوڭ بول
يېتىلگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سۇ بويىدا بىر ياش بالا بىل
ئويناۋېتىپ، ئاچچىقلىشىپ قېلىپ، قومۇش قەلەمدەك چو
لۇقتىكى ئىنچىكە ئۇچ قىرلىق بىر تىكەن بىلەن بالىنىڭ بوغۇ
غا ئۇرۇۋىدى، بالىنىڭ بېشى قىلىچ ئۇرغاندەك كېسىلىپ يەر
چۈشتى. چۈنكى بۇ ئوتنىڭ قىرى خۇددى ئالماستەك ئىتت
ئىدى. ھەممە كىشى بۇنىڭدىن ھەيران بولدى، ۋەقەنى ئاڭلى
تۇمانخان: «مېنىڭ ئوغلۇم قانداق بولمىسۇن تەڭرىدىن كۈچ
قۇۋۋەت ئاپتۇ، ئۇنىڭ ئىسمى تىكەن بىلەن ئەربىچكەن قاي
قۇيخان بولسۇن» دەپ بۇيرۇدى. بۇنىڭ مەنىسى بىر ئادەمن
بېشىنى تىكەن بىلەن ئېلىۋەتكەن دېگەنلىك ئىدى. مەلۇم ۋاق
تىن كېيىن، بىر تويدا كۆل ئەركى خان بىلەن تۇمانخانن
تەختتە بىرلىكتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن تۇمانخاننىڭ ئو
ھەممە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا كۆل ئەركى خانغا: «بۇ تەختتە ئول
رۇش دادامنىڭ ھەققى. بۇنىڭغا خېلى ۋاقىتتىن بېرى سەن ئ
بولدۇڭ، دادام چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ تەختتە ئولتۇرۇپ

كومدارلىق قىلىش مەقسىتىدە ئانامنى بەردىڭ. ھازىر مەنمۇ چوڭ بولدۇم. سەن ئوبدانلا قېرىدىڭ، ئەمدى تەختتىن چۈشۈپ، ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش ۋاقتى كەلمىدىمۇ؟ ھەققىمىز ئىكەنلىكىنى چوڭ ـ كىچىك ھەممە كىشى بىلىدۇ. تەخت بىزنىڭ. سەن بۇندىن كېيىن تەختتە ئولتۇرما. ئارىدىكى دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق دۈشمەنلىك ۋە ئىتتىپاقسىزلىققا ئايلانمىسۇن!» دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان كۆل ئەركىخان بىر پەس تۇرۇپ قالدى ـ دە، كېيىن مۇنداق دېدى: «بۇ سۆزنى مېنىڭ بۇرۇنلا ئويلىشىم، سۆزلىشىم، بولۇپمۇ، سېنىڭ تىكەن بىلەن بىر ئادەمنى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن كۈنىڭدىلا تەختنى ساڭا بېرىشىم كېرەك ئىدى. ئەمما، سەن مەندىن بۇرۇن بۇ گەپنى ئېيتتىڭ ۋە توغرا سۆزلەۋاتىسەن. مەن نېمە دەيتتىم.»

ئىككىنچى كۈنى، كۆل ئەركى خان چوڭ توي قىلدى؛ تۇمانخاننىڭ ئاتىسىدىن قالغان ئالتۇن ئۆينى باشقا ئۆيلەر بىلەن بىرلىكتە قۇرغۇزدى. كۆل ئەركى خان پۈتۈن ئوغۇز ئۇرۇقلىرى، ئۇلۇغلىرى ۋە ئاقساقاللىرىنى يىغىپ مۇنداق دېدى: «ئوتتۇز ئىككى يىلدىن بېرى ئولتۇرۇۋاتىمەن، بۈگۈن تەخت تۇمانخاننىڭ، چۈنكى ئۇنىڭغا دادىسىدىن قالغان. ‹بىزنىڭ ئۇرۇقدىن بىرەر خان چىقسا›، دەيدىغان ھەۋىسىمىز بولسا، بۇ پۈتۈنلەي قۇرۇق خىيال. خاقانلىق تەختى ئۇلۇغ تەڭرى تەرىپىدىن تاللانغانلارغا، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا لايىق، بۇ ئۇرۇقتىن كەلگەن كىشىلەر ھەرگىز خاتا ئىشلىمەيدۇ؛ لېكىن مەن خاتالىق ئۆتكۈزۈشۈم مۇمكىن. بۇ ئېنىق، شۇڭا ھازىرغىچىلىك تەختتە ئولتۇرغان ئوتتۇز ئىككى يىل جەريانىدا بىرەر كىشىنىڭ كۆڭلى مەندىن رەنجىگەن بولسا، سۆزلىسۇن.» سورۇندىكى ھەممە كىشى تەڭلا: «ھەممىمىز سېنىڭ ئىشلىرىڭدىن خۇشال ۋە رازىمىز. سېنىڭدىن زادىلا كۆڭلىمىز قالمىغان» دەپ جاۋاب بېرىشتى. شۇندىن كېيىن ئۇ تەختنى قايتۇرۇپ بەردى ۋە: «شۇ شەرت

بىلەن تەختنى قايتۇرۇپ بېرىمەنكى، سىلەرمۇ ئاتا - بوۋاڭلا
ئوخشاش ئىش قىلىڭلار! ئادالەت ۋە ھەقىقەتتىن ئايرىلماڭلا
چۈنكى بىزمۇ شۇ يولنى تۇتتۇق» دېدى. سۆزىنى تۈگەتكەند
كېيىن، نەۋرىسى قاي ياۋقۇيخانغا: «قىزىمنىڭ ئوغلى! ئاخىر
ماڭا يېغى ۋە ئاسىي بولدۇڭ، كەل ئەمدى بەخت بىلەن تەخ
ئولتۇر!» دېگەنىدى. بۇ ۋاقىتتا توققۇز ياشقا كىرگەن بالا جا
بەن: «بۇنىڭدا دادام بىلەن قىلىدىغان سۆزۈم ۋە كېڭىشىم با
بىزنىڭ كۆنىمىز ئەتىگە، نېمە قىلىشىمىزنى ئۆزىمىز بىلىمە
سىېنىڭ سۆزۈڭگە ھاجىتىمىز يوق» دېدى. تويغا كەلگەنلەر ك
تىش ھازىرلىقى قىلىۋاتقاندا، ئوغۇل كېچىسى دادىسى بىل
كېڭەش قىلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «ئاتىسى ساق - سالام
تۇرۇپ، ئوغلىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى توغرا ئەمەس، سەن ب
توي راسلىغىن - دە، تەختكە ئولتۇر، تاكى قېرىغىچە خاقانل
قىڭنى قىل، بولالمىغان چېغىڭدا ئەمر قىل، تەختكە مەن ئولت
راي.» ئاتىسى ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى قوبۇل قىلدى ۋە ماختىدى
شۇ كېچىسىلا بوۋىسىنىڭ ۋاقتىدا خىزمەت قىلغان پۈتكۈل بەگل
ۋە ئەمەلدارلارنى تەكلىپ قىلىش، يۇرت ئەھلىنى چاقىرى
ئەلچىلەر ماڭدۇردى. كىشىلەرنىڭ كېلىشى بىلەنلا، تويلار با
لىنىپ كەتتى. توي شۇنداق ئوبدان تەييارلانغانىدىكى، بۇر
ھېچكىم مۇنداق توينى كۆرۈپ باقمىغانىدى، توي ئون ئۈچ ك
داۋام قىلدى. دەسلەپكى كۈنى تۇمانخان تەختكە ئولتۇردى.
كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆز خاھىشى بىلەن تەختتىن
شۇپ، ئۆز ئوغلى تىكەن بىلەن ئەربىچكەن قاي ياۋقۇينى تەخ
ئولتۇرغۇزدى. بۇخان توقسان يىل پادىشاھلىق قىلدى. ئۇ ئىن
يىن قەھرىمان، پاك ئېتىقادلىق، بەك نومۇسلۇق بولغاچقا،
تۇن ئېلىنى ياساق بويىچە ئىدارە قىلدى ۋە يەر يۈزىنىڭ با
تەرەپلىرىدىمۇ ئۇنىڭغا باج - خىراجلار كەلدى. توقسان
خاقانلىق قىلغاندىن كېيىن ۋاپات قىلدى. بەگلىرى ۋە يېقىنلى
ئۇنىڭ ئوغلى ئولادمۇر ياۋقۇيخاننى ماتەم مۇراسىمىدىن كېي

بىر توي قىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭ قارا ئالپ ناملىق كىچىك بىر ئىنىسى بولۇپ، ھەر ئىشتا ئاكىسىدىن ئۇستۇن تۇراتتى. خاقانلىقنىڭ ئون بەشىنچى يىلى قەدىمدىن ئوغۇزلارغا تەۋە ھەم ئىتائەت بىلەن كەلگەن ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن ئارىقلى ئارسلانخان يېغى[1] بولۇپ، ئوغۇز يابغۇلىرى ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيان قىلدى. ئۇلادمۇر ياۋقۇيخانمۇ ئەسكەر توپلاپ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. بۇ ئۇرۇشقا زۇرۇر بولغان پۈتكۈل قورال- ياراغ ۋە مۇھىم نەرسىلەرنى سايرام شەھىرىدە تەييارلاپ، ئارىقلى ئارسلانخان قوشۇنى بىلەن تالاس چېگرىسىدا ئۇرۇشتى. ئۈچ كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلدى. ئۇلادمۇر غالىب كېلىپ ئۇلارنى يەڭدى، ئارىقلى ئارسلانخان چوڭ بەگلىرى بىلەن بىللە ئۇرۇشتا پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈلدى. بۇندىن ئىلگىرى بۇلارغا بېرىل- گەن بۇ ۋىلايەتلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، بېرىلمەي قالغان ئوت- تۇز يىللىق باج - خىراجلارنىمۇ تۆلىتىۋالدى ۋە بۇ مەملىكەتتە بىر يىل تۇرۇپ قالدى. ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان، قىلىچتىن ئېشىپ قالغانلار ئۇلادمۇر ياۋقۇيخان ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۆزلىرى- نىڭ گۇناھلىرىنى تونۇپ تۆۋا قىلىشتى ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىگە تەييار ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئارىقلى ئارسلانخاننىڭ كى- چىك بىر ئوغلى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇنى ئۇلادمۇر ياۋقۇيخاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەپكېلىشتى. بالىنى كۆرۈپ ناھايىتى ئېچىنغان ئۇلاد- مۇر ياۋقۇيخاننىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئاقتى ۋە: «ئەپسۇس! ئاتى- لىرىمىز بۇ ۋىلايەتلەرنى ئۇيغۇرلارغا بەرگەنىدى. ئەگەر ئارىقلى ئارسلانخان خام خىيالغا بېرىلمىگەن بولسا، بۇ مەسۇم بالا بۇنچى- لىك بىچارە، غەمكىن كۆرۈنمەيتتى، يېتىم بولۇپ قالمايتتى» دەپ بالىغا «ئالپ تاۋغاچ خان» دەپ ئىسىم قويدى - دە، بۇ مەملىكەتنىڭ خانلىقىنى ۋە بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى ئۇنىڭغا بې- رىپ، ئۇيغۇر بەگلىرىگە مۇنداق دېدى: «ئاتا - بوۋىلىرىمىز

---

① يېغى — دۈشمەن.

سىلەرگە ھەر ۋاقىت ياردەم قىلىپ قوغداپ كەلدى ۋە ياخش
قىلدى. ئىنشائاللا، بۇندىن كېيىن مەنمۇ شۇ يولدا ماڭىم
يېتەر، سىلەرمۇ پاك قەلبىڭلار بىلەن بىزگە ئىتائەت قىل
بويسۇنۇپ مىننەتدار بولۇڭلار، ھەر ۋاقىت بىزگە با
خىراج ئەۋەتىڭلار، سىلەردىن كەلگەن ياخشى ئىشلارغا جاۋ
بىزمۇ تېگىشلىك ياخشىلىقنى قىلىمىز. ئەمما، ئاللا يەنە ك
سەتمىسۇن، قارشى چىقماڭلار، بويۇنتاۋلىق قىلماڭلار،
يولدا ماڭىدىغان بولساڭلار، ئاسىيلارغا قانداق مۇئامىلە قىل
سىلەرگىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىنىدۇ.» ئۇلاردمۇر ياۋقۇي
بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن ئۆز پايتەخت
قايتىپ كەلدى. دادىسى ۋە دۆلەت ئەربابلىرى ئۇنىڭ شەرىپ
توي ـ زىياپەت بەردى. بۇ يىغىلىش ۋە تويلار شۇنداق خ
كۆڭۈل ئۆتتىكى، ئاتىلىرىدىن مىراس قالغان ھەممە يەرلەرن
بۇ بالىغا بېرىلىشى قارار قىلىندى، ئۇيغۇرلاردىن قانچىلىك
سىر ئېلىنغان بولسا، قايتۇرۇلۇشقا بۇيرۇق بېرىلدى. بۇ م
سەتتە، مەملىكەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ئەلچىلەر ئەۋەتىپ،
تۇن ئەسىرلەرنىڭ قايتۇرۇلغانلىقى ھەققىدە ئېلان چىقىرىلد
يىغىلغان ئۇيغۇرلار ئالىپ تاۋغاچ خانغا ئەۋەتىپ بېرىلدى. جا
يېڭىدىن تەرتىپكە سېلىندى. ھەممىلا يەردە ھەقىقىي تىنچلىق
ئاسايىشلىق ئورنىتىلدى، بۇنىڭدىن كېيىن دادىسى تىكەن بىل
ئەربىچكەن قاي ياۋقۇيخان ئۆلدى. ئۇلادمۇر ياۋقۇيخاننىڭ پۈ
پادىشاھلىقى ئەللىك يەتتە يىل ھۆكۈم سۈردى. ئوغلى يوق ب
غانلىقتىن، ئۇلادمۇرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن قاي ياۋقۇيخان
ئوغلى قارا ئالىپ ھۆكۈمدار بولدى. دادىسى ئۇرچە خان بى
ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغدا، دۈشمەن ئۇنى بۆشۈكتىن ئېلىپ ك
كەن بولۇپ، قايتىپ كەلگىنىدە دادىسىنى ھايات كۆرگەن
ئۇلادمۇر ياۋقۇيخاننىڭ يەتمىش بەش يىللىق خاقانلىقىدىن
يىن، قاراخان تەختكە چىقتى ۋە يىگىرمە ئىككى يىل خاقا
قىلدى.

## خاقانلىقنىڭ ئۇلادمۇر ياۋقۇيخان ئۇرۇقىدىن قاراخان ئەۋلادىنىڭ قولىغا ئۆتكىنى ۋە بۇغراخانىنىڭ مەملىكەتكە خاقان بولغىنى

ياۋقۇي ئەۋلادى تۈگەپ، ئۇلارنىڭ نەسلى ئۈزۈلۈش بىلەن قاراخان ئوغلى بۇغراخاننى خاقانلىققا ئولتۇرغۇزۇشتى. توقسان يىلدىن كېيىن ئۇ ئۈچ ئوغۇللۇق بولدى. بۇلارنىڭ چوڭى ئىل تېگىن، ئوتتۇرانچىسى قۇرى تېگىن، كىچىكى بەك تېگىن بولۇپ، «تېگىن» نىڭ مەنىسى يۈزى گۈزەل دېگەن بولاتتى. «بۇغراخان ئېشى» دەپ ئاتالغان تاماق ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىلىپ قويۇلغانىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مۇنداق بىر ۋەقە بولغانىكەن: بىر كۈنى ئەسكەرلەر ئاچ قېلىپ «قانداق ئاش ئېتىمىز؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئازغىنا خېمىر ئېلىپ، ئالىقىنىدا باسقاندىن كېيىن، قازانغا سېلىپ پىشۇرۇپتۇ. مانا شۇ تارىختىن ھازىرغا قەدەر بۇ تاماق ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالماقتا. بۇغراخان دەۋرىدە ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ياخشى جارى قىلىنىدى؛ ھەر كىشى ئۆز ھەققىگە ئىگە ئىدى. خەلق توق ۋە باياشات ياشايتتى. ئۈچ ئوغلىنىڭ ئانىسى بايىر خاتۇن ناملىق تولىمۇ ئەقىللىق، بىلىملىك ۋە ئىش بىلەرمەن بىر ئايال بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرىدىمۇ ئۇ كۆپرەك ھۆكۈم قىلاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەجەل كېلىپ، بۇ خاتۇن ۋاپات بولدى. بۇغراخان ئۈچ يىل ماتەم تۇتتى. ئۇ ئوتاۋدىن سىرتقا چىقمىدى ۋە چېچىنى كەستۇرمىدى. بۇغراخان قېرىپ زەئىپلەشتى، كۈچلۈك بەدىنى بارغانسېرى ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. نىھايەت ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن بەگلەر: «ئورنۇڭغا ئۈچ ئوغلۇڭدىن قايسىسىنى خاقانلىققا تەيىنلەيسەن؟» دەپ

سورىدى. بۇغراخان: «كېڭەش قىلىڭلار! بەگلەر قايسى
خالىساڭلار، شۇنى تەيىن قىلىڭلار!» دېدى. لېكىن، ئۇلار
لىك ۋە باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۆز ئارا سۆزلەشتى، بىر - بىر
رىزالىقىنى ئېلىشتى، بەگلەر بۇ ئەھۋالنى بۇغراخانغا مەلۇم
لىۋىدى، بۇغراخان: «سىلەر قايسىسىنى ئويلىدىڭلار؟»
سورىدى. بۇلار: «ھەر ئۇچىلىسى يارايدۇ، تاج ۋە لايىق قار
سىز بېرىڭ!» دەپ جاۋاب بېرىشتى. بۇغراخان: «ھەر نەر
نىڭ ئوتتۇرىسى ياخشى» دېدى. بەگلەر بۇ سۆزدىن ئوتتۇر
ئوغلى قۇرى تېگىننى تاللىغانلىقىنى بىلىشتى. شۇنىڭ بى
يەتتە كۈن يىغىلىپ توي قىلىشىپ، قۇرى تېگىننى تەختكە
تۇرغۇزدى. كېيىن قۇرى تېگىن ئاتىسىنىڭ قېشىغا كېلى
«ھەي دادا، بىر نەچچە يىلدىن بېرى يالغۇز ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ
كىرىۋېلىپ ماتەم تۇتۇۋاتىسەن، بۇنداق يالغۇزلۇقتىن نېمە چى
دۇ؟» دېدى - دە، دادىسىنى ئېلىپ بىللە ئوۋغا چىقىشتى.
ئەسناسىدا قۇرى تېگىن تۇيۇقسىز ئالدىغا چىقىپ قالغان ب
بۇغىغا ئوق ئاتتى. سارىقۇل ناملىق بىر كىشى بۇ ئوقنى تېپىۋ
لىپ قۇرى خانغا ئەپكېلىپ بەردى. قۇرى خان: «ئۇ ساداق
ۋە سەممىيىتى بىلەن بۇ ئوقنى ماڭا ئەپكېلىپ بەردى
دېدى - دە، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، لەشكەر قوماند
قىلىپ تەيىنلىدى، سۇيۇرغال يەر ۋە ئۇنۋان بەردى. ئوۋد
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قۇرى خان دادىسىغا: «ئانامنى
ئورنىنى بېسىش ئۈچۈن سېنىڭ خىزمىتىڭگە بىر قىز ئېلى
بېرەي!» دېگەنىدى، بۇغراخان يىغلاپ تۇرۇپ: «قايسى ئاي
ئانىڭ بانۇخاتۇننىڭ ئورنىنى باسالايدۇ؟ مەن خاتۇنلاردىن ئۆز ئ
نى تارتىمەن، ئۇلار بىز ئاتا - بالىنىڭ ئارىسىنى بۇزۇپ ئۇقۇ
ماسلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دېدى. قۇرى خان بەگلەر بې
بولغان كۈنجەبەگنىڭ قىزىنى دادىسىغا سوراتتى. توي قىلىند
قىش مەۋسۇمىنىڭ بىر كۈنى، بۇغراخان كەيپ بولۇپ ئۇخ

قالغانىدى. خاتۇن قۇرى خاننىڭ يالغۇزلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ياخشى كۆرۈنۈش مەقسىتىدە: «بېشىڭىزنى تازىلاپ قوياي» دېدى. قۇرى خان «قانداقلا بولسا، ئانام ھېسابلىنىدىغۇ» دەپ ئىككىلەنمەستىنلا بېشىنى ئۇنىڭ تىزىغا قويدى. خاتۇن ئۇنىڭغا: «مېنى داداڭغا ئېلىپ بېرىپ، بىر قېرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئەمدى ماڭا ھېچ قارىمايسەنغۇ؟» دېۋىدى، قۇرى خاننىڭ مەردلىك غۇرۇرى ۋە ھېسسىياتى جۇش ئۇرۇپ غەزەپلەندى ۋە: «سەن نېمىشقا كۆڭلۈڭدە مۇنداق بىر ئىپلاس نىيەتنى ساقلاپ يۈرىسەن، ئەتە دادام بىلەن كېڭىشىپ، ساڭا لايىق جازايىڭنى بېرىمەن» دېدى - دە، ئۆيىگە چىقىپ كەتتى ۋە يېتىپ ئۇخلىدى. خاتۇن بۇ سىرنىڭ ئەتراپقا يېيىلىپ كىشىلەر ئالدىدا رەسۋا بولۇشتىن قورقۇپ، ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر ھىيلە ئويلىدى. قۇرى خاننىڭ ئۆيىدىن ئىككى - ئۈچ نەپەر قىز چاكار بار ئىدى. بۇ كېچىسى قار ياغقانىدى. قىزلاردىن بىرى خاننىڭ ئۆتۈكىنى كىيىپ، بۇغراخاننىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىگىچە ئىز سالدى. سەھەردە خاتۇن بۇغراخانغا بېرىپ: «ئوغلۇڭ قۇرى خان يۈزۈمنى تۆكىدىغان ئىپلاس ئارزۇلاردا بولسا راۋا بولارمۇ؟ قاراپ باق، ئۇنىڭ كېچىسى ئىشىكىمگە كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئاياغ ئىزلىرى بار» دېدى. بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان بۇغراخان ئىنتايىن خاپا بولدى ۋە بەگلەرنى چاقىرىپ كېڭەشتى. بەگلەر: «ئەڭ ياخشىسى، ئۇنى قولغا ئېلىپ، ئۇنىڭ جىنايىتىنى سورايلى» دېيىشتى. بۇغراخان ماقۇل بولدى. بەگلەر قۇرى خاننىڭ دەرۋازىسىغا كەلگەندە، ئۇ تېخى ئۇيقۇدا ئىدى، بەگلەر: «سېنى تۇتۇشقا بۇيرۇق بار» دېگەنىدى، قۇرى خان ھەيران بولۇپ: «ھەر ھالدا ئانتلىق سارىقۇلباش سىلەرنى باشلاپ كەپتۇ. مېنى تۇتماقچى بولغىنىڭلارغا قارىغاندا، ماڭا دۈشمەن بولغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلايدۇ. لېكىن بەگلەر: «داداڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سېنى تۇتماقچىمىز» دېدى. قۇرى خان: «دادامنىڭ بۇيرۇقى بويىچە

مىنى تۇتىدىغان بولساڭلار، قىنى مەرھەمەت» دەپ قوللى
ئۇزاتتى. ئۇنى تۇتۇشنى، خاتۇننىڭ دىگەنلىرىنى ئۇنىڭدىن
غانىدى، قۇرى خان: «مەلۇم بولدىكى، مەن مەسلىنى
ئىيتىشتا كىچىكىپ قاپتىمەن، ئۇ مىنىڭدىنمۇ تىز ھەر
قىپتۇ، ئەڭ ياخشىسى، كىيىن قىلىنىدىغان ئىشنى سۆزلەش
ھاجىتى يوق، ئەسلىدە ئۇلۇغلار «سۆزلەنگەن ئىشتا زىيان
دۇ»، دىگەنىدى. بۇ ئادەملەرگە نىسبەتەن قىلمىغان ئىشلا
سۆزلىمەسلىك ھەققىدىكى تەنبىھ نەسىھەتتۇر. چۈنكى، ئاقىۋ
ئىنسانغا زەرەر كەلتۈرىدۇ» دىدى ـ دە، شۇندىن كىيىن ئۇ
بىلەن خاتۇننىڭ ئارىسىدا بولغان ۋەقەنى ئوچۇق سۆزلەپ بەرد
بەگلەر ئۇنىڭ سوراقتا سۆزلىگەنلىرىنى دادىسىغا مەلۇم قىل
«قۇرى تىكىن ئۆتۈك ئىزى مىنىڭ، ئەمما بۇنداق بىر ئى
ھەرگىزمۇ قىلمىدىم. بۇ رەزىللىكنى ئۆتكۈزمىدىم دەيدۇ»
يىشتى. بۇغراخان: «بۇ ھەقتە پىكرىڭلار قانداق؟» دەپ بەگ
بىلەن كىڭەشتى. ئۇ زامانلاردا دىۋە قاياسى① نامىلىق ئىگىز
تاغنىڭ ئىتىكىدە ئەجدىھالار ياشايتتى. «ئەندەك» دەپ ئاتىل
غان كەڭ بىر دالانىڭ ياقىسىدىكى بۇ تاغنىڭ ئىتىكىدە ئۈچ ت
چوڭ دەرەخ بار ئىدى. ھەر بىرى سۈيى ئىقىپ تۇرىدىغان بۇلا
نىڭ ئايىغىدا بولۇپ، ھەر بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىر ج
زەڭگەر ئەجدىھا ياشايتتى. بىر كىشىگە گۇناھكار دەپ تۆھم
قىلىنسا، جىنايەتچىنىڭ بەدىنى يارىلىنىپ، ئەجدىھالارنىڭ
شىغا ئەۋەتىلەتتى. ھەقىقەتەن گۇناھى بار بولسا، ئەجدىھالار ئۇ
يەۋىتەتتى؛ ئەگەر گۇناھسىز، پاك بولسا، يارىلانغان بەدىنى
قىياتتى. ئىنسانلارنىڭ ياخشى ـ يامان ئىكەنلىكلىرى ئۇ يە
ئىنىق مەلۇم بولاتتى. بۇغراخان ئۇنىڭ جىنايىتىنى ئەجدىھا
ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلماقچى بولۇپ، قۇرى تىكىننىڭ كۆز

---

① قايا، قىيا — يار، يارداڭلىق.

رىگە مىل[1] ياققۇزدى ـ دە، كېيىن تېز ماڭىدىغان بىر چۆل
تۆگىسىنىڭ تىزگىنىنى تۇتقۇزۇپ، ئىككى ئايلىق چۆل سەپىرىگە
راۋان بولدى. بۇ ۋاقىتتا قۇرى خاننىڭ ئەمەلدارى ۋە لەشكەر
بېشى بولغان ئاتلىق سارىقۇلباش يوق ئىدى. قايتىپ كېلىپ،
بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى ئاڭلاپ ئويلاندى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە: «دادىسى
بۇغراخاننى ئۆلتۈرەي، كۆزى كۆرمىسىمۇ خاقانلىق قىلالايدۇ»
دېدى. يەنە ئويلىنىپ: «مەن دادامنى قانداق ياخشى كۆرسەم،
قۇرى تېگىنمۇ ئۆز دادىسى بۇغراخاننى شۇنداق ياخشى كۆرىدۇ.
بۇنداق بولغاندا، ئەگەر دادىسىنى ئۆلتۈرسەم، ئۇ رازى بولماسلى-
قى مۇمكىن، بۇ ئىش بىلەن خىزمەت كۆرسىتىمەن دەپ، يامان-
لىق قىلغان بولۇپ قالماي، هازىر ئۆزىنى تېپىپ رۇخسىتىنى
ئېلىپ، ئارقامغا قايتاي ـ دە، ئاندىن دادىسىنى ئۆلتۈرەي» دەپ
ئويلىدى ۋە ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى. بىر كۈنى، تاڭ سەهەر-
گە يېقىن يېتىشىۋالدى. تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلىغان قۇرى تېگىن
زەڭگىگە: «قارىغىنا، ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان كىم؟
قوماندانى كىم؟» دەپ سورىغانىدى. زەڭگى: «قارا كۆكسىلىق
تارتقان بوز ئاتلىق» دەپ جاۋاب بەردى. قۇرى خان «ئۇنداق
بولسا، بۇ مېنىڭ بىلەن دوستلۇق ئەهدە قىلىشقان ئاتلىق سارى-
قۇلباش ئىكەن. قېرىنداشلىرىم بولغان بولسا، ئاتلىرى قارا،
كۆكسىلىكى ئاق بولاتتى» دېدى. يېتىپ كەلگەن هامان سارىقۇل-
باش ئاتتىن چۈشۈپ قۇرى تېگىننىڭ قول ۋە ئاياغلىرىغا سۆيدى
ۋە يىغلىدى. قۇرى تېگىن «هەي! ۋاپادار دوستۇم! ماڭا كۆپ
خىزمەت قىلدىڭ. قېرىنداشلىرىم ئورنىغا سەن كەپسەن، ئارقاڭ-
غا قايت، ئۆيۈڭگە قارا. بالىلىرىڭنى باق. مەن گۇناهسىزلىقىم-
نى بىلىمەن؛ ساق ـ سالامەت قايتىشىمنىمۇ بىلىمەن. مۇبادا،

---

① قەدىمكى زاماندىكى جازا تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، قىزىتىلغان تۆمۈر زىخچىنى كۆزگە سۈرتۈپ قارىغۇ قىلىناتتى.

ئەھۋال باشقىچە بولۇپ قالسا، ئۆيۈمگە، بالىلىرىمغا سەن قا
سەن» دېدى. ئانتلىق سارىقۇلباش يىغلاپ تۇرۇپ: «قايتمايمە
ياخشىلىق ـ يامانلىقنى سېنىڭ بىلەن بىللە كۆرىمەن» دېد
ئۇ يەردىن بىللە يولغا راۋان بولدى. ئۇزۇن يول يۈرۈپ، نىها
ئىككى ئايدىن كېيىن بىر يەرگە يېتىپ بارغاندا، يىراقتىن
تۈپ دەرەخ كۆرۈندى. ئانتلىق: «بۇ ئۈچ تۈپ دەرەخنىڭ قاي
ىسىغا بارايلى؟» دەپ سورىۋىدى. قۇرى تېگىن: «مەن ئوتتۇر
چى ئوغۇل بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئوتتۇرىدىكى دەرەخكە» د
جاۋاب بەردى. بۇ چاغدا ئالدى تەرەپتە ئۈچ تاغ قوچقىرى كۆر
دى. ئانتلىق ئېتىنى چاپتۇرۇپ دەل ئەجدىھانىڭ ئالدىغا ك
دى. قارىسا، بۇلارنىڭ بېشىدا ئۇخلاۋاتقان قۇرى خاننى كۆردى
ئەجدىھالار ئۇنىڭ كۆكسىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. خەۋپسىزلىگ
سارىقۇلباش قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئۇ ئەجدىھانى ئۆلتۈرمەكچ
بولۇپ، ئەجدىھاغا: «ھەي، نېمە قىلماقچىسەن؟ ئۇ بىر خاقان
گۇناھسىز بولسىمۇ، بۇ پاجىئەگە دۇچار بولدى. ئۇنىڭغا بىر
زىيانكەشلىك قىلماسلىق ئۈچۈن سېنى ئۆلتۈرىمەن» دېۋىدى
ئەجدىھا: «ھېچ خەۋپسىرىمە، ئۇ گۇناھسىز، پاكتۇر» دېدى
تىلى بىلەن قۇرى تېگىننىڭ ئىككىلا كۆزىنى يالىۋىدى، كۆزلىر
شۇئانلا ئېچىلدى. ئۇلار ئۇ يەردىن ساق ـ سالامەت ئارق
قايتىشتى. ئۆيلىرىگە كېلىپ، خاتۇن ـ بالىلىرى بىلەن كۆر
شۈپ تۇراتتى، يېغى كېلىپ بۇغراخاننى قورشىۋالغانلىق خەۋىر
نى ئەپكېلىشتى. دەرھال بېرىپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ھ
جۇم بىلەن تارمار قىلدى. قۇرى تېگىن دادىسى بىلەن كۆر
شۈپ، بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بەردى. بۇغراخان جاۋا
ىدا: «بۇ خاتۇننى ماڭا ئېلىپ بېرىمەن دېگەن ۋاقتىڭدا، ئاخ
بىر كۈنى پىتنە ـ پاسات چىقىرىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، بىر
سەن سۆزۈمنى ئاڭلىمىدىڭ، ھازىر بۇ خاتۇننىڭ جازاسىنى خال
غانچە بەر!» دېدى. قۇرى خان بەش تۇياق تاي ئېلىپ كېلىش

بۇيرۇدى. خاتۇننى بىر ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلىدى. ئوڭ قولىنى باشقا بىر ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا، سول قولىنى ۋە پۇتلىرىنى باشقا - باشقا ئاتلارغا باغلاپ، ئاتلارنى قامچىلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ تېنى پارچە - پارچە قىلىپ تاشلاندى. (بۇ ھەقتە مەرھۇم فىردەۋسى: «شۇ زامان ئېغىلدىن بىر تاي ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى، ئىگەرگە ھالقىلار بېكىتىلگەنىدى. ئۇنى ئارغامچا ۋە قىيىشلار بىلەن بويىنىدىن ۋە باشقا يەرلىرىدىن ئاتقا باغلاپ سۆرەتتى. بۇ تاي ئانچە تېز چاپالمايتتى، ئۈچ ئالغۇچى ھۆكۈمدار ئۇنى مەيدانغا ئاپارغۇزۇپ، بىر قانچە نەپەر ئاتلىق ئەۋەتتى. بۇلار ئاتنى قوغلاپ سۆرەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگۈچى- لەر دەھشەتكە چۈشتى. ئاتنى شۇنداق قوغلىدىكى، بەدىنى تاما- مەن يارىلاندى، تېرىلىرى سويۇلدى. ئىسسىق بەدىنىدىن قانلار ئاقتى. شۇ يوسۇندا ئازاب ۋە خورلۇق ئىچىدە جان ئۈزدى. بىر زالىمدىن ئادالەت تەلەپ قىلغىلى بولامدۇ؟» دېگەنىدى). قۇرى خان: «بۇندىن كېيىن كىمكى يالغان سۆزلىسە، كىشىگە بوھتان چاپلىسا، ئۇنىڭمۇ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ!» دېدى. بۇغرا- خان ئوغلىغا: «ئەمدى ھېچقانداق باھانە - سەۋەب كۆرسەتمەي تەختكە چىق، خاقانلىق سېنىڭ ھەققىڭ!» دېدى. قۇرى خان قارى تالاستا تەختكە ئولتۇرۇپ، يەتمىش بەش يىل خاقانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، تۇغقانلىرىدىن ئۇيۇناق كۆ- لەڭ دېگەن جايدا تەختكە ئولتۇردى. يەتتە يىل خاقانلىق قىلدى. ئۇندىن كېيىن ئوغلى ئارسلانخانمۇ كۆلەكدە تەختكە ئولتۇردى. ئۇنىڭ قىرىق ھاجىبى بىلەن سۇۋار مەملىكىتىدىن سېتىۋالغان سۇۋار ناملىق بىر غۇلامى (بېقىۋالغان ئوغلى) بار ئىدى. ئۇ ھۇنەر - كەسىپ بىلىدىغان، قەھرىمان، چاققان بولۇپ، جانغا ئەسقاتىدىغان يىگىت ئىدى. خاقان ئۇنى ئۆز يېنىدا خىزمەتكە سالدى. ئۇ شۇنچىلىك ئىشەنچكە ئىگە ئىدىكى، بەگلەر ھەم ۋەزىرلەرنىڭ ئالدىدا خاقاننىڭ قولىقىغا يوشۇرۇن بىر نەرسىلەر-

٨

نى دېيەلەيتتى. بىر قېتىم ئۇنى خوتۇنىغا ماختاپ بەرگەن بول
مۇ، يالغۇز ئۇنىڭ شوخلۇقى ۋە قوپاللىقىدىن ئەندىشە قىلات
هاجىبلار ۋە ئىناقلار (ئىشەنچلىكلەر) ئۇنىڭغا ھەسەت قىلات
ئۆز ئارا كېڭەش قىلىشقاندىن كېيىن، بىرلىكتە خاقانغا:
سۇۋار پادىشاھىمىزغا يامان نىيەتتە ئويلاۋاتىدۇ. ئۆزلىرىنى
تۇرۇپ، زورلۇق بىلەن خاقان بولماقچى ۋە خانىمىنىمۇ ئالماق
بىز بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلدۇق، يوشۇر
دۇق» دەپ مەلۇم قىلىشىدۇ. شۇ كۈنلەردە، قارا ئارسلان
ئۇنى بىر يەرگە خىزمەتكە ئەۋەتكەنىدى. خاقان: «قايتقان ھا
ئۇنى تۇتۇڭلار، پارچە ـ پارچە قىلىپ ئۆلتۈرۈش سىلەر
ئىختىيارىڭلاردا بولسۇن» دېدى. ئۇلار قايتىشتى، خاقان ھەر
گە كەلدى. چوڭ ئايالى بال (مال) خاتۇن بىلەن گەۋار خا
قەدەھ تۇتۇش ئۈچۈن يېنىغا كەلدى. خاقاننى خاپا ھالدا كۆرۈ
سەۋەبىنى سوراشقانىدى. ئارسلانخان سۇۋار ھەققىدە بىلگەن
ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتىپ بېرىپ: «شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈم بۇز
دى — دېدى ئۇ، — ئەتە بۇ يەرگە قايتىپ كېلىشى بىل
سوراققا تارتىلىدۇ. ئاڭلىغانلىرىم توغرا بولسا، ھەر ھالدا ئ
ئۆلتۈرىمەن» دېدى. خاتۇنلار: «بىزمۇ بەزىدە ئۇنىڭ ئاشكارا
يوشۇرۇن ھەر تۈرلۈك سۆزلەرنى دەپ كۈسۈرلاپ يۈرۈشلىر
خاپا بولغانىدۇق. ئەمما ئۇ چاققان، قەھرىمان بىر ئادەم بولۇ
ھەر قانداق ئىش ۋە خىزمەتلەرنى ياخشى ئورۇنداپ كەلگ
پۈتۈن خاقانلىق ۋە خەزىنە ئىشلىرى، يېمەك ـ ئىچمەك، ئ
قېچىر، تۆگە قاتارلىق مال ـ ھايۋانلارنىڭ يەم ـ خەشەكلىر
كىيىم ـ كېچەك ۋە قورال ـ ياراغلارنى ئوبدان، پىلانلىق
قوردى. ۋەزىر ـ ھاجىبلار بەلكىم بۇ سۆزنى كۆرەلمىگەنلىك
دېيىشكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئالدى بىلەن ئوبدان ئىنچ
لەپ، تەكشۈرۈپ كۆرۈش لازىم. سىياسەتتە بىر ناھەقچى
ئىش بولۇپ قالمىسۇن، ئۇ بىچارە گۇناھسىز تۇرۇپ،

كۆرەلمەيدىغانلارنىڭ يالغانچىلىقى بىلەن ئۆلۈمگە كېتىپ قېلىپ، كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن. توغرا ئىشلەش ئۈچۈن، ئىشنى توغرا قىلىش لازىم بولىدۇ» دەپ مەسلەھەت بېرىشتى. قارا ئارسلانخان پۈتۈن تۈن بويى بۇ ھەقتە ئەتراپلىق ئويلاندى. سەھەر كۈن چىقىش بىلەن ھاجىبلارغا: «مەن كۆيۈكۈ ھىسارغا ئوۋغا چىقماقچىمەن. ئازغىنا كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ قالدى، چىقالمايمەن. سىلەر چىقىپ ئوۋ قىلىۋېرىڭلار!» دەپ خەۋەر قىلدى. ئۇلار خاقاننىڭ سۆزى بويىچە ئوۋغا كېتىشتى. ئەتىسىلا سوۋار قايتىپ كەلدى. قارا ئارسلانخان ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىدى. بىر كۈندىن كېيىن كىيىملەر ئەۋەتىپ، ئانان ۋە يېڭى كەنت قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئۈچ يىللىق باج - خىراج يىغىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. بۇ ھەقتە پەرمان چىقىرىپ، ئات - ئۇلاغ ۋە ھەدىيىلەر بېرىلىپ يولغا چىقىرىلدى. ئىككىنچى كۈنى ھاجىبلىرى بىلەن سوۋارنى سىناش ئۈچۈن بىر ھىيلە ئويلىدى. ئۇ «ئۆلدۈم» دەپ بىر تاۋۇتقا كىرىپ كەتتى - دە، ھاجىبلار بىلەن سوۋارغا «قارا ئارسلانخان ئۆلدى» دەپ خەۋەر يەتكۈزۈڭلار، — دېدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھاجىبلار دەرھال ئوۋدىن قايتتى ۋە ئالدىراش كېڭەش قىلىپ: «ئۇ بىزگە ياخشى مۇئامىلە ۋە ئىلتىپات قىلمىدى، ئېتىبار بەرمىدى، ئەكسىچە ئېتىبارىمىزنى قويمىدى. ئۇستىمىزگە سوۋارنى چىقىرىپ قويدى. ئۇنىڭ ماتەم مۇراسىمى بىز ئۈچۈن كېلىنىنىڭ توي مۇراسىمىغا ئوخشايدۇ» دېيىشتى. بۇلار خېنىملاردىن ھال سوراپمۇ قويۇشمىدى. ئوبدانراق بىر كۈننى تاللىماستىنلا ماتەم مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈشتى. ئارسلانخاننىڭ خەزىنىسىنى بۆلۈشۈۋالدى. ئۇنىڭ تەختى، ناغرىلىرى ۋە بايرىقىنى ئېلىپ كېتىشتى. ئىككىنچى كۈنى، سوۋار قايتىپ كەلدى. چوڭ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. خېنىملارنىڭ قېشىغا بېرىپ، چىن يۈرەكتىن يىغلاپ ھالى قالمىدى. خانغا ئاتاپ مەرسىيىلەر ئوقۇپ ھەممە كىشىنى

يىغلاتتى. شېئىرلاردا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «ئەي خاقانىم
سىنت، ئىسىت، بەگلىرىڭنىمۇ رازى قىلالماپسەن، ئۇنداق
مىسا، ۋاپاتىڭدىن كېيىن ئۆزۈڭگە، بالىلىرىڭغا ياردەم قى
قوغدىغان بولاتتى. ناغرا ۋە بايرىقىڭنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كەت
تى. ئەمدى سەن ئۆلگەندىن كېيىن، مېنىڭ ياشىغىنىمنىڭ
پايدىسى بار؟ ئۆزۈمنى ئۆلتۈرەمەن ـ دە، سەندىن كېيىن د
مەنلىرىڭنىڭ خۇشاللىق دۇنياسىنى كۆرۈشنى خالىمايمەن

ئۇنىڭ بۇ يىغا ـ زارى قارا ئارسلانخاننىڭ قۇلىقىغا ئا
دى. قارا ئارسلانخان بىردىنلا قولى بىلەن تاۋۇتنى بۇزۇپ ئو
دىن تۇرۇۋېدى، ئاياللار: «ئۆلگەن كىشى قانداق تىرىلىپ ق
دۇ؟» دەپ قورقۇپ قېچىشتى. سۇۋار قاچمىدى ۋە توۋلاپ
رۇپ: «ساڭا باغلانغانلىقىم، ساداقىتىم مەلۇم بولۇپ، ئۇ دۇ
غا مېنى بىللە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلدىڭ!» دېگەنىدى،
ئارسلانخان ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ خۇشال سۆيدى. كۆڭلى خۇ
ۋە مەمنۇن بولۇپ: «ئۇلۇغ تەڭرىم ماڭا يېڭىدىن جان بېغىش
دى، ھاياتلىق بەردى، سەن ئەندىشە قىلما!» دېدى. ھەي
بولغان سۇۋار: «ئادەمنى مۇنداقمۇ سىنامسەن؟» دېدى. خاقا
«ھازىر گەپ بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان پۇرسەت ئەمەس. ئوغ
لىرىم ئىل ئارسلان ۋە مەھمۇد، مۇھاپىزەتچى قىسىملار بى
ئاتلىنىپ بېرىپ، قىرىق نەپەر ھاجىبلارنى تۇتۇپ كېلىڭلار
دېدى. ئۇلارنى تۇتۇپ خاقاننىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىشت
ئۇلار قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن خىجالەت بولۇپ، پۇشايمان قىل
يەرگە قارىشاتتى، خاپا بولغان خاقان: «نېمە ئۈچۈن يەرگە ق
شىپ تۇرۇشىسەن؟» دەپ توۋلىغانىدى، ئۇلار دەھشەت ئىچ
ئالاقزادە بولۇپ: «بىز گۇناھكار» دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئارس
خان: «سۇۋار توغرۇلۇق ئويلاشقانلىرىڭ ئۆزۈڭلارغا قايت
ئۇنىڭ ھەققىدە ماڭا دېگەنلىرىڭ ئۆزلىرىڭنىڭ بۇزۇق تەبىئىت
بار ئىكەن. مېنىڭ جۇۋام، سازلىرىمنى ئۆيلىرىڭگە ئېلىپ

تىشتىڭ. سۇۋار كەلگەندە، مەن تاۋۇتتىن سەل كېچىكىپ چىق-
قان بولسام، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ قوياتتى، ئەمدى سىلەرنىڭ
قىلغىنىڭلارغا قارشى جازايىڭلار ئۆلۈم، يوقىلىشتىن ئىبارەت»
دېدى. سۇۋارغا بۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بېرىلدى. سۇۋار:
«خاقانىمىزنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇلارنى شۇنداق ئۆلتۈرەيكى،
پۈتۈن دۈشمەنلەرگە ئىبرەت بولسۇن» دېدى ــ دە، ئۇلار يول
بويىغا ئېلىپ كېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى، يەنى كۆزلىرى ئويۇلۇپ،
قۇلاقلىرى كېسىلىپ، يول بويىغا ئېسىپ قويۇلدى. مەملىكەت-
نىڭ ھەممە يەرلىرىدىن ماتەم مۇراسىمىغا كەلگەن نۇرغۇن ئاھالە
ۋە بەگلەر يول بويلىرىدىكى بۇ ھالنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىشتى
ۋە ئۇلارنىڭ قارا ئارسلانخاننىڭ خىزمىتىنى ئىشلەپ بۇ ئاقىۋەتكە
قالغانلىقلىرىغا ھەيران بولغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشۈۋىدى، خاقان
ئەھۋالنى مۇنداق دەپ چۈشەندۈردى: «ئۇلار يامان نىيەتلىك
ئادەملەر ئىدى. يالغان سۆزلەپ ئارىنى بۇزۇشنى ئويلاشتى،
قىلغان ئىشلىرىنىڭ جازاسى شۇ.» ئۇنىڭدىن كېيىن سۇۋارغا:
«سەن ياخشى نام قالدۇردۇڭ! ئۇلارنىڭ ئىپلاس ۋۇجۇدىنى بۇ
دۇنيادىن تازىلىغانلىقىڭنى ئېلان قىل! مۇندىن كېيىن كىمكى
يالغان سۆزلىسە، بوھتان چاپلىسا، يامانلىق ئويلىسا، ھەتتا
خاقانغا قارشى چىقسا، ئۇنىڭغا تېگىشلىك جازانىڭ مۇشۇنداق
بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىل!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن سۇۋارنى
سۇباش (باش قوماندان)، نائىبلىك ۋە ھاجىبلىق خىزمەتلىرىگە
تەيىنلىدى. قارا ئارسلانخان دۆلەتتە يەتمىش يىل بەخت ـ سائا-
دەت ۋە ئۇلۇغلۇقى، ئالىيجانابلىقى بىلەن خاقانلىق قىلدى. ئۆز
ئوغلى كىچىك بولغاچقا، تاغىسىنىڭ ئوغلى ئوسمانخان كولەگدە
تەختكە چىقتى. ئۇن بەش يىل خاقانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى-
دىن كېيىن، ئەسلى خان خاقان بولدى، ئۇ ياشانغان تەجرىبىلىك
ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋاقىتنى بەك چىڭ تۇتاتتى. ئۈچ يىل-
دىن كېيىن، ئوغلى شابان خان تەختكە چىقتى. بۇ كىشى يىگىر-

مە ئىككى يىل خاقانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇ
بۇران (تۇران) خان خاقان بولۇپ، ئون سەككىز يىل سەلت
سۈردى. بۇران خاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئوغلى ئەلىخان تەخ
چىقىپ، ماندا (مايدا) ۋە يېڭى كەنتتە يىگىرمە يىل خاقا
قىلدى. ئۇ ئامۇ دەريانىڭ بۇ تەرىپىدە ئولتۇراتتى، ئامۇ دەريا
ئۇ تەرىپىدە جەيھۇن دەرياسى بويىدا نۇرغۇن قەبىلىلەر ياشايت
ئۇلارنىڭ باشلىقى بىر قانچە بەگ (جەندبېگى) ئىدى. ئەلىخان
ئوغلى قىلىچ ئارسلاننى قىرىق مىڭغا يېقىن ئاتلىق ئەسكەر چ
رالايدىغان ئۇ تەرەپتىكى قەبىلىلەرنى ئىدارە قىلىشقا مەس
قىلدى. ئىشنى توغرا قىلىپ، ئادىل بولۇش توغرۇلۇق ئوغ
نەسىھەت بېرىپ، بىر يۈز سەكسەن ياشلىق بۆگدۈر قاردىچ
ئۇنىڭغا نائىپ ۋە ۋەزىر قىلىپ قوشۇپ قويدى. ئوغلىنىڭ بېل
بىر قىلىچ ئېسىپ: «ئىسمىڭ قىلىچ ئارسلان بولسۇن!» دېدى
ئۇلار خۇراسانغا بېرىپ بىر قانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، قىل
ئارسلان بالاغەت دەۋرىنى تۈگىتىپ، يىگىتلىك دەۋرىگە كىردى
ھەر كۈنى دېگۈدەك كونا ۋە يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى
كېچىلىرى بەگلەر قىزلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىپپ
تىگە تېگەتتى، بەگلەرنىڭ سەۋرى چېكىگە يەتتى. شۇ سەۋەبت
ئۇنىڭغا «زالىم شاھ مەلىك» دەپ نام بېرىشكەندى. ھەممەيل
ئاتا بەك قاردىچىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئۇزۇن شىكاي
قىلدى. قاردىچى قىلىچ ئارسلانغا كۆپ نەسىھەت قىلغان بول
مۇ، ئۇ ئاڭلىمىدى. ئاخىر بەگلەر بىرلىكتە ئۇنى تۇتۇشنى قار
قىلىشتى. شاھ مەلىك قېچىپ دەريادىن ئۆتتى. قاردىچىمۇ ئار
قىسىدىن يولغا چىقتى. ئەلىخاننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ئوغلىنى
قىلمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى ۋە: «مېنىڭ تەربىي
- نەسىھەتلىرىمنى ئاڭلىمىغاچقا، بۇ يامان ئەھۋال كېلىپ چىق
تى، بەلكىم ئۇ كىچىكلىكىدىن قىلغاندۇر» دېدى. ئەلىخان
«ئەگەر ئوغلۇم قىلمىشىنى تونۇسا، قېشىمغا كەلمەي قاچىدۇ

ەپ ئويلىدى ۋە ئۇنىڭغا: «يالغان سۆزلەۋاتىسەن، پۈتۈن ئىنتىـ
امسىزلىق سەندىن چىقماقتا. ئۇ تېخى كىچىك» دېدى. شاھ
ەلىك دادىسىنىڭ بۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ كەلدى ـ دە،
اتتىن چۈشۈپ دادىسىنىڭ ئايىغىنى سۆيمەكچى بولۇۋىدى، بېشىـ
ا بىرنى تەپكەن دادىسى: «بۇ بەتبەختنى تۇتۇڭلار!» دېدى.
ۇنى تۇتۇپ قاماققا ئالدى. ئەلىخان بۆگدۈر قاردىچىنى چاقىرىپ
ەپۇ سورىدى ۋە: «ئۇ بالىنى زەنجىرلەپ ئېلىپ بارغىن، دۈشـ
ەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇر، ئۆلتۈرۈشەمدۇ، خالىغىنىنى قىلىپ
ۆڭۈللىرىنى خۇش قىلسۇن!» دېدى ۋە كىچىچە ۋەزىيەتنى ئۆـ
ىنىپ كېڭەش قىلىشتى. بۆگدۈر قاردىچى: «بالىنى مۇشۇ
ەقلىدە دۈشمەنلەرگە بەرسەك ياخشى بولماس، مۇبادا ئۆلتۈرۈشـ
ىسە، ئۇلار تېخىمۇ مەغرۇرلىنىپ كېتىشىدۇ ـ دە، قىلغان
ىشلىرىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. مۇنداق بولغاندا، بېسىلغان پىتنىنى
ايتا قوزغىغان بولىمىز. ئۇلار كېلىپ جانابلىرى بىلەن ئۇرۇشـ
دۇ. بالىنى خەلق ئىچىدە تۇتۇپ زەنجىرلەشنى بۇيرۇدىلا، ئەڭ
اخشىسى، بۈگۈن ئۇنى بىر يەرگە يوشۇرايلى، مەن ئۇلارنىڭ
ەزەپ ـ ئاچچىقىنى بېسىش ئۈچۈن باراي ـ دە: «ئەلىخان
وغلىنى قولغا ئالدى. ئىنتىقامىڭلارنى ئېلىش ئۈچۈن سىلەرگە
پشۇرۇشقا ماڭا بەردى. ئەمدى سىلەر ئۆز جايىڭلارغا قايتىڭلار!
دەي. ئەگەر ئاڭلاشمىسا، كۆتۈرۈلۈشتىن ۋاز كەچمىسە، ھېچـ
ولمىغاندا، ئوغۇللىرى ئامان قالىدۇ؛ بۇلارنى زورلۇق بىلەن
ىڭىپ، ئىتائەت قىلدۇرۇپ باش ئەگدۈرۈش ئۈچۈن، ئوغۇللىـ
ىنى ئەسكەر بىلەن ئەۋەتەرلا!» دېدى. بۇ پىكىر ئەلىخانغا بەك
قتى. بۆگدۈر قاردىچىنى يۈگۈرۈك بىر ئەرەب ئېتىغا مىندۈرۈپ
ولغا سالدى، تۈن بويى ئوغلىنى بىر يەردە ساقلىدى. مەرۋ،
ساراخس ۋە فەرامۇرزان تەرەپلىرىدىكى ئوغۇز قەبىلىلىرى ۋە
ەگلىرى يىغىلىشتى، بۇ بەگلەردىن بەزىلىرى ئىرانغا قاراپ
ېتىشكەنىدى. قاردىچى مەرۋ چېگرىلىرىدا ئۇلارغا يېتىشىپ،

ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىۋىدى، بەگلەرنىڭ ھەممىسى: «ئال
ئوغلىنى ئۆلتۈرمىگۈچە بىز كۆچمەيمىز، ئۆز يۇرتىمىزغا قايت
مىز» دېيىشتى. بەگلەرنىڭ باشلىقى قېنىق قازىگۇرت ئى
خۇراسان شەھەرلىرىگە، بەشەك ۋە مەرۋگە ئادەم ئەۋەتىپ يىل
باج - خىراج تەلەپ قىلىۋىدى، بۇ يەرلەرنىڭ خەلقى ئۆز
قاچۇرۇپ: «ئاراڭلاردىكى ماجىرا قاچان تۈگىسە ھەم خاقانى
دىن ئېنىق مەلۇم بولسا، سىلەرگە باج - خىراج بېرىمىز» د
جاۋاب بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئامۇيەنىڭ ئىككىلا تەرىپىد
خەلقنى ۋە قەبىلىلەرنى كۆچۈرۈپ، مەرۋدىكىلەرگە بىرلەش
رۈش ئۈچۈن مىڭ كىشىلىك بىر ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتىشتى.
توپنىڭ بەگلىرىدىن كېلەچەكنى ۋە يوشۇرۇن سىرلارنى بىلىدى
ئامران كاھىن ئىسىملىك بىر فەقىھ (فەقىھ ئىلمى
مۇسۇلمانلىقتا دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئا
سىي مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان قائىدىلەر
غىندىسى) بار ئىدى. قېنىق قازىگۇرت ئۇنىڭغا: «سېنىڭ
ئەلىخان بىلەن دۈشمەنلىشىشىمىزنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار؟
دەپ سورىۋىدى. ئۇ بىرەر سائەتتەك ئويلانغاندىن كېيىن: «
راڭلاردىن ئادالەت، توغرىلىق مەردلىكى بىلەن تونۇلغان بىر
چىقىدۇ» دېدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەراكۈجى خوجانىڭ ئوغ
توقسۇرمىش ئىچى (ئەلچى) ئىسىملىك چېدىر كەرگىلىرى ياس
دىغان بىر ئۇستا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. چوڭىنى
ئېتى دوقاق، ئوتتۇرانچىسىنىڭ تۇغرۇل، كەنجىسىنىڭ ئىس
ئارسلان ئىدى. بۇ ئادەم شۇ كېچىسى چۈشىدە كىندىكىدىن نا
يىتى غوللۇق، پۇتاقلىرى كۆپ شاخلىق ئۈچ تۈپ دەرەخ ئۈنۈ
چىققانلىقىنى، دەرەخ ئۇچىنىڭ ئاسمانغا تاقاشقانلىقىنى، يىلت
ىزى يەردە، شاخلىرى ئاسماندا ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. چۈشىن
ئۆرۈپ بەرگىنىدە، ئامران كاھىن ئۇنىڭغا: «ئاغزىڭنى يۇم، ب
چۈشنى ۋە سىرنى ھېچكىمگە ئېيتما! - دېدى ۋە، - سېنىڭ

ەچچە ئوغلۇڭ بار؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «ئۈچ» دەپ جاۋاب
بېرىۋىدى، كاھىن ئۇنىڭغا: «ھەر ئۈچىلىسى خاقان بولغۇسى»
دېدى. توقسۇرمىش ئەلچىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىدى. شۇنداق
بولسىمۇ، كەمبەغەللىكىگە قارىماي، بىساتىدىكى ئىككى ـ ئۈچ
چېدىرىنى سېتىپ، قوي ئېلىپ سەدىقە قىلدى. ئۇنىڭ ئۈچ
ئوغلىنىڭ ھەممىسىلا باتۇر، جەسۇر ۋە قەھرىمان ئىدى. ئۇۋنىڭ
ھەممە تۈرىنى ياخشى بىلىشەتتى. ئوغۇز بەگلىرى بۇلارنىڭ ئوۋ-
چىلىقتىكى ماھارىتىنى كۆرۈشۈپ، ئوۋ بەگلىكى (قۇشچىلىقى)
ئۇنۋانىنى ئۇلارغا بېرىشكەنىدى. بەگلەر بىر قېتىم ھىرات،
خەزىنە، كىرمان ۋە خۇراساننىڭ باشقا ۋىلايەتلىرىگە ئەلچى ئەۋە-
تىپ، باج ـ خىراج تەلەپ قىلدى. ئۇ يەرلەردىكى خەلقنىڭ بۇ
تەلەپنى ئورۇندىماسلىقى تەبىئىي ئىدى. توقسۇرمىشنىڭ ئوغۇل-
لىرى ئىچىدە تۇغرۇلنىڭ قولىدىن تېخىمۇ ئىش كېلەتتى. تۇغ-
رۇل قېنىق قازىنگۇرتقا: «ماڭا بىر ئاز ئاتلىق ئەسكەر بېرىڭ.
بېرىپ خەزىنىچىنى تۇتۇپ، باج ـ خىراجنى يىغىپ كېلەي!»
دېدى. بۇنىڭغا مىڭ نەپەر ئەسكەر بېرىلدى. ئۇمۇ ئالدىنئالا
ئەتراپقا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ: «نېمىشقا باج ـ خىراجنى تۆلىمەيسى-
لەر؟ چۇمۇلە ۋە چېكەتكىدەك ئەسكەر بېسىپ كېلىۋاتىدۇ!» دەپ
خەۋەر تارقاتقۇزدى. ئەسكەرلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئىككىدىن تۆشۈك
تۇۋرىغا توپا تولدۇرۇۋېلىشنى ۋە ئاتلىرىنى تېز چاپتۇرۇشنى
بۇيرۇدى. تۇۋرىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن توپا تۆكۈلۈپ، چاڭ ـ تو-
زان بولۇپ كەتتىكى، ھاۋا قاراڭغۇلىشىپ، كۆزلەرنى ئاچقىلى
بولمايتتى. ئەلچىلەرمۇ ئەتراپىغا: «سۇلتان تۇغرۇل سانسىز
ئەسكەر بىلەن كېلىۋاتىدۇ، سىلەرنى يوقىتىپ، خاتۇن ـ بالىلى-
رىڭلارنى ئەسىرگە ئالىدۇ» دەپ كۇچلۇك تەشۋىق تارقاتتى.
تۇغرۇل چۇشكەنلىكى يەردە كۆپلەپ گۇلخان يېقىشنى بۇيرۇدى.
بۇ تەدبىرلەر ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلىگە بىر ۋەھىمە سالدى. خەلق
باج ـ خىراج بېرىشنى قوبۇل قىلىشتى. «ئەسكەر كەلمىسۇن،

باج - خىراج بېرىمىز» دەپ ئەلچىلەر ئەۋەتىشتى. تۇغ
خەلقتىن پۇل - مالنى تامامەن ئېلىپ ئارقىسىغا ياندى.
غەلىبىسى ئۇچۇن چېدىر ۋە ماكانلىرىنى قۇرۇشۇپ، تۇغر
ئۆزلىرىگە بەگ ئەمىر ۋە خان قىلىنىۋالدى. بۇ مالىمان ۋاق
بۆگدۇر قاردىچى كەلدى. ئوغۇزلار تۇغرۇلنى ئۆز بەگلىرى نە
ۋالغانىدى. ئۇنى تۇغرۇلنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىشتى. تۇغر
نىڭ ھەيۋىتى ۋە ئۇلۇغلۇقى قاردىچىغا تەسىر قىلدى. تۇغر
ئۇنىڭدىن: «سەندىن بىر نەرسە سورايمەن، لېكىن توغرىسـ
دېگىن!» دېۋىدى، ئۇمۇ: «دەيمەن» دېدى. تۇغرۇل يەنە
يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ» دەپ سورىدى. قاردىچى مۇنداق دېد
«ئەلىخان شاھ مەلىكنى تۇتۇپ، ئىنتىقام ئېلىشىڭىز ئۇچ
ماڭا تاپشۇرغانىدى. ھازىر يولدا جاركەنت ۋىلايىتىدە قالد
ئارقامدىن كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. تۇغرۇل: «سۆز
راست بولسا، مەندىن قۇتۇلىسەن، يالغان بولسا، سېنى ئازاب
ئۆلتۈرىمەن» دېدى. قاردىچى قورقۇپ، ئەھۋالنىڭ راستى
ئېيتىپ بەردى. تۇغرۇل قاردىچىنى قاماققا ئېلىپ، بىر قا
كىشىنى قاراشقا قويدى. ئون ئالتە مىڭ ئەسكەرنى ئورۇنلاشت
روپ: «بۇ يەردىن ئايرىلماڭلار!» دېدى. ئون تۆت مىڭ كىش
تاللىۋېلىپ، ئالتە مىڭنى ئوڭ تەرەپتىكى ئىككى ساينىڭ ئىچ
پىستىرمىدا قويۇپ، ئاكىسى دۇقاقنى قوماندان قىلدى. ئال
مىڭنى ئۇكىسى ئارسلانغا بېرىپ، ئۇنى سول قولغا پىستىر
قىلدى. تۇغرۇلنىڭ ئۆزى ئىككى مىڭ كىشى بىلەن شاھ مەلى
نىڭ يىگىرمە مىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا قارشى چىقتى. تۇغرۇل
ئارقىغا چېكىنىپ، پىستىرمىدىكىلەر شاھ مەلىكنىڭ يېرى
كىرگەندە قېرىنداشلىرى پىستىرمىدىن ھۇجۇمغا چىقتى ۋە يە
گىرمە مىڭ كىشىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ تولىسىنى ئۆلتۈردى. شا
مەلىك ئەسكەرلىرى ئىككىگە بۆلۈندى. تۇغرۇل: «كىمكى خاقا
بولىدىكەن، ياخشى ئەنئەنىۋى تۈزۈم ئورنىتىشى لازىم. شا

ەلنىڭ بولسا، ئۆزىنىڭ ناچار ھەرىكەت، يامان گۇناھلىرىنىڭ
ازاسىنى تارتتى» دېدى. ئەلىخان تۇغرۇلنىڭ سۇلتان بولۇپ،
اھ مەلىكنى ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرد
ئەلەم ئىچىدە ئاغرىپ ئىككى يىلدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى،
ەلتەنەت تۇغرۇلغا قالدى. ئۇ ھەممە ئەتراپقا ۋە مەملىكەتلەرگە
لچى ئەۋەتىپ، دۆلەتنى ئادالەت، راستلىق ۋە ياخشىلىق ئاسا-
ىغا قۇردى. دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدىن باج - خىراج يىغدى،
كىسى دۇقاقنى غەزىنە تەرەپلىرىنى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتتى،
ىككىسى ئارسلان شاھنى رۇم ۋە ئۇنىڭ قوشنا ئەللىرىگە بەگ
ىلىپ تەيىنلىدى، ئەرمەن مەملىكىتىگە كەلگەندە، بەگلىرىدىن
ىل ئارسلانخاننى بۇ مەملىكەتلەرگە بەگ قىلدى ۋە گۇرجىستان
يارىنىڭ باج - خىراجلىرىنى يىغىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى ھەمدە
ۇنى قوشۇمچە قىلىپ ئارسلان سۇلتانىنىڭ خىزمىتىگە ئەۋەتتى.
ۇ رۇمغا باردى، ئۇرۇش قىلىپ پۈتۈن رۇم مەملىكىتىنى ئال-
ى. ھەر يىلى مەرۋىدىكى قېرىندىشى سۇلتان تۇغرۇلغا باج -
ىراج ئەۋەتتى، سۇلتان تۇغرۇل يىگىرمە يىل خاقانلىق قىلىپ
پات بولدى. ئورنىغا ئاكىسى دوقاق يەتتە يىل خاقان بولدى.
نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن توققۇز ياۋقۇينى خاقان قىلىشتى. ياۋ-
ي ئۇيغۇرچە بىر ئىسىم بولۇپ، ئۇ ئىككى يىل خاقانلىق
لدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، سامان ياۋقۇينى، يەنى ئېسىلزادىنى
ۋېرا ئۇنىنەھىردە خاقان قىلىشتى. سامانىلار تارىخىدا ئۇ سامان
دا دېيىلىپ، پۈتۈن سامانىلارنىڭ ئاتىسى دەپ تونۇلدى. ئۇن-
ن كېيىن، ئاغىم ياۋقۇي بىر يىل خاقانلىق قىلدى. ئۇندىن
يىن، كۆكەم ياۋقۇي خاقان بولدى. ئۇ تېخى ياش چېغىدا،
ملىكەتنىڭ قاراشىت ناملىق بىر دۈشمىنى بار ئىدى. بەگلەر
ملىكەتنى ئىدارە قىلىشتا زۆرۈر ھۆكۈملەرنى چىقىرالايتتى.
ردىنلا قاراشىت ئەسكەر چىقىرىپ، قاتتىق ئۇرۇش بولغانلىقى
چۈن كۆكەم ياۋقۇي زور ۋە قىيىن ۋەزىيەتكە چۈشۈپ قالدى.
شمەنلەر ھەتتا ئۆيىنىڭ ئىشىكىگىچە كېلىپ بۇلاڭ - تالاڭ

قىلىشتى. بۆشۈكتىكى ئۆكىسىنى ئەسىر ئېلىپ كېتىش
ئولجا ئېلىشقا كىرىشىپ كەتتى. كۆكەم ياۋقۇينىڭ ئەسكە
قايتا كۈچەيدى. غەيرەت - جاسارەتكە كېلىپ،
ئايال توپلىنىپ، قاراشتىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. ئ
يېڭىپ، تارمار قىلىپ يېتىپ كېلىشتى. كۆكەم ياۋقۇيخان
لەت ۋە راستچىللىق بىلەن خاقانلىق قىلدى. بىر قانچە ي
كېيىن ئەسىرگە چۈشۈپ كەتكەن ئىنىسى ئاكىسىغا: «مەن
بولدۇم، يىگىت بولدۇم، ئەسكەر ئەۋەتكىن، جەڭ قىلىپ
نى يېڭەيلى، مەنمۇ ئۆزۈمنى بۇلاردىن قۇتقۇزاي؟» دەپ
ئەۋەتكەنىدى. كۆكەم ياۋقۇي ئۇ يەرگە بىر تۈركۈم قوشۇن ئ
تى. قاراشتىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىشتى. ك
ياۋقۇينىڭ ئىنىسىغا ئۇ يەردە سەرەڭ (سەرھەڭ) دەپ نام بې
كەنىدى. ئۇ قاراشىت ئەسكەرلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ، ئ
سىنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلدى. ئىككى قوشۇن ئارىسىدا قات
جەڭ بولۇپ، ئىككىلا تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى ۋە يار
دى. ئاقىۋەتتە، دۈشمەن تەرەپ چېكىندى. سەرەڭ قوشۇن
رارگاھىغا بېرىپ، ئاكىسىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ يەرگە
قويدى ۋە سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ: «ماڭا ئۇ يەردە سەرھ
لىك ۋە ئىشىك ئاغالىق ۋەزىپىسىنى بېرىشكەنىدى» دېۋىد
كۆكەم ياۋقۇي: «بۇ يەردىمۇ شۇ خىزمەتنى قىل!» دەپ بۇير
دى. كۆكەم ياۋقۇي يىگىرمە يىل خاقانلىق قىلدى ۋە تۇيۇق
ۋاپات قىلدى. سەرەڭ ئاكىسىنىڭ جەسىتىنى بىر تاۋۇتقا
لىپ، كېسەل بولۇپ قالدى دەپ بىر يىل ساقلىدى. ئۆز
ئىشىكتە تۇرۇپ، مەملىكەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلدى. بىر ي
دىن كېيىن، بەگلەر يىغىلىپ كېلىپ سەرەڭگە: «بىر يىلد
بىرى سەن ھۆكۈم چىقىرىۋاتىسەن، قېرىندىشىڭ ھايات بولسا
ئۇنى بىزگە كۆرسەت! ئەگەر ۋاپات قىلغان بولسا، نېمىش
يوشۇرىسەن؟ ئۆزۈڭ تەختكە چىقسالىڭ بولمىدىمۇ!» دېيىشىدى
سەرەڭ ئۆزىنىڭ خاقان بولۇشىغا بەگلەرنىڭ رىزالىقىنى كۆرۈپ

يىغلىغان هالدا: «قىرىندىشىم ۋاپات بولغىنىغا بىر يىل بولدى.
مەملىكىتىمىز دۈشمىنى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ۋەقەنىڭ
ئوتتۇرىغا چىقىشىنى خالىمىغانىدىم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن قې-
رىندىشىنى چىقىرىپ يەرلىكىگە قويىدى ـ دە، ئۆزى خاقان بول-
دى. ئون يىل خاقانلىق قىلدى. ۋاپاتىدىن كېيىن، ئوغلى
سۇبېكتېگىن خاقان بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئوغلى مەھمۇد
سۇبېكتېگىن سۇلتانلىق قىلدى. ھىندىستاننىڭ بەزى شەھەرلى-
رىنى ئالدى. بۇنىڭ تارىخىي ھېكايىلىرى بۇرۇن كەڭ سۆزلەن-
گەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى مەسئۇد سۇلتان بولدى. ئۇ سو-
غۇق پەسىلدە قىشلاش ئۈچۈن جۇرجان ۋە مازاندىرانغا كەلدى.
تۇغرۇل سۇلتانىنىڭ يېقىنلىرى ۋە تۇغقانلىرى، قېنىق سەلجۇق-
نىڭ ئەۋلادى ۋە ئۇرۇقى چاغرىبەك ۋە داۋۇتلار مەرۋە بەلاخ ۋە
ھىرات ۋىلايەتلىرىنى ئىستېلا قىلغانىدى. سۇلتان مەسئۇد بۇلار-
دىن باج ـ خىراج تەلەپ قىلىنۋىدى بەرمىدى ۋە: «بىزنىڭ ئۆزد-
مىزدىن بولغانلارغا باج ـ خىراج بېرىمىز، چۈنكى بىزمۇ خاقان-
لار نەسلىدىن بىز» دەپ جاۋاب بېرىشتى. سۇلتان مەسئۇد بۇ
يىل قىشلاش ئۈچۈن جۇرجان ۋە مازاندىرانغا كېتىشى بىلەنلا،
چاغرىبەك ۋە داۋۇتلار بېرىپ، مەھمۇدىلەرنىڭ پايتەختى خەزىنە-
نى ئېلىش ھەققىدە كېڭەش قىلىشتى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان
مەسئۇد ئوتتۇز مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن كېلىپ، مەرۋە شەھە-
رىنى قورشىدى. قېنىق سەلجۇقنىڭ ئوغۇللىرى تاشقىرىغا ياردەم
سوراشقا ئەلچىلەر ماڭدۇردى. كېيەن كىيىپ كەلگەن بۇ ئەلچى-
لەر: «ساڭا خىزمەت قىلىش نىيىتىمىزنى بىلدۈرۈپ كەلدۇق»
دەپ ئېلىپ كەلگەن باج ـ جىراجلىرىنى مەسئۇدقا تاپشۇردى.
ئەسلىدە، بۇ ئەلچى ۋە خەۋەرچىلەرگە: «مەسئۇد ئورداگاھىنىڭ
قەيەردە ۋە قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكى»نى ياخشى كۆزىتىش توغ-
رۇلۇق بۇيرۇق بېرىلگەنىدى. ئۇلار ئىنچىكىلەپ تەكشۈرگەندىن
كېيىن، ئېلىپ كەلگەن مەلۇماتلىرىنى بىلدۈرۈشتى. چاغرىبەك
ھەممە دەرۋازىلارغا يۈز نەپەردىن ئوبدان قوراللانغان ئاتلىق ئەس-

كەرلەرنى ئۇرۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا: «تۇن يېرىمىدا مۇناجەت
ئوقۇغان ۋاقىتتا ھوشيار تۇرۇڭلار. ھەممىڭلار تەڭ چىقىپ،
دۇشمەن ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. تۇندە مۇ-
ئەززىن ئوقۇغان مۇناجاتتا: «ئەي داۋۇت! سېنى يەر يۈزىگە
خەلىپە قىلدىم» دەپ ئەرەبچە ئوقۇدى، داۋۇت مەنىسىنى سورىدى
ۋە ئۇقتاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەلەيلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ،
يەنە قولاق سېلىۋىدى، ھافىز: «ئەي ئاللاھىم! سەن خالىغىنىڭ-
نى كۆتۈرسەن، خالىغىنىڭنى يەرگە ئۇرسەن، ياخشىلىق سې-
نىڭ قولۇڭدا، سەن ھەممە نەرسىگە قادىرسەن!» دەپ ئوقۇۋاتات-
تى. داۋۇت بۇ سۆزنىڭمۇ مەنىسىنى سوراپ بىلدى، ئۇ تېخىمۇ
ياخشىلىق ھېسابلاپ كۆڭلى توق بولدى. جاسارىتى كۈچەيدى.
ئاكىسى چاغرىبەككە خەۋەر قىلدى. كۆڭلى خۇش ھالدا بىرلىكتە
شەھەردىن چىقىشتى ۋە بىر قانچە تەرەپتىن دۈشمەن ئۈستىگە
ھۇجۇم قىلىشتى. ئەسكەرلەر مەسئۇدنى تۇتۇپ، داۋۇتنىڭ ھۇ-
زۇرىغا ئەپكېلىپ تاپشۇردى.

سەلجۇق قېنىق قەبىلىسىدىن، خاقانلار چېدىرلىرىنىڭ كەر-
گىسىنى ياسايدىغان كەراكۇچى خوجىنىڭ ئوغلى توقسۇرمىش
نەسلىدىن ئىدى. جۇملىدىن، مۇھەممەد خارازمشاھنىڭ ئەڭ بۇ-
رۇنقى ئەجدادى نۇشتەكىن گۇرجامۇ ئوغۇز نەسلىدىن بولغان
بەگدىلى نەسلىدىن ھېسابلىناتتى. نۇشتەكىن سەلجۇق سۇلتانلى-
رىنىڭ خىزمىتىدە بولغان ئوغۇز نەسلىدىن چىققان خاقانلار قاي-
سى، ئەيمۇر، ئاۋشار، بەگدىلەردىن ئىبارەت بەش قەبىلىدىن
بولۇپ، باشقا قەبىلىلەردىن خاقان چىقمىغانىدى. سالگۇرلۇقلار-
نىڭ ھېكايىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: شاھ مەلىكنىڭ قەبىلىسىدىن
قېنىق قازىگۇرتىنىڭ نۆكەرلىرىدىن سالۋۇردىقلى ناملىق بىر بەگ
بار ئىدى. شاھ مەلىك يېڭىلگەن پەيتتە، پۈتۈن ئوغۇز بەگلىرى
مەرۋگە يىغىلدى. سالۋۇر ئۆز قەبىلىسىدىن ئون مىڭ ئاتلىق
قوشۇن بىلەن خۇراسان چېگرىلىرىغا كۆچۈپ كەلدى ۋە كوھىس-
تان، تابەس ۋە ئىسپىھان تەرەپلىرىنى خېلى ئۇزۇن يىل بۇلاپ

تالىدى. ئاخىر سەلجۇقلار بۇ مەملىكەتنى ئىستىلا قىلغان ۋاقىتتا، سالۋۇر ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۆز ئۆزىچە ئۇلارغا ياردەم بەردى. ئاخىرىدا ئۇنىڭ باللىرى پارس تەرەپلىرىگە كېتىپ، بىر مۇنچە ئەللەرنى ئېلىشتى. تارىختا سالگۇرى دەپ ئاتالغان پارس ئاتا بەگلىرى مانا شۇلارنىڭ نەسلىدىن ئىدى.

. . . باشقا بىر ئوغۇز بېگى مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن جەيھۇن دەرياسىنىڭ (ئامۇ دەرياسى) ئۇ قېتىغا يەرلەشكەنىدى. قىشلاق ۋە يايلاق ئۈچۈن بالقان تاغلىرىغا، شۇنىڭدەك خارەزم چېگرىلىرىغا باراتتى. ئۇنىڭ باللىرى قۇتلۇق بەگ، قازان بەگ ۋە قارامان بەگلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ھازىرمۇ ياشاۋاتىدۇ. رۇم تۈركمەنلىرى، قارامان، ئەشرەف ۋە باشقا تۈركمەنلەردىن سەلجۇق سۇلتانى توغرۇل رۇمغا ماڭغان ۋاقىتىدا يىگىرمە مىڭ تۈركمەن بىللە باردى. توغرۇل قايتقان ۋاقىتىدىلا ئۇلار شۇ يەرلەرگە ئورۇنلاشتى. ئۇلارنىڭ بېگى ۋە باشلىقى قىنىق نەسلىدىن ئارسلان سۇلتان ئىدى. ئوغۇزلار بۆلۈنۈپ تارقالغان ۋاقىتتا، شاھ مەلىكنىڭ يازىر قەبىلىسىدىن بىر بېگى ۋە ئەلخان ئوغۇللىرى قاياشقول ھەم ۋەلىخان يازىر تەرەپكە كېتىشتى، ھەسار تېغىنى ماكان قىلىپ تاللاشتى ۋە شۇ يەرگە يەرلىشىپ قالدى. بۇلارنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادى ھېلىمۇ شۇ جايلاردا ياشايدۇ.

---

① «دەدە قورقۇت چۆچەكلىرى» دىن ئېلىندى.

② بۇ پېرسىيىلىك (ئىرانلىق) تارىخچى راشىدىددىن فەزلۇللاخ (1247 — 1318) نىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ» (تارىخلار توپلىمى) ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى. بەزى چەت ئەل ئالىملىرى بۇنى راشىدىددىن خاتىرىسىدىكى («جامىئۇل تەۋارىخ» تىكى) «ئوغۇزنامە» ياكى «ئوغۇز داستانى» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ داستان ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئۇيغۇر - تۈركىي تىلى بىلەن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تارقىلىپ كەلگەن. 12 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە بۇ داستان پارسچىغا تەرجىمە قىلىنغان. راشىدىددىن دەل ئۇنىڭ پارسچە نۇسخىسىنى كىتابىغا كىرگۈزگەن. راشىدىننىڭ كىتابى دۇنيادىكى چوڭ تىللار جۈملىدىن ئېلىمىزدە خەنزۇ تىلىغا قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىنغان. «ئوغۇزنامە» نىڭ بۇ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى شىنجاڭ داشۆسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئىلمىي تەتقىقاتقا دائىر پايدىلىنىش ماتېرىيالى» ناملىق ژۇرنالنىڭ 1984 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

## ئوغۇزخان ۋە كۆلتېگىن

توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پادىشاھى ئۆزىنى ئوغۇزخان دەپ ئاتاي-دىكەن. ئۇنىڭ قوۋمى ئىچىدە كۆلتېگىن دېگەن داڭدار بىر شەخس بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى ئەركىنلەر ئۇرۇقىدىن ئىكەن. كۆلتېگىننىڭ ئانا بۆلەك چوڭ ئاكىسى قاغان ئىكەن. ئاكىسى كۆلتېگىننى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ ۋە چالا بوغۇزلاپ تاغقا تاشـ-لىۋېتىپتۇ، كۆلتېگىننىڭ ئىنىكئانىسى ئۇنى مانى دىنى ئۆلىما-سىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ داۋالىتىپتۇ. ئۇ تەدرىجىي ياخشى بولۇپ، ئاخىر ساقىيىپتۇ، كېيىن كۆلتېگىن ئوغۇزخاننىڭ پاي-تەختى ئازالغا كېلىپ يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئوغۇزخانغا ئادەم قويۇپ خۇشامەت قىلىپ، خاننى خۇرسەن قىپتۇ. ئوغۇزخان ئاخىر ئۆز نىيىتىدىن يېنىپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەي-دىغان بوپتۇ، ئەمما ئۇنى ئوردىغا كىرگۈزمەي، بەش شەھەر (پەنجكەنت) كە نايىپ قىلىپ تەيىنلەپتۇ. ئۇ يەردە يەرلىك خەلق-تىن دوست تۇتۇپ، دائىم ئۇلارغا خەير - ساخاۋەت كۆرسىتىپ، تەدرىجىي كۈچ توپلاپ، پۇرسەت كۈتۈپتۇ، شۇ كۈنلەردە قاغاننىڭ ئوۋغا چىقماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ - دە، نۇرغۇن ئەسكەر باشلاپ بېرىپ قاغانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىپتۇ. كۆلتېگىن شەھەرنى سۇ قويۇپ بېرىپ غەرق قىلىۋېتىشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ. شەھەر سېپىلى ئۆرۈلۈشكە باشلا-پتۇ. كۆلتېگىن ئەل بولغانلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئېلان قىپتۇ. ئاچلىقتىن ھالى كەتكەن شەھەر خەلقى چىقىپ ئەل بوپتۇ. كۆلتېگىن ھەممىسىنى كەچۈرۈم قىپتۇ. توققۇز ئوغۇز

خانى چىقماپتۇ. كۆلتېگىن ئۇنى تۇتۇپ دارغا ئېسىشنى بۇيرۇپ-تۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆلتېگىن قاغانلىق تەختكە ئولتۇرۇپتۇ. ئىراندىن كۆلتېگىننىڭ يېرىگە بارغۇچە ئاسۇق، كۇچادىن ئۆتۈپ، ئاندىن ئازالغا[1] بارغىلى بولىدۇ. ئازالدىن شەرققە يۈرگەندە چىنلىقلار شەھىرىگە بارىدۇ. چىنلىقلار شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا يىگىرمىدىن ئارتۇق كىچىك شەھەر بار.

بۇ پارس تارىخچىسى گەردىزىنىڭ 1048 — 1052 ـ يىللىرى يازغان «زەينىل ـ ئەل ـ ئەخبار» (خەۋەرلەر زىننىتى) ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن.



① ئازال — بەزىلەر قاراشەھەر دەپ ئىزاھلىغان.

## قايان، نوكوز ۋە ئەرگىنەقۇن

«تۇرئىبن فەرىدۇن ئەلخان ئۇستىگە لەشكەر تارتقاندا، موغۇل قوۋملىرىنىڭ ئەلخاندىن خۇشدىل ۋە خۇشخۇي بولغانلىرى دۇشمەنلەر بىلەن مەردانىلەرچە ئېلىشتى. تۇركلەرنىڭ، تاتارلارنىڭ كۆپچىلىكىنى ئۆلتۈرۈپ، دۇشمەننى ئارقىغا چېكىندۇردى. شۇ ئەسنادا تۇر ئىبن پەرىدۇن بىلەن شۇنچخان تاتار ھىيلە ئىشلىتىپ قېچىشقا باشلىدى، كېيىن قايتىپ، ئەلخان ئەسكەرلىرىگە ئىككى پەرسەڭ يېقىنلىشىپ توختىدى. ئىككىنچى كۈنى غەپلەتتە قويۇپ، ئەلخان ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇستىگە يوپۇرۇلۇپ بېسىپ كەلدى. ئەلقىسسە، تەقدىرى قىسمەت بىلەن ئەلخان ۋە موغۇل خەلقى ئۇستىدىن غالىب كەلدى. موغۇل خەلقى يېگەن تۇزلىرىنى ھالاللاش يولىدا شۇ كۈنى شۇ قەدەر جان تىكىپ جەڭ قىلىشتىكى، دۇشمەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، ھەممىسى جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولۇشتى. . . قايان ئىبن ئەلخان ۋە ئۇنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى نوكوز، ئىككى ئايال، شۇ ئىككىسىنىڭ ھەمشىرىسىدىن تاشقىرى باشقا بىرەر كىشى بۇ جەڭدە تىرىك قالمىدى. ئېيتىلىشىچە، بۇ ۋەقە ئوغۇزخاندىن مىڭ يىل ئۆتكەندىن كېيىن سادىر بولغان. بەزىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، مەغلۇبىيەت جېڭى پەيتىدە قىرىق نەپەر قىز بىر تەرەپكە، ئوتتۇز نەپەر يىگىت يەنە بىر تەرەپكە قاراپ قېچىپ كېتىشكەن. ئەنە شۇ قىرىق نەپەر قىز نەسلىدىن قىرىق قىز، ئوتتۇز نەپەر ئوغۇل نەسلىدىن

ئوتتۇز ئوغۇز تۆرەلگەنمىش.
قايان بىلەن نوكوز خوتۇنلىرى بىلەن بىللە ئۆزلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملىرى ئارىسىغا كىرىپ، ئۆلگەن بولۇپ مۆكۈنۇۋالدى، قۇياش پېتىپ، قاش قارايغاندا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئەسىرگە ئېلىنغان ئاتلارغا ئەپلەپ - سەپلەپ مىنىپ يولغا چۈشتى. بىر تاغ باغرىغا يېتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلاشتى. بۇ جاي سۈزۈك بۇلاقلار ئېقىپ تۇرغان دەرەخزارلىق، ئوت - چۆپ بولۇق ئۆسكەن ياپيېشىل يايلاق ئىدى. ئۇلار دەملىرىنى ئېلىپ، تىنىۋالغاندىن كېيىن ئۆزلىرىگە ئەپلىك جاي ئىزدەپ، خۇددى قەلئەگە ئوخشاش بىر ئېگىز تاغنىڭ ئالدىغا كېلىپ قېلىشتى. بۇ تاغنىڭ سىرتى گرانىت تاشلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، تاغنىڭ ئىچى چەكسىز كەتكەن مېۋىزارلىق، سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان، بولۇق ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان ئوۋ هايۋانلىرىنىڭ كانى ئىدى. تۈركلەر بۇ تاغنىڭ نامىنى «ئەرگىنەقۇن» دەيتتى. بۇ ئۆتكۈر تاغ قىرلىرى بىلەن ئورالغان تاغ ئۆڭكۈرى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئەلقىسسە، ئۇلار كۆپ مۇشەققەتلەر بىلەن بۇ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئۇ مۇۋاپىق بىر جاينى تاللاپ، دۆڭدىن پەسكە قاراپ دومىلاپ، بۇ جەننەتتەك تاغنىڭ ئىچىگە كىرىپ ماكانلىشىپ قالدى. بۇ جايدا تىرىكچىلىك قىلىپ باي بولۇپ، نەسلىمۇ كۆپەيدى. ئۇلار نەسلىدىن ئۇرۇقلار ئۆلگىيىپ قەبىلىگە ئايلاندى. قايان نەسلىدىن كۆپەيگەنلەر قىيات قەبىلىسىنى شەكىللەندۇرگەن بولسا، نوكوز نەسلىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن قەبىلىنى دەرلەكىن دەپ ئاتاشتى.
قىيات ۋە دەرلەكىن قەبىلىلىرىنىڭ نەسلى كۆپىيىپ «ئەرگىنەقۇن» ماكانىغا سىغماي قالدى. ئۇلار بۇ تاغ جىلغىسىدىن چىقىپ كېتىشكە يول ئىزدىدى. ئۇلار تاغ قاپتىلىنى بۇزۇپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن يول ئىزدىگەندە، قاپتالنى كېسىپ ئۆتكەن «تۆمۈر رۇدىسى تومۇرى» غا كۆزى چۈشتى. ئامال تېپىلدى...

ئۇلار ئەنە شۇ تۆمۈر رۇدا تومۇرىنى ئىزدەپ، ئۇ جايدىن يول ئېچىپ، بۇ جىلغىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى. پۈتۈن قوۋم توپلىشىپ مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ ناھايىتى نۇرغۇن ئوتۇن ۋە كۆمۈر توپلىدى. بۇ يېقىلغۇلارنى ئۇنۇملۈك ياندۇرۇش ئۈچۈن كېيىك ۋە ئاھۇلار تېرىسىدىن توققۇز يۈز تۆمۈرچى «كۆرىكى» ياسىدى. كېيىن تۆمۈر رۇدىسى تومۇرى ئۈستىگە دۆۋىلەنگەن يېقىلغۇلارنى توققۇز يۈز ئورۇندىن تۇتاشتۇرۇپ، يالقۇنغا توققۇز يۈز كۆرەك ئارقىلىق دەم بەردى. . . بۇ ھەرىكەتنى ئۈزۈن داۋاملاشتۇرۇپ، قاپتال باغرىدىكى تۆمۈر رۇدىسىنى ئېرىتىپ تاشلاپ، ئاخىر ئۆزلىرى چىقىپ كېتىشكە يول ئاچتى. ئۇلار شۇ يول ئارقىلىق بۇ تاغ جىلغىسىدىن كۆچۈپ چىقىپ، بۇرۇن ئاتا - بوۋىسى، ئەجدادى ماكانلاشقان بۇرۇنقى ۋەتىنى موغۇل دالاسى (ئورقۇن ۋادىسى) غا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانا ماكانىغا ئوبدان تۇراقلىشىپ ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى بۇ ۋەتەندىن قوغلاپ چىقىرىپ، بۇ جايلارنى ئىگىلىۋالغان تاتار ۋە باشقا قوۋملارنى جەڭ قىلىپ قورال كۈچى بىلەن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۆز يەرلىرىنى ئازاد قىلدى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ بىر قىسمى چىن ۋە چىن ماچىنغا كەتكەنىدى. ئۇلار ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ، بۇ جايدىن دۈشمەنلىرىنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، سىرتقا ئۆز ۋاقتىدا قېچىپ كەتكەن قېرىنداشلىرى قايتىپ كېلىپ ئۇلار بىلەن خۇشال ھالدا جەم بولدى.

[بۇ رىۋايەت مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ «تارىخ ئابىرا ئۇلۇس» (تۆت ئۇلۇس تارىخى) ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن]

## خورخان ۋە قىزىل گوشۇ، قارا گوشۇ

قەدىمكى زاماندا تۇبۇتلار ئۇيغۇرلارنى «خور»، ئۇنىڭ پادىشاھىنى «خورخان» دەپ ئاتايدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى، خورخان شىمال تەرەپتىكى ئەللەرنى چارلاپ ـ تەكشۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن بەش كىشىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۆز پادىشاھىغا مۇنۇلارنى مەلۇم قىپتۇ:

بۇ ئەلنىڭ شىمالىدا ئوت يانىدىغان قۇمتاغ بار. تاغنىڭ ئۇدۇلىدا تەڭرىتاغ دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى بۆلەك بار. ۋۇكچۇرخانى بىلەن خالى خانىنىڭ دۆلەت كۈچى تازا يېتىلگەن زامانلاردا لەشكەر تارتىپ بۇ يەرگە ماڭغان بولسىمۇ يولى توسۇلۇپ قالغان. شۇ زاماندا بۇ ئىككى كىشى يولدىن ئېزىپ چۆلگە كىرىپ قالغانىكەن. چۆلدە تۆگە ئىزى ئۇچراپتۇ، ئىزنى ئىزلەپ مېڭىپ بىر كارۋانغا يېتىشىۋېلىشقا ئاز قالغاندا بىر ئايال ئۇچراپ، ئۇلار بىلەن دۇگۇچە (تۈركچە) سۆزلىشىپتۇ. ئايال كىشى بۇ ئىككى خاننى پىنھان جايغا باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇۋ ئوۋلىغاچ تۆگىلەرنىڭ كەينىدىن ماڭىدىغان بىر تايغان يات ئادەم ھىدىنى سېزىپ قاپتۇ. ئايال كىشى ئۇلارنى تايغانغا باش ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. تايغان ئون تۆگىگە يېپىنچا ۋە قۇملۇق چۆلدىن ئۆتكەندە كېرەك بولىدىغان سۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى يۈكلەپ، بۇ ئىككى كىشىنى دۇگۇ ئېلىگىچە ئەكىلىپ قويۇپتۇ. بۇ يەردىكى تايغانلار ئەسلىدە ئاسماندىن چۈشكەنىكەن. بىرى قىزىل، بىرى قارا ئىكەن. ئۇلار بىر

جىلغىدا بىر چىشى بۆرىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتۈپتۇ، تۇغۇلغان ئەۋلادلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئەي بولماپتۇ. ئاخىر ئۇلار يېقىن جايدىكى دىرۇگۇ ئاھالىلىرىدىن بىر چوكاننى ئوغرىلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتۈپتۇ. ئەۋلادلىرىنىڭ ئەركەكلىرى تايغاننىڭ سىنىنى ئاپتۇ، چىشىلىرى ئادەمنىڭ سىنىنى ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر توپ قىزىل ئايالار قەبىلىسى قىزىل گوشۇ دەپ ئاتىلىپتۇ. قارا ئايالار قەبىلىسى قارا گوشۇ دەپ ئاتىلىپتۇ. تايغان سىنىنى ئالغان ئەرلەرمۇ ئايالار بىلەن دىرۇگۇچە سۆزلىشىدىكەن، قەبىلىلەرنىڭ مال - مۈلكىنى ئايالار باشقۇرىدىكەن ۋە ئىشلىتىدىكەن.

(بۇ نۇسخا ق. ۋەلىنىڭ «بىزنىڭ تارىخي يېزىقلىرىمىز» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى.)



# ئاشىد ۋە ئاشىد غارى

«تۈركلەرنىڭ ئەجدادى شىمۇشلى دېڭىز ئىلاھى دېيىلەت-
تى، ئىلاھ ئاشىد غارىنىڭ غەربىدە تۇرغانىكەن. شىمۇدىمۇ ئىلا-
ھىي كارامەت بار ئىدى. دېڭىز ئىلاھىنىڭ قىزى بار بولۇپ
ھەركۈنى كەچتە شىمۇنى ئاق بۇغا بىلەن دېڭىزغا ئېلىپ كىرىدى-
كەن، ئەتىسى ئېلىپ چىقىدىكەن. بۇ ئىش داۋاملىشىپ توپتوغرا
ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن قەبىلىدىكىلەر ئوۋ ئوۋلىماقچى بوپ-
تۇ. شۇ كۈنى كەچتە، دېڭىز ئىلاھىنىڭ قىزى شىمۇغا جىكىلەپ-
تۇكى: «ئەتە ئوۋ ئوۋلىغان چاغدا سېنىڭ ئەجدادىڭ تۇغۇلغان
غاردىن ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك ئاق بۇغا چىقىدۇ. مۇبادا سېنىڭ
ئۈزگەن ئوقيايىڭنىڭ ئوقى ئۈنىڭغا تەگسە، بىز داۋاملىق ئالاقە
قىلىپ تۇرايلى، ناۋادا تەگمەي قالسا مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېتەيلى.
» ئەتىسى ئەتراپ قورشاۋغا ئېلىنىپتۇ، ئەجدادلار تۇغۇلغان غار-
دىن ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك بۇغا چىققان ھامان شىمۇ ئۇنىڭ ئەتراپى-
نى قاتتىق ساقلاشقا بۇيرۇپتۇ. بۇغا سەكرەپ مۇھاسىرىدىن چى-
قىپ كېتىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ (ئۇ يەردە بىر گۇمانلىق
يوچۇق قېپقالغاچقا) . شىمۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ ئانى ئاتىماننى
تۇتۇپ كېلىپ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ: «ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن
كېيىن ئادەملىرىنى قۇربانلىق قىلىش كېرەك» دەپتۇ ھەم ئانى
قەبىلىسىدىكى بوغۇنلارنى تۇتۇپ قۇربانلىق قىپتۇ. بۈگۈنكى كۈن-
گىچە تۈركلەر ئادەملەرنى قۇربانلىق قىلماقچى بولسا دائىم ئانى

قەبىلىسىدىكىلەرنى قۇربانلىق قىلىدىكەن. شىمۇ ئانىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن كەچتە دېڭىزغا كىرىپتۇ. دېڭىز قىز شىمۇغا: «ئادەم ئۆلتۈرۈپسەن، قان ھىدى پۇراۋاتىدۇ، مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېتەيلى» دەپتۇ.

(بۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب دۇەن چىڭشىنىڭ «يۆياڭ خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى.



# ئاشىنا ۋە تۈركلەر

تۈركلەر. . . ھونلارنىڭ باشقىچە بىر نەسلى، فامىلىسى
ئاشىنا، ئۇلار ئايرىم بىر قەبىلە. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئۇلار
قوشنا ئەل تەرىپىدىن يوقىتىۋېتىلگەن. بىر ئوغۇل بالىنى ياۋ
لەشكىرى كىچىك كۆرۈپ ئۆلتۈرگۈسى كەلمەي پۇتلىرىنى كېسە-
ۋېتىپ سازلىقتا تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇنى بىر ئۇرغاچى بۆرە گۆش
بىلەن تەمىنلەپتۇ. بالا چوڭ بولۇپ بۆرە بىلەن جۈپلىشىپتۇ،
بۆرە ئۇ بالىدىن ھامىلىدار بوپتۇ. بالىنىڭ ئۇ يەردە ئامان تۇرۇ-
ۋاتقانلىقىنى (غالىب) ئەلنىڭ خانى ئاڭلاپ ئوغۇل بالىنى ئۆل-
تۈرگۈزۈۋېتىپتۇ. كەلگۈچىلەر ياندا بىر بۆرىنىڭ قاراپ تۇرغان-
لىقىنى كۆرۈپ ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئويلىغانىكەن، بۆرە قو-
چۇ ئېلىنىڭ شىمالىدىكى تاغقا قېچىپ كېتىپتۇ. تاغ ئارىسى جىرا
بولۇپ، جىرانىڭ ئىچى تۈپتۈز، ياپيېشىل ئوتلاقلار بىلەن تولغان
يەر ئىكەن. ئەتراپى بىر قانچە چاقىرىم كېلىدىكەن. تۆت ئەتراپى
بولسا پۈتۈنلەي قىيا تاغلار ئىكەن. بۆرە بۇ يەردە ماكانلىشىپ،
ئارقا - ئارقىدىن ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلار چوڭ بولۇپ سىرتقى
قەبىلىلەر بىلەن توي قىلىشىپتۇ. پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاي-
رىم فامىلىلىرى بولۇپ، ئاشىنا شۇلارنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇنىڭ
ئوغۇل ۋە نەۋرىلىرى كۆپىيىپ بىر قانچە يۈز ئائىلىگە يېتىپتۇ.
نەچچە دەۋرلەر ئۆتكەندىن كېيىن جىرادىن چىقىپ، رورەنلەرگە
تەۋە بولۇپ، ئالتۇنتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە ماكانلىشىپتۇ ھەم

روره‌نله‌ر ئۇچۇن تۆمۈرچىلىك قىپتۇ. ئالتۇنتاغنىڭ شەكلى «تۇركە»[1] شەكىللىك بولغاچقا «تۇركە» دېگەن سۆز «تۇرك» دېگەن سۆزگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

(«جۇخانلىقى تارىخى. تۇركلەر تەزكىرىسى» دىن ئېلىندى)



① تۇركە — قالپاق دېگەن مەنىدە.

# ئاپراسىياپ ھەققىدە رىۋايەت

## 1

بۇرۇنقى زاماندا ئاپراسىياپ دېگەن بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئىنتايىن باتۇر ۋە زېرەك بولغاچقا، تۈرك قەبىلىسىنىڭ خاقانى دەپ كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپتۇ.

ئاپراسىياپنىڭ دەۋرىدە، كىشىلەر تېخى بىرەر جەمەتكە ئۇيۇشمىغان، ئۆي سېلىپ ماكان تۇتمىغان، ھۈنەر قىلىپ تىجارەت باشلىمىغان، يەر تېرىش، چارۋا بېقىش دېگەنلەرنى، ئوت يېقىپ گۆش پىشۇرۇشنى، كىيىم تىكىپ بەدەنلىرىنى يېپىپ يۇرۇشنى بىلمەيدىكەن.

ئاپراسىياپ پادىشاھ بولۇشتىن بۇرۇن نۇرغۇن يەرلەرنى كېزىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپتۇ. ئۇ ئۆز قەبىلىداشلىرىنى قايسى يول بىلەن ئىتتىپاقلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى، ئۇلارنى بىرەر جەمەتنىڭ بايرىقى ئاستىغا توپلاپ، ئادەمچە ياشاش يولىغا سالغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە باش قاتۇرۇپتۇ.

ئاپراسىياپ ئويلىغانلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئالدىدا ئوردا ياسىتىپ، ئۇ يەرگە شاھلىق تەختىنى تىكلەپتۇ ۋە بۇ شەھەرنى «خان ئۆيى» دەپ ئاتاپتۇ.

ئۇ توققۇز ئوغۇل ۋە توققۇز قىزى ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم ئون سەككىز شەھەر بىنا قىپتۇ. بۇلاردىن تارىختا نامى مەشھۇر بولغانلىرى قەشقەر، يەركەن، خوتەن، چىن ماچىن، قوستەنىس-

يە، دەقيانۇس، بارچۇق، كۇچا، بالاساغۇن، تۇرپان، قۇمۇل، غۇلجا، ئالتاي قاتارلىق شەھەرلەر ئىكەن. ئاپراسىياپنىڭ پەرزەنتلىرى بۇ شەھەرلەرگە ئۇزۇن مۇددەتلەرگىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆتۈپتۇ. ئاپراسىياپ پادىشاھلىق تەختىدە دەۋران سۈرۈۋاتقان چاغلاردا كىشىلەر يىراق - يېقىنلارغا چېچىلىپ كەتمەي يەر تېرىشنى بىلىدىغانلىرى دېھقانچىلىق بىلەن، قوي بېقىشنى بىلىدىغانلىرى چارۋىچىلىق بىلەن، باغۋەنلەر باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. پۇقرالار بىلەلمىگەننى ئاپراسىياپ ئۆگىتىپتۇ.

ئاللا ئاپراسىياپنىڭ كۆڭلىگە يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەرنىڭ سىرىنى سالغانىكەن، بۇلاردىن يەتمىش خىلىنى پۇقرالارغا ئۆگىتىپ، ئىككى خىل ھۈنەرنى ئېھتىيات ئۈچۈن ئۆگەتمەي قويغانىكەن. چۈنكى بۇ ئىككى خىل ھۈنەرنى ئۆگىتىۋەتسە، پادىشاھ بىلەن خەلقنىڭ پەرقى بولمايدىكەن.

ئاپراسىياپ پەرزەنتلىرى ۋە پۇقرالىرىغا ئۆگەتكەن ھۈنەرنىڭ ئەڭ داڭلىقلىرى مۇنۇلار ئىكەن: دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، قوغۇن تېرىش، سەۋزە - چامغۇر تېرىش، ئۆي سېلىش، ئوت يېقىش، قوي سويۇش، كاۋاپ پىشۇرۇش، تۇز يېيىش، ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، تۆمۈرچىلىك، تىككۈچىلىك، گىلەمچىلىك، پىلە بېقىش، يىپەك توقۇش، كىگىزچىلىك، كۆنچىلىك، قۇدۇق - كارىز كولاش، بۆشۈك ياساش، توقۇمىچىلىق، ياغاچچىلىق، نەققاشلىق، تاشچىلىق، تۈگمەنچىلىك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئاپراسىياپ ئۇزۇن يىل ئۆمۈر كۆرۈپ سەلتەنەت سۈرۈپ، يەتتە ئىقلىمنى بەخىرامان سوراپ، دوستلىرىنى كۈلدۈرۈپ، دۈشمەنلىرىنى قان قۇستۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئاپراسىياپنىڭ شانۇ شۆھرىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقى تۈپەيلىدىن ئۇن سەككىز شەھەر خەلقى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مەمۇرىچىلىق، تىنچ-خاتىرجەم، ئاسايىشلىقتا تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئۆتكەنىكەن. ①

# 2

مۇنۇ چېھرە[①] ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆز ئوغلى نوزەرنى ئەجەم ئىقلىمىغا پادىشاھ قىپتۇ. نوزەر بولسا ھېچ كىشىگە ئازار بېرىشنى خالىمايدىغان ناھايىتى مۆمىن ئادەم ئىكەن. شۇڭا پادىشاھلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماپتۇ. ئىنتىزام قالايمىقانلىشىپ پادىشاھلىق سەلتەنىتىگە خىلاپلىق يېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مۇنۇ چېھرەنىڭ ۋاپات بولۇپ نوزەرنىڭ پادىشاھ بولغانلىقى تۇرانغا ئاڭلىنىپتۇ. تۇران پادىشاھى فۇشاڭ ئۆز ئوغۇللىرىنى، ۋەزىر، ئۆمەرالىرىنى جەم قىلىپ مۇنداق دەپتۇ: «ھازىر ئاڭلىساق مۇنۇچېھرە ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ياۋاش ئوغلى نوزەر قولىدىكى نامىغا قانائەت قىلىپ، بىر كىشىلىك ھۆرمىتىنى ساقلاش ئۈچۈن ئەخلاقىي مىزاندا جان ساقلاپ كەپتۇ. مۇنداق تەرىقەت، مۇنداق تەبىئەت چارىپايلارنىڭ تەبىئىتى. خەتەرلەردىن ھوشيار بولماي، ئەتراپى ئالەمگە نەزەر سالماي، قېرى خوتۇنلاردەك بىر كۈن ئۆتكەن ئۆمۈرگە بىر كۈن قانائەت قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھايۋانلاردىن نېمە پەرقى بولسۇن؟ بىز قارشى تەرەپنىڭ مۇشۇنداق ئاجىز ۋاقتىدا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، جان - جەھلىمىز بىلەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرساق غەلىبە قىلىشىمىزدا شەك يوق.»

ئاپراسىياپ ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى ئاتا، مېنى سورىسىڭىز شىرنىڭ شىرىمەن. بۇ ئىرانلەرگە جازا بېرىمەن» دەپتۇ. ئاتىسى ئوغلىغا رۇخسەت بېرىپتۇ ۋە ئېيتىپتۇكى: «ئوغلۇم، زىنھار - بىزىنھار دۈشمەنىنىڭ ھىيلىسىگە ئالدانما، كۆز يېشىغا رەھىم قىلما. بوۋاڭ تۇرنىڭ ئىرانلار قولىدا ئۆلگەنلىكىنى يادىڭدىن چىقارما.» شۇ گەپتىن كېيىن، فۇشاڭ ئوغلىنىڭ بېشىغا شاھ-

① مۇنۇ چېھرە — ئىران تارىخىدىكى ئەپسانىۋى شەخس.

لىق تاجىسىنى كىيدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ئۆز ئورنىغا پادى-
شاھ قىلىپ تەيىنلەپتۇ. تۆت يۈزمىڭ ئاتلىق، ئىككى يۈز مىڭ
پىيادە ئەسكەر جەملەپ ئوغلىغا تۇتقۇزۇپتۇ. ئاپراسىياپنىڭ ئالتە
يۈزمىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئىرانغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقى
پادىشاھ نوزەرگە ئاڭلىنىپتۇ. نوزەر سەنجىستانغا كىشى ئەۋەتىپ
پالۋانلىرىدىن سام نەرىسمانىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپتۇ ۋە ئۆز بې-
شىغا كېلىۋاتقان خەتەرنى مەلۇم قىپتۇ. سام نەرىسمان ئېيتىپ-
تۇكى: «ئۆيدىن ئايرىلغىلى ماڭا بىرنەچچە يىل بوپتۇ. رۇخسەت
بولسا نەمرۇز شەھىرىگە بېرىپ بالا - چاقامنى كۆرۈۋالسام،
ئاندىن دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ، ئۇلارنى ۋەيران قىلىپ پادىشاھ-
نى خاتىرجەم قىلسام.» نوزەر سام نەرىسمانغا رۇخسەت قىپتۇ.
سام نەرىسمان نەمرۇز شەھىرىگە بېرىپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن
ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىپتۇ. كەكسەر (تاجىك) لار ئۇنى قولغا چۈشۈ-
رۈۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. نوزەر ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە ئاپرا-
سىياپ مازاندىراندىكى تاغ ئارىسى بىلەن نوزەرنىڭ ئۈستىگە بې-
سىپ كەپتۇ. ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە مۇقابىل بوپتۇ. ئەجەل
سۈنايلىرى ياڭراشقا باشلاپتۇ. ئاپراسىياپ پالۋانلىرىدىن پارىمان
ئىسىملىك بىرى مەيدانغا چۈشۈپ، قەھرى - غەزىپىنى يالقۇنلى-
تىپ، ئۆز نام - نەسەپلىرىنى بايان قىلىپ، قارشى تەرەپتىن
ئۇرۇش قىلىدىغان كىشىنى تەلەپ قىپتۇ. نوزەر كۆڭلى يېرىم
بولغان ھالدا قېرىنىدىشى قۇبات گاھنى ئۇرۇش مەيدانىغا ئەۋەتىپ-
تۇ. قۇبات گاھ مەيدانغا چۈشۈپ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە پارىمان
قۇبات گاھنى بىر قىلىچ بىلەن پارە - پارە قىلىۋېتىپتۇ. نوزەر-
نىڭ كىچىك ئىنىسى قارۇنمۇ ئاكىسىنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي،
ئۇتتۇرانچى ئاكىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن مەيدانغا
چۈشكەنىكەن، پارىمان ئۇنىمۇ بىر قىلىچ بىلەن جەھەننەمگە ئۇزى-
تىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش ئوتى ھەر ئىككى تەرەپتىن قىزىپ
كېتىپتۇ. نۇرغۇن لەشكەرلەر ئۆلۈپتۇ. شۇ كۈنى تۇيۇقسىز قارا

بوران چىقىپ كېتىپ ئالەمنى قاراڭغۇچىلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىپ-
تۇ. كۈن - تۈننى پەرق ئەتكىلى بولماپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپ
ئۇرۇش توختىتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۆز قارارگاھلىرىغا قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن، نوزەر ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى مۇلاھىزە قى-
لىشقا باشلاپتۇ. دۈشمەننىڭ پارس قولتۇقىدىن ھۇجۇم قىلىش
ئېھتىمالى بارلىقىنى سېزىپ ئوغلى تۇس بىلەن گوستەمنى قا-
رۇنغا قېتىپ پارس قولتۇقىنى بېسىپ يېتىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇلار
كوھىئەلبەر تېغىدىن ئۆتۈپ، پارس قولتۇقىغا يېقىنلاشقاندا ئاپرا-
سياپنىڭ ئادەملىرى سېزىپ قاپتۇ. ئاپراسياپ ئۆز ئىنىسى
قاراخاننى پارىمانغا قوشۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇستىگە ئەۋەتىپتۇ. قارا-
خان نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بې-
رىپ، تۇس ۋە گوستەمنى ھەممە ئەسكەرلىرى بىلەن ئەسىر
ئاپتۇ. ئاپراسياپ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان بول-
سىمۇ، ئەمما كىچىك ئىنىسى ئېغىرسقان تىلىۋالغانلىقتىن ۋاق-
تىنچە زىنداندا ساقلاشقا ماقۇل بوپتۇ. نوزەر ئىككى شاھزادىنىڭ
ئەسىرگە چۈشكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئازغىنا ئەسكەر بىلەن ئۇلارنى
قۇتقۇزۇشقا مېڭىپتۇ. يېرىم يولغا يەتكەندە بۇلارمۇ ئاپراسياپ
ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئاپراسياپ نوزەرنى ئۆ-
لۈمگە بۇيرۇپتۇ. نوزەر ئۆلگەندىن كېيىن ئىرانلىقلار باشچىسىز
قېلىپ ھەر تەرەپكە تاراپ كېتىپتۇ. ئاپراسياپ پۈتۈن ئەسكەر-
لىرى بىلەن جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئاۋۋال سەنجىستاننى،
ئاندىن نەمرۇزنى بېسىۋاپتۇ. كېيىن پۈتۈن ئىراننى قولىغا كەلتۇ-
رۇپ، بىر نەچچە يىل ئىران، ئەجەم ئىقلىمىغا پادىشاھ بولۇپ
يۇرت سوراپتۇ. ②

① ئېيتىپ بەرگۈچى: ئەيسا ھامۇت
② (XIV ئەسىردە ئۆتكەن خاۋەندى شاھىنىڭ «رەۋزەتۇس سافا» ناملىق
قولىيازمىدىن ئېلىندى)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرەھىم سابىت.

# كەيخىسراۋ

كەيكاۋۇس ۋاپاتىدىن كېيىن تەختكە كەيخىسراۋ بىن سىيا-ۋۇش ئولتۇردى. ئۇ شاھلىق تاجىنى كىيىپلا ئادەملەرنى يىغدى ۋە ئاپراسىياپ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ ئاتىسىنىڭ ئەنتىنى ئال-دىغانلىقىنى بىلدۈردى. لەشكەرلەر ئارىسىدىن يۈز مىڭ كىشىنى ئاجرىتىۋالدى ۋە تۇسى ناۋدەرگە تاپشۇردى. ئۇلار تۇرانغا يول ئالدى.

ئاپراسىياپ بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇمۇ لەشكەر تارتتى. پىراننى قوشۇنغا باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇرۇشتا تۇران ئەسكەرلىرى يېڭىلىپ چىقتى، پىرى بارز باشچىلى-قىدىكى ئىران قوشۇنى يېڭىلىپ، بايراقنى ئارقىسىغا ئۆرۈپ قېچىشقا باشلىدى. كېيىن كەيخىسراۋ يەنە پۈتۈن ئىران لەشكەر-لىرىنى يىغىپ ئاپراسىياپتىن ئۆچ ئېلىشتىن باشقا چارە يوق، دەپ ئېلان قىلدى. سىپاھلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا جەم بولۇشتى. ئاپراسىياپمۇ بارلىق تۈرك قوشۇنىنى جەم قىلغانىدى. كەيخىسراۋ ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدىكى چېگرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ قوشۇننى تۆت قىسىمغا بۆلۈپ، تۇرانغا كىرىش ۋە قارشى تەرەپ لەشكەرلىرىنى ئورىۋېلىشتىن ئىبارەت ئۇرۇش پىلانىنى ئېلان قىلدى. گۆدەرزگە ئاختارى كاۋىيان دەپ ئاتالغان چوڭ بايراقنى تاپشۇردى. ئۇنىڭغا قوشۇپ پىرى بارزنىمۇ ئەۋەتتى، يەنە بىر قوشۇننى گىرگىن مىلود ناملىق باشلىقنىڭ قول ئاستىدا باشقا تەرەپكە ئەۋەتتى. قالغان لەشكەرلەرنى رۇستەمگە بەردى. يەنە گوشتەھى ناملىق لەشكەر بېشىنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەۋەتتى.

ئۆزى ئۆز مەنزىلگاھىدا قارار تاپتى. ئەگەر بىرەر لەشكەر يېتىل-سە ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ، يەنە ئۇلارنى يەنە روھلاندۇراتتى، بۇ خەۋەرلەر ئاپراسىياپقا بېرىپ يەتتى. ئۇنىڭ گارشىيۇز ناملىق بىر بۇرادىرى بار ئىدى. سىياۋۇشنى ئۆلتۈرگەن دەل شۇ ئىدى. ئاپراسىياپ ئەنە شۇ بۇرادەرگە سان - ساناقسىز لەشكەر بېرىپ جەڭگە ئەۋەتتى. «كەيخىسراۋ تۇرانغا لەشكەر تارتىپ بار-غان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆپى گۆدەرزنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇن، گاۋىيان بايرىقى ھەم شۇنىڭ قولىدا، سەن شۇ تەرەپكە يول ئال» دەپ ئاپراسىياپ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇق بەردى. كەيخىسراۋ تۇران قوشۇنىنىڭ يېقىنلاشقىنىنى، ئۇنىڭ باشلىقى فىرانىنىڭ ئۆزىنىڭ تەربىيىچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى خالىمىدى. كەيخىسراۋ ۋەكىللەر ئەۋەتىپ فىرانغا مۇنداق خەۋەر قىلدى: سېنىڭ مەندە ھەققىڭ بار، سەن مېنى ئاتام ۋە ئانام ئورنىدا تەربىيىلىدىڭ، ماڭا كۆپ ياخشىلىقلار قىلدىڭ، غەلىبە قازانسام سېنىڭ ھەققىڭنى ئاقلايمەن.

فىران ئۇنىڭ ئەلچىلىرى ۋە نامىنى ساقلىدى. ئاپراسىياپ فىراننى ئۆز بۇرادەرلىرى ھەم پەرزەنتلىرىدىنمۇ ئارتۇق قەدىر-لەيتتى، ئۇنى ئۆزىدىن كېيىن باشلىق قىلىشقا مۆلچەر قىلغان-دى. فىران ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن ئالغا يۈردى ۋە گۆدەرز قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى، گۆدەرز فىران قوشۇنىغا زەربە بەردى. فىران شۇ ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ھەممە بۇرادەرلىرى، ئاپراسىياپنىڭ يېقىنلىرى ھەممە سىياۋۇشنىڭ قا-تىلى گارشىيۇزمۇ ئەسىر قىلىندى. گارشىيۇزنىڭ قولىنى كې-سىپ، كۆزىنى ئويۇپ ئۆلتۈردى. ئۇ سىياۋۇشقا نېمە قىلغان بولسا ئۇنىڭغا ھەم شۇنى قىلدى.

ئەتىسى كەيخىسراۋ تەختكە ئولتۇردى. نەۋرە ئاكىسى نەۋفە-رانى ئوڭ قول تەرىپىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭغا كىرمان ۋە ماكىران ھاكىملىقىنى تاپشۇردى. كېيىن كەيخىسراۋ گۆدەرزگە مىننەتدارلىق ئىزھار ئەتتى. كۆپ سوۋغاتلار بەردى ۋە ئۇنى ئىسپىھان ھەممە گورگان ھاكىملىقىغا تەيىن قىلدى. باشقا لەش-

كەرلەردىنمۇ خەۋەر كەلدى. ئۇلار تۇران يېرىدە ئاپراسىياپنى ئورىۋالغانىدى. جاھان ئاپراسىياپقا تارلىق قىلغانىدى. ئاپراسىياپ ھەم ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى، فىرانىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، گارشىيۇزنىڭ ھەممە ئەزايى بەدىنى پارە - پارە قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئاپراسىياپنىڭ يەنىلا تېخى كۆپ ئەسكىرى بار ئىدى.

ئاپراسىياپ ئوغلى شەيداغا كۆپ قوشۇن بېرىپ، كەيخىسراۋغا قارشى ئۇرۇشقا ئەۋەتتى. شەيدا جادۇ ھۈنىرىگە ئۇستا ئىدى. كەيخىسراۋ ئۇنىڭ جادۇسىدىن قورقۇپ، قوشۇننى ئېلىپ قېچىپ كەتتى، مەيداندا پەقەت قورۇق ئىبنى ھەرخان ناملىق قېرى لەشكەر بېشى بىلەن قول ئاستىدىكى بىر قىسىم ئەسكەرنى قالدۇردى. ئۇ لەشكەر قوشۇنى بىلەن چارشەنبە كۈنى تۈن بىر كۈن جەڭ قىلدى. ئاخىر تۈرك قوشۇنى چېكىندى ۋە كەيخىسراۋنىڭ لەشكەر باشلىرى ئۇلارنى قورشاۋ ئاستىغا ئالدى، ئۇلار يېتىپ بېرىپ شەيدانى ئاتتىن غۇلاتتى ۋە ئۆلتۈردى. تۈرك قوشۇنى يېڭىلىپ قاچتى، كەيخىسراۋ لەشكەرلىرى كۆپ ئەسىر ۋە ئولجىلار ئېلىپ قايتتى.

ئاپراسىياپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ لەشكەر باشلىقلىقىنى ئەمدى كىمگە تاپشۇرۇشنى بىلمەي قالدى. ئىنتايىن چوڭ قوشۇن توپلاپ ئۆزى باش بولغان ھالدا جەڭگە ئاتلاندى.

كەيخىسراۋ ھەممە قوشۇننى يىغدى، ئۈچ لەشكەر بېشى ئالدىغا چىقتى. ھۆكۈمرانلار ۋە مەلىكىزاتلار كەيخىسراۋنىڭ ئەتراپىغا جەم بولدى. ئۇرۇش باشلاندى. بۇنداق ئۇرۇشنى ھازىرغىچە جاھاندا ھېچكىم كۆرمىگەن. ئاپراسىياپ مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. كەيخىسراۋ ئۇنى قورشاپ شەھەرمۇ شەھەر قوغلىدى، ئەمما ئاپراسىياپ ھېچقانداق يەردە توختىمىدى. ئاخىر ئۇ تۇراندىن چىقىپ، رۇمغا ئۆتۈپ كەتتى. ئەپراسىياپنىڭ قېشىدا لەشكەرلىرىدىن ھېچكىم قالمىدى.

ئۇ بىر مىرغىزارغا كېلىپ قالدى. ئۇ يەردە بىر كۆل بار ئىدى. ئاپراسىياپ ئاشۇ كۆلدە سۇ ئىچىگە يوشۇرۇندى. ئۇنى

ئاختۇرۇپ تاپتى ۋە تۇتۇپ كەيخىسراۋنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، كەيخىسراۋ ئۇنى ئەسىر قىلىشنى ۋە ئۈچ كۈن تىنچ هالدا ساقلاشنى بۇيرۇدى. تۆتىنچى كۈنى ئۇ ئاپراسىياپنى ئۆز هۇزۇرىغا چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا: «سىياۋۇشنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ، سەۋەبىنى ماڭا ئېيت» دېدى. ئاپراسىياپ هېچقانداق سەۋەب كەلتۈرەلمىدى. كەيخىسراۋ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. گۆدەرزگە: «بىر تەشت (جادۇ) ئېلىپ كەل» دېدى. ئاپراسىياپنى ياتقۇزدى. پۇتى ۋە قولىنى كەستى، بوغۇزىنى قوي بوغۇزلىغاندەك جادۇ ئاستىدا توغرىدى. سىياۋۇشنىڭ بېشىنى ئۇمۇ خۇددى شۇنداق ئۈزگەندى.

كېيىن كەيخىسراۋ قوشۇننى قايتۇردى ۋە ئۆز يۇرتىغا كەلدى. ئۇ بارلىق خەلق ۋە ئەسكەرلىرىنى يىغىپ: «مەن جاهاندىن نېمە لازىم بولسا تاپتىم، ئەمدى جاهان ئىشىنى تەرك قىلىمەن. مەملىكەتتىن چىقىپ كېتىمەن. مەملىكەت ۋە هۆكۈمەتنى باشقۇرۇشتا كىمنى خالىساڭلار شۇنىڭغا بېرىڭلار» دېدى. ئۇلارنىڭ هەممىسى غەمكىن بولۇشتى، شۇنچە كۆپ يالۋۇرۇشتى، لېكىن كەيخىسراۋ ئۇنىمىدى. ئۇ يەنە: «ماڭا ئۆلۈم كەلمەكتە، ئۆلگىنىمدىن كېيىن نېمىنى قىلماقچى بولساڭلار، هازىر شۇنى قىلىڭلار» دېدى. خالايىق بىلدىكى، ئەمدى هېچقانداق گەپ پايدا بەرمەيدۇ. هامان ئۇلار بىزگە نامزاتىڭنى تايىن قىل، هۆكۈمەتنى شۇنىڭغا تاپشۇرايلى، دەيدۇ. ئۇ يەردە لوهراسىپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ شاهزادىلەردىن ئىدى. كەيخىسراۋ قولىنى شۇ تەرەپكە ئۇزاتتى ۋە جىم بولدى. شۇ كېچىسى كەيخىسراۋ غايىب بولدى. كېيىن ئۇنى هېچكىم كۆرمىدى. دەيدۇلەركى، كەيخىسراۋ تاغلارغا چىقىپ كەتكەن ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

(بۇ «ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى» نىڭ I تومىدىن ئېلىندى، تاشكەنت «پەن نەشرىياتى»، 1978 ـ يىل نەشرى.)

# سىياۋۇش

ئەجەمنىڭ شەرقىدىكى تۈركىستان يېرى ئاپراسىياپنىڭ ئىختىيارلىقىدا ئىدى. ئەجەم ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى ھىجاز، يەمەن كەيكاۋۇسقا قاراشلىق بولغان، ئىران ۋە تۇران ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا ئامۇ دەرياسى (جەيھۇن) ئارقىلىق ئايرىلاتتى.

كەيكاۋۇس بىر ئوغۇل كۆردى. ئۇنىڭ نامىنى سىياۋۇش قويدى. پۈتۈن دۇنيادا بۇنىڭدىن چىرايلىقراق ئوغۇل يوق ئىدى. بۇ بالا مەشھۇر سەركەردە رۇستەم قولىدا تەربىيە كۆردى. يىگىرمە ياشقا تولغاندا ئاتىسى سىياۋۇشنى يېنىغا ئېلىپ كەلدى. كەيكاۋۇس ئۇنىڭ ئىشلارغا ۋە ئەدەپكە ئۆگەنگەنلىكىدىن خۇشاللاندى. كەيكاۋۇسنىڭ بىر خوتۇنى بار ئىدى. ئۇ مازاندىران شاھىنىڭ قىزى ئىدى. بۇ خوتۇن ئىنتايىن شوخ ۋە چىرايلىق ئىدى. ئۇ سىياۋۇشنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدى. سىياۋۇش ئۆگەي ئانىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، مەن ئاتامغا بىۋاپالىق قىلمايمەن، دەپ جاۋاب بەردى. بۇنىڭدىن غەزەپكە كەلگەن ئايال كۆپ ھىيلە - مىكىر ئىشلەتتى. يالغان گەپ تارقىتىپ سىياۋۇشقا تۆھمەت قىلدى. نەتىجىدە ئاتا ئوغلىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇماقچى بولدى. ئەمما، سىياۋۇشنىڭ ئىلتىماسى ۋە رۇستەمنىڭ مەسلىھىتىگە ئاساسەن، ئاتىسى سىياۋۇشنى ئاپراسىياپقا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغان قوشۇنغا باشلىق قىلىپ ئەۋەتتى. سىياۋۇش تۇرانغا كېلىپ ئۇرۇش قىلدى، قارشى تەرەپنىڭ كۆپ

ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپراسىياپ ئىككى كىشىنى ئەۋەتىپ سۇلھى سورىدى.

سىياۋۇش سۇلھى تۈزۈشكە قوشۇلدى ۋە بۇ توغرىدا ئاتىسىغا خەۋەر يوللىدى. ئاتىسى سۇلھىگە نارازى بولدى. سىياۋۇش، مەن بىۋاپالىق قىلمايمەن، ئۆز ئەھدىمدىن قايتمايمەن، ـ دېدى. ئۇ ئەمدى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بارالمىدى، يا ئۇياققا، يا بۇياققا ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئاپراسىياپ ئالدىغا باردى. ئاپراسىياپ ئۇنى ياخشى قارشى ئالدى ۋە سىياۋۇشقا ئۆز قىزىنى بەردى. قوشۇن ئىرانغا قايتتى. ئاپراسىياپ سىياۋۇشنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىقى مەردلىكى ۋە باتۇرلۇقىدىن ئەندىشىگە چۈشتى ۋە بۇ ھەقتە ئۆز ئادەملىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئاخىر سىياۋۇشنى ئۆلتۈرۈش پىكرىگە كەلدى. سىياۋۇشنىڭ خوتۇنى (ئاپراسىياپنىڭ قىزى) ھامىلدار ئىدى. ئۇنىڭغا دورا بېرىپ بالىسىنى چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولدى. ئاپراسىياپنىڭ فېران دېگەن ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇ سىياۋۇش بىلەن ئاپراسىياپ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن سۇلھىنىڭ تەشەببۇسكارى بولغانىدى. فېران ئاپراسىياپنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنى قارىلىدى. ئۇ: «شاھزادە سېنىڭ يېنىڭغا كەلدى، ساڭا خىزمەت قىلدى، يەنە قايسى گۇناھى ئۈچۈن سەن ئۇنى قەتل ئېتىسەن؟ ئەمدى كەيكاۋۇس ۋە رۇستەم سەندىن ئۇنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىدۇ. سەن ئۇلاردىن سالامەت قۇتۇلۇپ كېتەلمەيسەن. ئۇلار تۇراننى ۋەيران قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، سەن سىياۋۇشنى ئۆلتۈردۈڭ، ئەمدى قىزىڭنى ماڭا تاپشۇر، ئەگەر ئۇ ئوغۇل تۇغسا شۇ ئوغۇلنى كەيكاۋۇس ۋە رۇستەمگە ئەۋەتىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ غەزىپىنى ياندۇرىمەن» دېدى. ئاپراسىياپ قىزىنى فېرانغا تاپشۇردى. لېكىن، ئۇ ئوغۇل تۇغقۇدەك بولسا، شۇ بالىنىمۇ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. فېران شاھ قىزىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ ساقلىدى. بىر ئاي ئۆتمەستىن ئۇ ئوغۇل تۇغدى. بوۋاق خۇددى ئاتىسىنىڭ ئۆزى

ئىدى. فىراننىڭ بۇ بالىنى ئۆلتۈرۈشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى، ئۇ-
نىڭغا كەيخىسراۋ دەپ ئات قويىدى ۋە يوشۇرۇنچە تەربىيىلىدى.
ئاپراسىياپقا: «قىزىڭ پەرزەنت كۆردى» دەپ خەۋەر قىلدى.
ئەمما ئوغۇل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمىدى. بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەن-
دىن كېيىن ئاپراسىياپ: «قىزىم نېمە تۇغدى؟» دەپ سورىدى.
«ئوغۇل، ئەمما ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى» دەپ جا-
ۋاب بەردى فىران. «كەلتۈر ئۇنى، كۆرەي» دېدى ئاپراسىياپ.
فىران ئېسىل كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ كەيخىسراۋنى ئاپراسىياپ
يېنىغا ئېلىپ كەلدى. ئاپراسىياپ ئۇنى كۆرگەن هامان يىغلاشقا
باشلىدى ۋە سىياۋۇشنى ئۆلتۈرگىنىگە پۇشايمان قىلدى. كەي-
خىسراۋنى ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭ يۈزىدىن سۆيدى.
فىرانغا: «بۇ بالا چوپانلار ئارىسىدا بولسۇن، چوڭ بولغاندا
كىمنىڭ زاتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلمىسۇن» دەپ بۇيرۇدى. بالىنى
چوپانلار قولىغا تەربىيىلەش ئۈچۈن تاپشۇردى. ئارىدىن يەتتە يىل
ئۆتكەندە، بىر كۈنى ئاپراسىياپ فىراننى ئۆز هۇزۇرىغا چاقىردى
ۋە ئۇنىڭغا: «بۇگۇن هېچ ئۇيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ، هامان ئاشۇ
گۆدەكنىڭ ئەندىشىسىنى قىلماقتىمەن. شاهزادە قانداق قىلىپ
چوپانلار قولىدا تەربىيىلىنىشى مۇمكىن؟ نېمە راۋا بولسا شۇ
بولسۇن، بارغىن، ئۇنى ئېلىپ كەلگىن» دېدى.

فىران كەتتى. ئۇ چوپانلار يېنىغا كەلدى ۋە بالىنى كۆردى.
كەيخىسراۋ چاۋگان[1] ئويناۋاتاتتى. فىران ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە
ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، قۇچاقلاپ باغرىغا باستى، قاتتىق سۆيۈشكە
باشلىدى ۋە يىغلاپ سالدى. كەيخىسراۋ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇ-
راتتى، ئۇ فىرانغا: «ئەي ئاتلىق، سەندە ئۇيات يوقمۇ؟ نېمىشقا
چوپان بالىسىنى باغرىڭغا بېسىپ قۇچاقلايسەن؟» دېدى. فىران
تەڭلىكتە قالدى ۋە ئۇنىڭغا «سەن چوپان بالىسى ئەمەسسەن،

---

① چاۋگان — ئات ئۈستىدە ئوينايدىغان توپ ئويۇنى.

شاھزادىسەن» دېدى.

ئۇ بالىنى ئاتقا ئولتۇرغۇزۇپ، يوشۇرۇنچە ئاپراسىياپنىڭ يېنىغا كەلتۈردى. يولدا ئۇنىڭغا ئاپراسىياپنىڭ ئالدىغا كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا: «بوۋاڭ نېمىنى سورىسا شۇنداق جاۋاب بېرىشىڭ كېرەككى، ئۇ سەندىن قورقمىغان بولمىسۇن» دەپ چۈشەندۈردى. ئۇلار ئاپراسىياپنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىشتى. ئاپراسىياپ بالىسىنىڭ كامىللىقىدىن ھەيرەتتە قالدى. ئاپراسىياپ فېرانغا: «بالىنى ئېلىپ بېرىپ ئانىسىغا تاپشۇر، ئۇنىڭدىن زادى ئايرىلمىسۇن» دېدى. فېران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ ئانىسىغا تاپشۇردى.

بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، سىياۋۇشنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى كەيكاۋۇسقا بېرىپ يەتتى. ئۇ ئىنتايىن غەزەپلەندى، يىغلاپ نالە قىلدى، ھازا ئېچىپ قارىلىق تۇتتى. بىر نەچچە يىل ئۆتتى، لەشكەر باشلىقلىرى ئىچىدە گۆدەرز دېگەن ئادەم بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ چۈشىدە شۇنداق ئەھۋالنى كۆردى. بىر ئادەم ئۇنىڭغا ئوغلۇڭ گىۋنى تۇرانغا ئەۋەت، ئۇ بېرىپ كەيخىسراۋنى ئېلىپ كەلسۇن، ـ دېدى.

گۆدەرز بۇ چۈشتىن كەيكاۋۇسنى خەۋەردار قىلدى. كەيكاۋۇس گىۋگە بۇيرۇق بېرىپ، ئۇنى تۇرانغا ئەۋەتتى. گىۋ يەتتە يىل تۇراندا بولدى ۋە كەيخىسراۋنى ئىزدەپ تاپتى. ئۇ كەيخىسراۋنى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئىران تەرەپكە يول ئالدى.

ئاپراسىياپ بولغان ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، ئۈچيۈز مەرد ۋە جەسۇر يىگىتنى فېرانغا بەردى ۋە ئۇلارنى قاچاقلار ئارقىسىدىن ئەۋەتتى. گىۋ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلدى، بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى، بەزىلىرىنى قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ فېراننى تۇتۇۋالدى ۋە ئۆلتۈرۈشكە قەستلىدى. كەيخىسراۋ فېراننىڭ ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىقلار قىلغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۆلتۈرمەسلىكنى سورىدى.

گىۋ: «مەن ئۆلتۈرمىسەم بولمايدۇ» دېدى. كەيخىسراۋ: «ئۇنداق بولسا سول قولىقىنى كەسكىن، شۇندا قەسىمىڭ ھەم بۇزۇلمايدۇ، فىران ھەم ئامان قالىدۇ» دەپ مەسلىھەت بەردى. گىۋ فىرانىنىڭ سول قولىقىنى كەستى ۋە ئۇنى ئېتىغا باغلاپ قويدى. گىۋ ۋە كەيخىسراۋ ئىرانغا — كەيكاۋۇس ھۇزۇرىغا يېتىپ كېلىشتى. كەيكاۋۇسنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، رۇستەم چوڭ قوشۇنغا باش بولۇپ تۇرانغا يۈرۈش قىلدى، ئافراسىياپنى يېڭىپ قاچۇردى. كۆپ ئەللەر غازات قىلدى، ئەسىر ۋە ئولجىلارنى قولغا كىرگۈزدى. كەيكاۋۇس بىر يۈز ئەللىك يىل ياشىغاندىن كېيىن ۋاپات بولدى.

[بۇ تەبەرىنىڭ «تارىخ تەبەرى» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن. (ئا. راخمان تۈزگەن «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.)]



# زوھاك شاھ

تاجىكلارنىڭ شاھىنشاھى جەمشىد دەۋر سۈرگەندە، خۇراسان بىر كۈچلۈك دۆلەت ئىكەن. كىشىلەرنىڭ مال چارۋىلىرى ئاس-ماندىكى يۇلتۇزدىنمۇ كۆپ بولۇپ، غەم - قايغۇسىز ياشايدىكەن. پادىشاھنىڭ سەرۋەرلىكى بىلەن كىشىلەر يىپ ئىگىرىپ، رەخت توقۇيدىكەن، يەنە تاغلاردىن ياقۇت، قاشتېشى، ئالتۇن - كۈمۈش قازىدىكەن. كېيىن كىشىلەر يەنە مۇشكى - ئەنبەر، دورا ماتېرى-ياللىرىنى ئىختىرا قىلىپ، نۇرغۇن تېببىي بىلىملەرنى ئۆگى-نىپ، كېسەللەرنى ساقايتىدىغان بوپتۇ. پادىشاھنىڭ ئادالەتپەر-ۋەرلىكى بىلەن كىشىلەر باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ، بۇ ئەلمى-ساقتىن بۇيانقى بىر گۈزەل دەۋر ئىكەن.

لېكىن، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئابرۇيلۇق پادىشاھنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئاشقانسېرى، ھەددىدىن ئارتۇق كۆرەڭلەپ، تەڭرىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپتۇ. تاجىكلارنىڭ بىر ئايەم كۈنى كى-شىلەر ھېيت ئويناۋاتقاندا، تەڭرى ئىبلىسنى يەر يۈزىگە ئەۋەتىپ-تۇ. ئىبلىس سالاپەتلىك مۆتىۋەر قىياپىتىدە ياسىنىۋېلىپ، نۇر-غۇن سوۋغاتلارنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا كەپتۇ. ئۇ جەمشىدنىڭ چوڭ ئوغلى زوھاكقا سالام بېرىپ ئەدەپ بىلەن:

— تەڭرى ھەممىدىن ئادىلدۇر. بىزگە سەندەك بىر ياخشى شاھزادىنى ئاتا قىلدى، — دەپتۇ. كەينىدىن ئۇ شاھىنشاھنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ، — تەڭرى سېنى يەر يۈزىدىكى كىشىلەرگە ئاتا قىلدى، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ قۇ-

لۇڭ، — دەپتۇ. ئىبلىسنىڭ بۇ سۆزلىرى زوھاكنىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ يېقىپتۇ. ئۇ ئىبلىسنىڭ خۇشامەت سۆزلىرىگە ئىشىنىپ:
— سىزگە رەھمەت، قانداق ئىشىڭىز بولسا دەۋېرىڭ، ۋا- قىتنى ئۆتكۈزمەڭ، — دەپتۇ.
— سەن تەڭرىنىڭ ھەقىقىي ئەلچىسى، پۈتۈن دۇنيا سېنىڭ- كى، يەر يۈزىدىكى بارلىق كىشىلەر، ھۆر - پەرىلەر، جىن - ئالۋاستىلارغىچە ھەممىسى سېنىڭ قۇلۇڭ، ھەممىسى سېنىڭ ئەمرىڭدە، دۇنيادىكى مال چارۋىلار، ئۇچار قۇشلارنىڭ ھەممىسى ساڭا تەۋە، ئۇلارنى خالىغانچە سويۇپ ئۆلتۈرسەن. بىراق، نېمە ئۈچۈن سەن ھازىرغىچە پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇر- مايسەن؟ — دەپتۇ ئىبلىس.
— چۈنكى، جەمشىد ئالىيلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ زوھاك.
— بۇ دۇرۇس ئەمەس، خالايىققا مەلۇمكى، جەمشىدنىڭ سەلتەنىتى سېنىڭ قولۇڭ بىلەن تىكلەنگەن، — دەپتۇ ئىبلىس زوھاكنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.
— مەن خىزمىتىڭدە بولىمەن، سېنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە چىقىپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ ئۇلۇغ شاھى بولۇشۇڭغا ياردەم قىلى- مەن. لېكىن، سەن چوقۇم تەڭرى نامىدا قەسەم ئىچىپ، ۋەدەڭ- گە ئەمەل قىلىشىڭ كېرەك.
ئىبلىسنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، زوھاكنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى بېسىپ، ئىنچىكە ئويلانغانسېرى، ئۇنىڭ سۆزىنى «يوللۇق» دەپ ھېس قىپتۇ. «شۇنداق ئەمەسمۇ، جەم- شىدنىڭ ئابرۇيى ۋە سەلتەنىتىنى مەن ياراتقان. مەن بىر مۇشت بىلەن شىرنى ئۆلتۈرەلەيمەن، قوتازنى بىر تېپىپ يوقىتالايمەن، ئۇ قېرىنىڭ ھۈنىرى قانچىلىك.» زوھاك ئويلىغانسېرى جەم- شىدكە بولغان ئۆچمەنلىكى ئېشىپ، ئىبلىسنىڭ سۆزىگە بولغان ئىشەنچى كۈچىيىپتۇ.
— توغرا، مۇشۇنداق قىلىشىم كېرەك. ئەمدى جىم تۇرماي-

مەن.

— توغرا، سەن بىر باتۇر، كەلگۈسى دۇنيانىڭ ئادىل ۋەكى-لى، ئۇلۇغ پادىشاھى، — ئىبلىس شۇنداق دەپتۇ ـ دە، زوھاك بىلەن خوشلىشىپ، كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى كۈن سەل قىزارغاندا، زوھاك ئوردىنىڭ مەشىق مەيدانىغا كېلىپ يان ئىشىك تۈۋىگە يوشۇرۇنۇپتۇ. جەم-شىد ھەر كۈنى تاڭ يورۇش بىلەن تەڭ پاسىبانلىرىنى ئەگەشتۇ-رۇپ، مەشىق مەيداندا قىلىچۋازلىقنى مەشىق قىلىدىكەن، بەزى چاغلاردا زوھاكقىمۇ قىلىچۋازلىقنى ئۆگىتىپ قويىدىكەن، تاكى پاسىبانلار ئۇنى ناشتىغا سۈيلىگۈچە مەشىق قىلىۋىكەن. بۇ كۈنى ئۇ يەنە ئادەتتىكىدەك مەيداننىڭ يان ئىشىكىدىن كىرىپتۇ. بۇ چاغدا ماھارىتى ئۈستۈن، كۈچ ـ قۇدرىتى تەڭداشسىز زوھاك چاقچانلىق بىلەن جەمشىدنىڭ شەمشىرىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا شەمشەر ئۇرۇپتۇ. ئاندىن بۇرۇلۇپ پاسىبانلارغىمۇ شەمشەر ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يىغلاپ تۇرۇپ: «تېز كېلىڭلار! پاسىبان شاھىنشاھنى ئۆلتۈردى، تېز بولۇڭ-لار!» دەپ ۋارقىراپتۇ. زوھاك مەيدىسىگە مۇشتلاپ، ئۇن سې-لىپ يىغلاپ، ئۈچ كۈنگىچە تاماق يېمەپتۇ. يەتتە ھازىدىن كېيىن زوھاك ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىماي، شاھىنشاھ جەمشىدنىڭ تەختىگە چىقىپ پادىشاھ بوپتۇ.

زوھاك تەختكە چىققاندىن كېيىن ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرى-لىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئۆزىگە سالاپەتلىك، سۆزمەن، ماھارى-تى ئۈستۈن بولغان خاس ئاشپەزدىن بىرنى قوبۇل قىپتۇ، بۇ دەل ئىبلىس ئىكەن. ئىبلىس ئوردا ئاشپىزى بولۇش بىلەن بىللە، ئوردىدىكى خەزىنە ـ ساڭلارنىڭ ئاچقۇچىنىمۇ ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقان-كەن. ئىبلىسنىڭ بىرىنچى قەدەمدىكى پىلانى ئەمەلگە ئېشىپتۇ. ئەمدىكى ھىيلىسى ئىنسانلارنى يوقىتىش ئىكەن. ئىبلىس پادى-شاھنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچ ـ قۇدرىتىنى ساقلاش ئۇچۇن،

گۆشلۇك، مايلىق تائاملارنى كۆپرەك، كۆكتاتلارنى ئازراق يې-
يىش كېرەكلىكىنى سۆزلەپ تۇرىدىكەن. پادىشاھ بۇنىڭدىن خۇ-
شال بولۇپ، دائىم ۋەزىرلىرىنىڭ ئالدىدا ئاشپەزنى ماختاپ تۇرى-
دىكەن.

بىر كۈنى ئاشپەز ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن:

— ئەتە ئۆزلىرىگە ئوخشىغان تاماقتىن بىرنى ئېتەي، —
دەپتۇ. ئىككىنچى كۈنى پادىشاھ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرغاندا،
دۇملەنگەن ئېيىق گۆشى تامىقىنى قاچىغا سېلىپ، پادىشاھنىڭ
ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. دەرۋەقە، گۆشلۇك تائاملارغا ئامراق بولغان
پادىشاھنىڭ قىسقا مۆھلەت ئىچىدە كۈچ - قۇدرىتى ئېشىپ،
روھى ئۇرغۇپتۇ. ئۇ ئاشپەزگە تېخىمۇ باشقىچە قارايدىغان بوپتۇ.
ئۈچىنچى كۈنى ئاشپەز يەنە پادىشاھقا بىر تاغ قۇشقىچىنىڭ گۆشىد-
نى مايدا قورۇپ بېرىپتۇ. كىم بىلسۇن، پادىشاھ ئۇنى يېگەندىن
كېيىن، بېشى قېيىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، پۇت - قولل-
رى كۆپۈپ يوغىناپتۇ. تۆتىنچى كۈنى يەنە يېڭى داستىخانغا دورا
— دەرمەك سېلىنغان پاقلان گۆشى كاۋىپى، پىشۇرۇلغان كالا
گۆشى، مايدا قورۇلغان غاز گۆشى قاتارلىق يىگىرمە نەچچە خىل
غىزا كەلتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ بۇ مەززىلىك غىزالار بىلەن مەست
بوپتۇ، ئاشپەزنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ تۇرۇپ:

— سەن تائامنى قالتىس مەززىلىك ئېتىدىكەنسەن، بۇنىڭ-
دىن كېيىن سېنىڭ قانداق ئالاھىدە تەلەپلىرىڭ بولسا، مەيد-
لەن، ئىش ھەققىڭ ئاز بولسا، ئولتۇراق يەرلىرىڭ ياخشى بول-
مىسا، ماڭا دەۋەرگىن، — دەپتۇ. ئىبلىس قولىنى كۆكرىكىگە
قويۇپ سالام بېرىپ:

— پادىشاھ تەڭرىنىڭ ئەلچىسى، ئىنسانىيەتنىڭ ئۈمىدى.
جانابلىرىنىڭ كۆللى ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك، مۇبارەك تەنلىرى-
نىڭ سالامەت بولۇشىنى تىلەيمەن. پېقىر مەڭگۈ پاشاھنىڭ خىز-
مىتىدە بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. بۇ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك شەرىپىم.
مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم — مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە

جانابلىرىنىڭ مۈرىلىرىگە بىر بۆسە قىلىش، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دەپتۇ زوھاك. ئۇ ئىبلىسنى كۆڭلىدىكى كىشى دەپ بىلگەچكە، ئويلانماستىنلا تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ، ئۇنىڭ مۇددىئاسىدىن قىلچىمۇ گۇمانلانماپتۇ، — كېلىپ ئىككى مۈرەمگە بۆسە قىلغىن. شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ نامىڭمۇ شەرەپ تاپسۇن. ئىبلىس ئالدىغا بېرىپ، پادىشاھنىڭ ئىككى مۈرىسىگە مېھرىبانلىق بىلەن سۆيۈپتۇ ـ دە، كەينىدىن بىر سىلكىنىپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە زوھاكنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن ئىككى زەھەرلىك قارا يىلان ئۆسۈپ چىقىپتۇ، زوھاك ئېچىنىشلىق ھالدا ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ھەر تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ، تېۋىپ تەكلىپ قىلىپ، ئېسىل دورىلارنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، قارا يىلاننى يوقىتالماپتۇ؛ ھەتتا باغدات، پارسلارنىڭ مەشھۇر تېۋىپلىرىمۇ كارغا كەلمەپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ قارا يىلاننى كېسىپ تاشلىشى بىلەن تەڭ ھايال ئۆتمەي، يىلانلار يەنە ئەسلىگە كەپتۇ. ھەرقانچە كېسىپ تاشلىسىمۇ بولماپتۇ. پادىشاھ ئۈمىدسىزلىنىپ تۇرغاندا، ئىبلىس يەنە تېۋىپ سىياقىغا كىرىپ ئوردىغا كەپتۇ. ئۇ:

— جانابىي ئالىيلىرى، بۇ ئىككى يىلاننى تەڭرى مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان، ھەرگىز كېسىپ تاشلاشقا بولمايدۇ. بىلىش كېرەككى، دىنىي ئەھكام بويىچە قانلىقلارنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ، جانغا زامىن بولغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى ئەزەلدىن ياخشى بولمىغان. بىزدە «بىر جانغا ھاياتلىق بەرسەڭ، ئۆمرۈڭ ئون يىل ئۇزىرىدۇ» دېگەن ماقال بار. بۇ ئىككى يىلانمۇ ئىككى جان ئەمەسمۇ؟ بۇ كېسەلنى ساقايتىش ئۈچۈن، ھەر كۈنى ئون يەتتە ياشتىن كىچىك بولغان نارەسىدىلەرنىڭ مېڭىسىنى يىلانغا بېرىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا قارا يىلانلارنى يوقىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇنى قوبۇل قىپتۇ.

پادىشاھ زوھاك خۇراساننىڭ تەختىدە زورلۇق ـ زومبۇلۇق

بىلەن بىر مىڭ بەش يۈز يىل ئۆلتۈرۈپتۇ. پۈتۈن دۇنيا قالايمىقانلىشىپ كېتىپتۇ. قاباھەت ئەدلى ـ ئىنسابنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپتۇ، مۇشۇنداق زۇلمەتلىك يىللاردا ھەر كۈنى ئىككى ياشنى قەتل قىلىپ، ئۇلارنىڭ مېڭىسى بىلەن يىلانلارنى باقىدىكەن. كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان بۇ سىرلىق خەۋەر ئوردىدىن پۈتۈن ئەلگە تارقىلىپ، زور مالىمانچىلىقنى پەيدا قىپتۇ. مۇشۇ دەۋرلەردە خوراساندا ئەقىللىق ئىككى ياش بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى تاجىك بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى جېلىل، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئىسكەندەر ئىكەن. بىر كۈنى ئۇلار ئۇچراشقاندا جېلىل يىغلاپ تۇرۇپ:

— بۇرادەر، بىز مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ پادىشاھ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، قارا يىلانغا يەم بولۇشىغا قاراپ تۇرالمايمىز. بىز چارە ئويلاپ، خەلقنى قۇتقۇزۇشىمىز كېرەك، — دەپتۇ.

— يىغلىما، بۇرادەر، — دەپتۇ ئىسكەندەر، — كۆز يېشى ئادەمنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ، ھازىر ئەڭ مۇھىمى، بىر ئامال قىلىپ ئاشپەز بولۇپ، ئوردىغا سۇقۇنۇپ كىرىپ، بەختسىز ياشلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىش، بەختسىز ئۆلۈمنى ئىمكان بار ئازايتىش كېرەك.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھەر كۈنى ئاشپەزلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ، ئاخىر ئوردا ئاشپەزلىكىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ. كېيىن ئۇلار پادىشاھقا مەززىلىك تائام ئېتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ھەر كۈنى بىر قوشنىڭ مېڭىسى بىلەن بىر ياشنىڭ مېڭىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىپ، بىر ياشنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ. ئۇلار ھەر كۈنى بىردىن ياشنى قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇلارغا يېتەرلىك ئوزۇق بېرىپ، كېچىلىرى شەرقتىكى تاغلىققا قاچۇرىدىكەن، بىر قانچە يىللار ئۇلار مۇشۇ تەرىقىدە ئون مىڭدىن ئارتۇق ياشنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپتۇ. بۇ ياشلار خوراساندىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇدۇل شەرققە مېڭىپ، پامىر ئې-

گىزلىكىدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. رىۋايەت قىلىنى-
شىچە، ئۇلار «تاغ تاجىكلىرى» نىڭ ئەجدادى ئىكەن.
زوھاكنىڭ ئىنسان قىلىپىدىن چىققان زۇلمىغا كىشىلەر
غەزەپلەنسىمۇ، گەپ قىلىشقا پېتىنالماپتۇ. چۈنكى، تەڭرى بې-
كىتكەن ئەجەل كۈنى تېخى توشمىغانىكەن. ئۇ ئۆزىمۇ كۆڭلى
پەرىشان، بىئارام بولۇپ، دائىم چۈشىدە قانغا مىلەنگەن ياشلارنى
كۆرۈپ، چۆچۈپ ئويغىنىدىكەن. ئۇ بۇ ھالدىن ۋارقىراپ -
جارقىراپ پۈتۈن بەدىنىنى تەر باسىدىكەن، كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈپ-
تۇ، پادىشاھ زوھاكنىڭ ۋەھشىيلىكى ئېشىپ، تېخىمۇ ئەسەبىي-
لىشىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ ئوردا ئىشىكىدە ۋەزىر ئەزەم
يۇسۇپكە ئۇچراپتۇ. پادىشاھ ئاچچىقى كېلىپ ئۇنىڭغا:
— ھەي، توختاپتۇر! سەن نېمە ئۈچۈن بۇ كۈنلەردە ئوردىغا
كېلىپ، چۈشۈمگە تەبىر بەرمەيسەن؟ نېمە ئۈچۈن ھەمىشە ئۆ-
زۈڭنى چەتكە ئېلىپ يۈرىسەن؟ — دەپتۇ.
— شاھىم، راستىنى دېگەندە، ئۆزلىرى كۆرگەن چۈشلەرنى
باشقىلارنىڭ چۈشەندۈرۈپ بېرىشى تەس، پارسنىڭ مۇنەججىملە-
رىنى دېمەيلا قوياي، بۇ بىزدەك ۋەزىرلەرگىمۇ ناھايىتى ئايان.
لېكىن، بۇنى ئېيتىپ بېرىش تەس. مەسىلەن، «چۈشۈمدە قاپقا-
راڭغۇ كېچىدە شەرق ئۇپۇقتىن كۆز قاماشتۇرغۇچى ئالتۇندەك
شەپەق كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپنى يورۇتتى ۋە ئاستا - ئاستا ئاسمانغا
كۆتۈرۈلدى» دېدىلە، يۇلتۇزلار ئىسپاتلايدۇكى، دۆلىتىمىزنىڭ
شەرقىدە فېرىدۇن ئىسىملىك بىر يېڭى پادىشاھ چىقىپتۇ. ئۇ
تەڭداشسىز لەشكەر باشلاپ ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇ-
رۇپ تاشلاپ، پادىشاھلىق ئورۇنلىرىغا چىقىدىكەن. بۇ تەڭرىنىڭ
ئىرادىسى. قاباھەتنىڭ ئورۇقىنى ئۆزلىرى چاچتىلا، ئەمدى بۇنى
ھېچقانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. . . ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ، يۇسۇپنىڭ
كاللىسىنى كېسەي دېگەندە، يۇسۇپ ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى بى-
لىپ بەدەر قېچىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى «ۋايجان» دېمەي قاچسا،

بىرى كەينىدىن چىشىنى چىشلەپ قوغلاپتۇ. يۈسۈپ پۈتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. پادىشاھ شەمشىرىنى كۆتۈرۈپ كاللىسىنى كېسەي دېگەندە، تېرەكتەك قەددى ـ قامەتلىك بىر كىشى ئوڭ قولى بىلەن پادىشاھنىڭ قولىنى قايرىپ، شەمشىرىنى تارتىۋاپتۇ.

— سەن ئۆزۈڭ كىمسەن؟ پادىشاھقا مۇشۇنداق ھۆرمەتسىزلىك قىلىشقا قانداق پېتىندىڭ؟ — دەپ دوق قىپتۇ پادىشاھ.

— مېنىڭ ئىسمىم كاۋى، سېنىڭ پۇقرايىڭ. ساڭا شەمشەر سوقۇپ بەرگەن تۆمۈرچىمەن، — دەپتۇ كاۋى چىشلىرىنى چىشلەپ، مۇشتلىرىنى كۆتۈرۈپ، — مەن پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا ئۈستۈڭدىن شىكايەت قىلىمەن. ساڭا مەلۇمكى، مېنىڭ ئون يەتتە ئوغلۇمدىن ئون ئالتىسىنى سەن يەپ تۈگەتتىڭ، ھازىر بىرىلا قالدى، ئۇ مېنىڭ ھاياتىم، ئۇنى ماڭا تېز قايتۇرۇپ بەر، بۇ يىللاردا سەن مېنىڭ ئوغۇللىرىمنى بىر ـ بىرلەپ قارا يىلانغا يەم بولۇشقا مەجبۇرلىدىڭ، تەڭرى بۇ ئىشىڭنى كەچۈرمەيدۇ. «ئۇرۇق يەرگە چۈشسە ئۈنىدۇ، قىساس چوڭقۇرلاشقانسېرى قەلبتە يىلتىز تارتىدۇ.» كاۋى خۇددى مەست بولغانغا ئوخشاش نەرە تارتىپ، بازاردىكى بىر دۆڭگە چىقىپتۇ. بازاردا ھېسابسىز كىشى ئۇنى قورشىۋاپتۇ. كەينىدىن ئۇ بېلىدىكى پەشتامىنى ئۇزۇن نەيزىنىڭ ئۇچىغا باغلاپتۇ ـ دە، ئېگىز كۆتۈرۈپ قەددىنى كېرىپ، بازارنى ئايلىنىپ، يۇقىرى ئاۋازدا:

— ھەي نادان كىشىلەر، سىلەر ھەممىڭلار يارىتقۇچى خۇداغا مەدھىيە ئوقۇڭلار. چۈنكى ئۇ بىزنى زوھاكنىڭ ئالۋاستى ئۆۋىسىدىن قۇتقۇزۇپ چىقارماقچى. ھازىر بىز فېرىدۇن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتەيلى. ئاللا بىزنى ساقلايدۇ. فېرىدۇننىڭ شاھلىق شەپقىتى ئاستىدا دۆلەت ئەمىن تېپىپ، خەلق خاتىرجەم بولىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا كىشىلەر توپى تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ، كاۋىنىڭ پەشتامىسىدىن ياسالغان بايراقنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، فېرىدۇن-

ـنىڭ مەخپىي تۇرىدىغان يېرىگە كەپتۇ. كەينىدىنلا فېرىدۇن ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ، تۇلپار ئېتىغا مىنىپ، ئۆزى قوشۇن باشلاپ زوھاكنىڭ ئوردىسىغا ھۇجۇم قىپتۇ. تۇمەنلىگەن ئەسكەر قامچىلىرىنى ئوينىتىپ، كالتەك ـ توقماقلىرىنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا بېسىپ كىرىپتۇ. فېرىدۇن پادىشاھلىق تاجىنى كىيىپ تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. تەختتە ئولتۇرغان فېرىدۇن جاھاننەما ئەينىكىنى ئېلىپ قارىغانىكەن، زوھاكنىڭ خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلار بىلەن ئوردىنىڭ ئۆگزىسىدىن پەسكە سەكرىگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. فېرىدۇن قۇيۇندەك بىر سەكرەپلا زوھاكنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، كالتەكنى كۆتۈرۈپ زوھاكنىڭ كاللىسىغا قاراپ ئېتىپتۇ، بۇ چاغدا زوھاكنىڭ ۋەزىرى يۇسۇپ فېرىدۇننى توسۇپ:

— ئۇنىڭ ئەجىلى تېخى توشمىدى، سەۋر قىلىڭ. تۇنۇگۈن كەچ مەن يۇلتۇزغا قارىغانىدىم. پال نەتىجىسىدە، يىلان پادىشاھنىڭ ئەجەل كۈنى توشۇشقا تېخى ئۈچ كۈن بارلىقى، بەلكى ئۇ بىر چوڭقۇر جىلغىدىكى غاردا ئۆلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدى، ـ دەپتۇ.

فېرىدۇن يۇسۇپنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپتۇ. كاۋى فېرىدۇن ئاللىبۇرۇن تەييارلاپ قويغان ئارغامچىنى ئېلىپ، زوھاكنى مەھكەم باغلاپتۇ ـ دە، مۇرىسىگە ئېلىپ، ئاپراسىياپ تېغىغا ئېلىپ چىقىپ، بىر تېگى يوق قاراڭغۇ ھاڭ ئىچىگە بەنت قىپتۇ، يەر ئۇنىڭ قان ـ گۆشلىرىنى شوراپ تۈگىتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ خوراسان خەلقى فېرىدۇننىڭ شاھلىق شەپقىتى ئاستىدا تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

( «قەشقەر خەلق چۆچەكلىرى»دىن ئېلىندى. )

## تۇمارىس

كاسپى دېڭىزىنىڭ غەربى كاۋكاز تاغ تىزمىلىرىدىن ئىبا-
رەت. ئۇنىڭ كۈنچىقىش تەرىپى قۇش ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىغان بىپا-
يان تۈزلەڭلىك بولۇپ، بۇ يەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ماسسا-
گىتلارغا تەۋە ئىكەن. . . ئىران پادىشاھى كىرۇس (Cyrus)
ئۇلارنى بېسىۋالماقچى بولۇپ، سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

بۇ چاغدا، ماسساگىتلارنىڭ ھۆكۈمدارى قازا قىلىپ كەت-
كەچكە، ئۇنىڭ خوتۇنى تۇمارىس (Tomyris) ئورنىغا چىقىپ
ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانىكەن. كىرۇس تۇمارىسنى ھىيلە بىلەن
ئۆزىگە بويسۇندۇرماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇمارىسقا ئەلچى
ئەۋەتىپ، تۇمارىسنى ئۆزىگە خوتۇن بولۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ.
ئەمما تۇمارىس ئۆزىنى ئادەتتىكى شەخس ئەمەس، بەلكى ماسسا-
گىتلارنىڭ خاقانى دەپ بىلگەنلىكى ئۈچۈن، كىرۇس تەرەپتىن
كەلگەن ھەر قانداق ئادەم بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلماپتۇ.
كىرۇس ھىيلە ـ نەيرەڭنىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقىنى كۆرۈپ، زور
قوشۇن بىلەن ئاركىس[①] دەرياسى تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، ماسسا-
گىتلار ئېلىگە ھۇجۇم قىلماقچى بوپتۇ. ئۇ دەريانىڭ بويىغا كۆۋ-
رۈك سېلىپ، قوشۇنىنى كېمىلەرنى توپلاپتۇ ھەم دەرياغا كۆۋرۈك سېلىپ، قوشۇن-
لارنى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىنىپتۇ.

ئەمما، كىرۇس مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىۋاتقان بىر پەيتتە،
دە، تۇمارىس ئەلچىلەر ئارقىلىق مۇنداق خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ:

---

① ئاركىس دەرياسى — ئامۇ دەرياسى.

«ئەي مىدىيەلىكلەر[1]نىڭ پادىشاھى، سەن ئويلاۋاتقان بۇ ئىشلارغا
ئالدىرىمىساڭ بولاتتى، چۈنكى سەن بۇ ئىشلاردىن ياخشى ئاقىۋەت-
كە قالمايدىغانلىقىڭنى بىلەلمەيۋاتىسەن. تىنچ ۋە ئاسايىشلىق بى-
لەن ئۆز دۆلىتىڭگە ھۆكۈمرانلىق قىلغىن، بىز ئىگىدارچىلىق
قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىشىنى ئۆزىمىزگە قوي. بىراق، مەن
بىلىمەنكى، سەن بۇ سەمىمىي نەسىھىتىمنى ئاڭلاشنى خالىماي-
سەن. چۈنكى سەن خاتىرجەملىكنى ئەسلا ياقتۇرمايسەن. ئۇنداق-
تا، سەن ماسساگېتلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى ئويلايدىكەنسەن، كۆۋ-
رۈك سالىمەن دەپ ئوشۇقچە ئىش قىلمىغىن. بىزگە ئىلتىماس
قىلساڭ، ئاركىس دەرياسىدىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتا قايتىپ
تۇرىمىز. قوشۇنلىرىڭنى باشلاپ دەريادىن ئۆتۈپ، ئېلىمىزگە
كەلگىن. ئەگەر سەن تۇرغان قىرغاقتا ئۆتۈپ ئۇرۇش قىلىشنى
خالىساڭ، سەنمۇ ئوخشاشلا ئارقىڭغا يېنىپ تۇرغىن.» كىرۇس
بۇ تەكلىپلەرنى ئاڭلاپ پارس سەركەردىلىرىنى يىغىپ، ئەھۋال-
دىن خەۋەردار قىپتۇ. ھەممەيلەن تومارىسنىڭ دەريادىن ئۆتۈپ،
پارس زېمىنىدا ئۇرۇش قىلىشنى ئېيتىپتۇ. پەقەت، كېڭەشكە
قاتناشقان لۇدىيە (Lydians) لىك كروئېسۇس (Croesus) بۇ پى-
كىرگە قوشۇلماي، باشقىچە پىكىر بېرىپ، تومارىسنىڭ يېرىدە
ئۇرۇشۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىپتۇ.

كىرۇس قارىمۇ قارشى ئىككى تەكلىپنى ئاڭلىغاندىن كې-
يىن، كروئېسۇسنىڭ تەكلىپى بويىچە ئىش قىلىشنى پىلانلاپ،
تومارىسقا ئۇلارنىڭ چېكىنىپ تۇرۇشىنى، شۇلارنىڭ يېرىدە ئۇ-
رۇشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. تومارىس ئىلگىرىكى ۋەدە بويىچە
چېكىنىپتۇ.

كىرۇس قوشۇنلىرىنى باشلاپ دەريادىن ئۆتۈپ، بىر قانچە
كۈن يول يۈرۈپتۇ. كېيىن كروئېسۇسنىڭ مەسلىھەتى بىلەن
ئىش قىپتۇ. قوشۇنلاردىكى ئىنتايىن يامان بىر بۆلەك كىشىلەر-
نى بارگاھتا قالدۇرۇپ، خىللانغان بىر بۆلۈك قوشۇننى دەريا

---

[1] مىدىيە — بۇ يەردە ئىران كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بۇيىغا قايتۇرۇپتۇ. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي، ماسساگېتلارنىڭ پۈتۈن قوشۇنىنىڭ ئۈچتىن بىرى دېگۇدەك كىرۇس قالدۇرۇپ كەتكەن ھېلىقى بىر قىسىم ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، قارشىلىق قىلغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ. بۇلار ھالاك بولۇشتىن ئىلگىرى زىياپەت قىلىشىۋاتقانىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نازۇ نېمەت ۋە شارابلارغا داخىل بولۇپ، مەست بولۇپ، ئۇخلاپ قاپتۇ. كىرۇس قوشۇنلىرى دەرھال بۇ يەرگە كېلىپ ماسساگېتلار قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆلتۈرۈپ، بىر قىسمىنى ئەسىر قىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ماسساگېتلارنىڭ قوماندانى تومارىسنىڭ ئوغلىمۇ بار ئىكەن.

تومارىس بۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال بىر ئەلچى ئەۋەتىپ، كىرۇسقا مۇنۇلارنى يەتكۈزۈپتۇ: «ئەي، قانخور كىرۇس! قىلغان ھەرىكىتىڭدىن پەخىرلەنمىگىن، ئۈزۈمدىن ياسالغان بۇنداق نەرسە، سىلەرنىڭ ئىچكەندىن كېيىن ھالاك قىلىدىغان ھىيلەڭلاردىن ئىبارەت. بۇ ھاراق قورسىقىڭلارغا كىرگەندە بىمەنە، ئىپلاس گەپلىرىڭلار چىقىدۇ. دېمەك، سىلەرنىڭ دەل مۇشۇنداق زەھەرلىك نەرسەڭلار ئوغلۇمنى نابۇت قىلدى، چۈنكى ئۇنى جەڭدە يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ ئۇرۇشۇپ يەڭمىدىڭلار؟ مۇشۇنداق ئىكەن، ساڭا نىسبەتەن قانداقمۇ شەرەپلىك ئىش بولسۇن. شۇڭا مېنىڭ سەممىي مۇراجىئىتىمنى ئاڭلىساڭ ھەمدە ساڭا ئېيتقان ياخشى گەپلىرىمگە ئىشەنسەڭ، ئوغلۇمنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىپ، جازالاشنى كۈتمەيلا تۇپرىقىمىزدىن چىقىپ كەتكىن. سەن ماسساگېتلار قوشۇنىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ھالاك قىلغان بولساڭمۇ، بۇ ھېچقانچە گەپ ئەمەس. ئەگەر سۆزۈمگە كىرمىسەڭ، ماسساگېتلار تەڭرىسى قۇياشقا تايىنىپ، قەسەمىيات قىلىمەنكى، سېنىڭ قانچىلىك ئاچ كۆز، قانخور بولۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر، مەنمۇ سېنى يەنىلا قان بىلەن سۇغۇرىمەن.»

كىرۇس تومارىسنىڭ بۇ سۆزلىرىگە قىلچىمۇ پەرۋا قىلماپتۇ، تومارىسنىڭ ئوغلى سپارگاپىس (Spargapises) ھوشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىبلىسلار چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى

بىلىپ، كىرۇستىن ئۆزىنى كىشەندىن ئازاد قىلىۋېتىشنى ئىلتى-
جا قىپتۇ. تەلىپى قوبۇل كۆرۈلۈپ، كىشەنلەر ئېلىپ تاشلىنىپ-
تۇ. ئەمما، پۇت - قوللىرى بوشىغان هامان، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈ-
ۋاپتۇ. تۇمارىس ئۆز پىكرىنىڭ قوبۇل كۆرۈلمىگەنلىكىنى ئۇققان-
دىن كېيىن، پۈتۈن ئېلىدىكى قوشۇنلارنى سەپەرۋەر قىلىپ،
كىرۇس بىلەن جەڭ قىلىشقا كىرىپتۇ. بۇ ئۇرۇش ئىنتايىن
دەهشەتلىك بوپتۇ. ئەسلىدە، دەسلەپ ئۇرۇش باشلانغان چاغدا،
ئىككى تەرەپ ئەمەلىي ئەهۋالغا ئاساسەن ئۆزئارا ئوقيالىرىدىن
توختىماي ئوق ياغدۇرۇشقانىكەن، ئوقلىرى تېزلىكتە تۈگەپ،
گىرەلەشمە جەڭ باشلىنىپتۇ. نەيزە، قىلىچ قاتارلىق قورااللار
بىلەن ئۇر - چاپقا چۈشۈپتۇ. جەڭ ناهايىتى ئۇزۇن داۋاملاشقان
بولسىمۇ، هېچقايسى تەرەپ چېكىنىشنى ئويلاپ قويماپتۇ. ئەڭ
ئاخىرى ماسساگېتلار غەلىبە قىپتۇ. پارس قوشۇنلىرىنىڭ كۆپ
قىسمى شۇ يەردە ئۆلۈپتۇ. شۇنداقلا كىرۇس يىگىرمە توققۇز يىل
هۆكۈمران بولغاندىن كېيىنكى بۇ بىر مەيدان ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈ-
لۈپتۇ. تۇمارىس بىر جامنى قان بىلەن تولدۇرۇپتۇ. ئاندىن،
ئۆلۈكلەر ئارىسىدىكى كىرۇسنىڭ جەسىتىنى ئىزدەپ تاپقۇزۇپ-
تۇ. جەسەتنى تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ،
قانلىق جامغا ساپتۇ هەمدە ئاياغ ئاستى قىلىنغان جەسەتكە قاراپ:
«مەن تېخىچە هايات، شۇنداقلا ئۇرۇشتا سېنى يېڭىپ چىقتىم.
بىراق مەككارلىق بىلەن ئوغلۇمنى هالاك قىلىپ، ئۇرۇشتا يېڭى-
لىپ قالغىنىڭ مېنى ئىنتايىن بىئارام قىلدى. ئەمدى مەن
ئاۋۋالقىدەكلا سېنى هايات دەپ ئويلاپ، سۆزلىرىڭدىن قورقماي،
كاللاڭنى قان بىلەن سۇغۇرۇپ، هۇزۇرلانماقچىمەن.»

[هىرودوت: «تارىخ»، بېيجىڭ سودا نەشرىياتى 1985 - يىلى خەنزۇ-
چە نەشرى، 1 - توم، 102 -، 103 -، 104 -، 105 -، 106 -،
107 - بەتلەر. (قىسقارتىپ ئېلىندى)]

# شىراق

قەدىمكى زاماندا سىر دەريا ۋادىسىدا ياشايدىغان ساك قەبىلە-
لىرىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۆلپەتلەر چۈشۈپتۇ. ئىران پادىشاھى
دارا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇنبەت يەرلەرنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن،
سان - ساناقسىز ئەسكەرلىرى بىلەن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپتۇ.
ساك ئاقساقاللىرىدىن سەكسىفەر، ئۇمارگ، ئومارس قاتارلىقلار
بىر چېدىرغا يىغىلىپ دۈشمەننى قانداق قىلىپ يوقىتىش توغرى-
سىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈشكە كىرىشىپتۇ. شۇ ئاندا ئەتراپتا بىر ئادەم
پەيدا بولۇپ، توپتوغرا ئاقساقاللار ئولتۇرغان چېدىر ئالدىغا كەپ-
تۇ ۋە رۇخسەت سوراپ ئىچكىرىگە كىرىپتۇ. ئۇ شىراق ناملىق
ئاددىي بىر ئاتباقار ئىكەن. شىراق نېمە مەقسەتتە بۇ يەرگە
كەلگىنىنى كېڭەشچىلەرگە ئېيتىپ، ئۇلارنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ-
تۇ. ئۇ شۇنداق دەپتۇ: «شەرتسىز ھالدا مېنىڭ بالا - چاقىلى-
رىمنى ۋە نەۋرىلىرىمنى بېقىش ۋە كېيىندۇرۇشنى ئۈستۈڭلارغا
ئالساڭلار، مەن ئۆز جېنىمدىن كېچىپ، ھىيلە بىلەن ئىرانلىقلا-
رنىڭ لەشكىرىنى قىرىپ تاشلايمەن.»

ئاقساقاللار ئۇنىڭ ئىستىكىنى قوبۇل قىلىپ، قەسەمياد
قىپتۇ. شىراق بىردىنلا يېنىدىن ئۆتكۈر پىچىقىنى چىقىرىپ،
قۇلاق ۋە بۇرنىنى شارتلا كېسىپتۇ، ئەزايى بەدىنىنى قىيما -
چىيما قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گويا ئۆز ئېلىگە خىيانەت قىلغان
كىشى قىياپىتىدە دۈشمەن تەرەپكە قاراپ يول ساپتۇ.

شىراق دارا قېشىغا بېرىپ ئۆز قەبىلىداشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىپتۇ. ئۇ داراغا شۇ تەقلىدتە سۆز قىپتۇ: «ئى! شاھلار شاھى، مەن سىزگە بولغان خەيرخاھلىقىم ۋە دوستلۇقۇم ئۈچۈن شۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم. قەبىلىداشلىرىم ئارىسىدا داراۋۇش ھەزرەتلىرىگە بويسۇنايلى دېگەن سۆز چىقىشى بىلەنلا ئۇلار ماڭا چاپلىشىپ رەھىمسىز سۇرئەتتە قۇلاق - بۇرنۇمنى كەستى، دادىمغا يېتىپ، ئۆچ ئېلىشىمغا ياردەم بېرىڭ!»

دارا شىراقنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئېچىنىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شىراق پۇرسەتنى ئۆتكۈزمەي، دارانىڭ ساكلاردىن ئۆچ ئېلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلىپ، سۇنماس ئاتەش ۋە مۇقەددەس سۇ نامىدىن ئانت ئىچىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ: «مەن دۈشمەنلىرىمدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ياردىمىڭلارغا موھتاجمەن. ئۇلارنىڭ قانلىرى كۆز ئالدىمدا دەريا - دەريا بولۇپ ئاقمىغۇچە تىنچىمايمەن. ساكلار بۈگۈن كېچىدىن باشلاپ چېدىرلىرىنى بۇزۇپ، بالا - چاقىلىرى بىلەن سىلەر قوغلاپ يېتەلمەيدىغان ئۇزاق جايغا كۆچۈپ كېتىشكە جەزم قىلغانىدى. ئەگەر خالىسىڭىز مەن سىلەرنى كېسىپ چىقىدىغان يول بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ چىقىمەن. شۇندا بەگۋاش ساكلارنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرساق ئۇلار كېلىشى بىلەنلا تورغا چۈشكەن بېلىقتەك بىرىنىمۇ قويماي تۇتۇۋالىمىز. كەمىنە قۇلىڭىز پادىچىلىق قىلغىنىمدا يىلقىلارنى بېقىپ يۈرۈپ، ھەممە ياقنىڭ ئېگىز - پەسلىرىنى بىلىۋالغانمەن. سىزنى خالىغان يېرىڭىزگە باشلاپ بېرىش بىمالال قولۇمدىن كېلىدۇ. بىراق، سىز يەتتە كۈنگە يېتىدىغان ئوزۇق - تۈلۈك ۋە سۇ تەييارلاپ قويۇشىڭىز شەرت.»

چوپاننىڭ بۇ سۆزلىرى ئاسانلا غەلىبە قىلىشنى ئىزدىگەن دۈشمەننى غەيرەتكە كەلتۈرۈپتۇ. دارا بۇ چوپاننى ئۆز قوشۇنىغا يول باشلىغۇچى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. قوشۇن يەتتە كۈنلۈك سۇ،

ئۇزۇق ـ تۈلۈك ۋە يەم ـ خەشەك ئېلىپ ئاتلىنىپ يولغا چىقىپ-
تۇ.

بىرىنچى كۈنى يول يامان بولماپتۇ. تېز ـ تېز ئوتلاقلار
ئۇچراپ تۇرۇپتۇ. ئىككىنچى كۈنى تەبىئەت ئۆزگىرىپتۇ. قاغجى-
رىغان ئوتلار ئاندا ـ ساندا يولۇقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۈچىنچى
كۈنى دەشت ـ باياۋان باشلىنىپتۇ. ساكلار ھامىيسى بولغان
قۇياش كېلىۋاتقان باسقۇنچىلار بېشىدىن ئوت ياغدۇرۇپ تۇرۇپ-
تۇ. لەشكەرلەرنىڭ لەۋلىرى تېز ـ تېز قۇرۇشقا باشلاپتۇ.
كۈندىن ـ كۈنگە ئەھۋال ئېغىرلىشىپتۇ. ئىران لەشكەر باشلىقى
شىراقتىن دوق بىلەن سوراپتۇ. ئۇ سوغۇققانلىق بىلەن مەنزىلگە
يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، لەشكەر بېشىنى يۇمشىتىپ-
تۇ. بىراق سەپەرنىڭ يەتتىنچى كۈنى ساكلاردىن يەنىلا دېرەك
بولماپتۇ. رەناسىبەت ئالدانغىنىغا ئىشىنىپ، غەزەپكە كەپتۇ:
«ۋەدەڭگە ۋاپا قىلمىدىڭ! زاتى پەس بەچچە! بىزنى ئالدىدىڭ.
قېنى سەن ئېيتقان ساكلار؟! ھەممە ياق دەشت ـ سەھرا، بۇ
يەرلەردە ئات يۈرسە ئايىغى، قۇش ئۇچسا قانىتى كۆيىدۇ. كۆرۈپ
تۇرۇپسەنكى، بىزدە نە سۇ، نە ئۇزۇق ـ تۈلۈك، نە يەم ـ خەشەك
بار! بۇ مىستەك قىزىپ كەتكەن قۇملۇقتىن نە ئالدىڭغا، بىر
قەدەم بېسىپ بولىدۇ، نە ئارقاڭغا قايتىپ بولىدۇ! ئاخىر ئۇلۇغ
پادىشاھنى ئالداشقا، شۇنچە بىھېساب ئېگىلمەس قوشۇننى ھالا-
كەت گىردابىغا ئېلىپ كېلىشكە سېنى نېمە مەجبۇر قىلدى؟»
دەپ دېۋەيلەپتۇ.

شىراق لەشكەر بېشىنىڭ قان تولۇپ تۇرغان كۆزىگە مەغرۇ-
رانە تىكىلىپتۇ. ئۇ چاۋاك ئۇرۇپ، قاقاقلاپ قاتتىق كۈلۈپتۇ:
«مەن يەڭدىم، يالغۇز ئۆزۈم پۈتۈن قوشۇننى يەڭدىم، — دەپ
سۆيۈنۈپتۇ، — جانىجان قەبىلەم ساكلار ۋە ئانا تۇپرىقىم بېشىغا
كەلگەن بالانى دەپئە قىلىپ، باسقۇنچى ئىران لەشكىرىنى ھالا-

كەتكە ئېلىپ كەلدىم. تۆت تامانىنىڭ ھەر قايسىسى يەتتە كۈنلۈك يول، ئىزدىگەن تەرىپىڭىزگە كېتىۋېرىڭ؟ بەربىر ھەممىڭلارنى ئاچلىق ۋە تەشنالىق يىمىرىپ نابۇت قىلىدۇ. مېنىڭ قېنىم ھەم ئاشۇ يەرلەرگە تۆكۈلىدۇ.» بۇ ئاچچىق ھەقىقەتەن رەناسىبەتنىڭ يۈرىكىگە نەيزىدەك قادىلىپتۇ. ئۇ ۋەھشىيلىشىپ قىلىچ بىلەن شىراقنىڭ بېشىنى شارتلا ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. ئەمما دارا لەشكەرلىرى ساكلارغا قارشى سەپىرىنى توختىتىپ، پاراكەندە بولۇپ كېتىپتۇ.

دېۋە يۈرەك چوپان شىراق قىسسىسى ئەنە شۇنداق ئىكەن.

ئا. راخمانىنىڭ «يىپەك يۈرتىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

(بۇ قىسسە گرېك تارىخچىسى پولىئېننىڭ «ھەربىي ھىيلىلەر» دېگەن كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن.)



# خاقان شۇ

زۇلقەرنەين سەمەرقەنتتىن ئۆتۈپ، تۈرك شەھەرلىرىگە يول ئالغان چاغلاردا، تۈركلەرنىڭ «شۇ» ئىسىملىك بىر ياش خاقانى بار ئىدى. ئۇ چوڭ قوشۇن ئىگىسى ئىدى. بالاساغۇن يېنىدىكى «شۇ» قەلئەسىنى شۇ ئۆزى ئالغان ۋە بىنا قىلدۇرغان. بۇ قەلئە ئالدىدا ھەر كۈنى بەگلەر شەرىپىگە ئۈچ يۈز ئاتمىش قېتىم دۇمباق چېلىناتتى. ئادەملىرى ئۇنىڭغا: «زۇلقەرنەين يېقىن كېلىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىمىزمۇ؟ نېمە بۇيرۇقلىرى بارىكىن؟» دەپتۇ. ئەسلىدە خاقان شۇ خوجەند دەرياسى بويىغا قاراۋۇل قويۇش ۋە زۇلقەرنەيىننىڭ دەريادىن ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، بۇ دەريا قىرغىقىغا تارخانلاردىن تەركىب تاپقان قىرىق كىشىلىك چارلىغۇچى ئەۋەتكەنىكەن. چارلىغۇچىلار مەخپىي ھالدا كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ كەتكەنلىكىنى خان ئەسكەرلىرىدىن ھېچكىممۇ بىلمەيدىكەن. خاقاننىڭ كۆڭلى بۇنىڭدىن خاتىرجەم ئىكەن. خاقاننىڭ كۈمۈشتىن ياسالغان بىر كۆلچىكى بولۇپ، سەپەرگە چىققاندا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدىكەن. ئۇنىڭغا سۇ تولدۇرۇلغاندىن كېيىن، غاز، ئۆردەكلەر چۆشۈپ ئۈزىدىكەن. خاقان زۇلقەرنەين بىلەن ئۇرۇشىمىزمۇ؟ دېگەنلەرگە ئۆزىنىڭ مۇشۇ كۈمۈش كۆلچىكىنى كۆرسىتىپ: «غاز، ئۆردەكلەرگە قاراڭلار، ئۇلار سۇغا قانداق شۇڭغۇيدىكەن؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خاقاننىڭ بەرگەن جاۋابى ئادەملەرنى ئويغا سې-

لىپ قويۇپتۇ. ئۇلاردا «خاقان زۇلقەرنەين بىلەن ئۇرۇشماقچىمۇ ئەمەس، چېكىنمەكچىمۇ ئەمەس» دېگەن گۇمان پەيدا بوپتۇ. زۇلقەرنەين دەريادىن ئۆتۈپتۇ. چارلىغۇچىلار ئۇنىڭ ئۆتكەنلىكىنى خاقانغا كېچىسى كېلىپ مەلۇم قىپتۇ. خاقان شۇ كېچىسىلا دۇمباق چالدۇرۇپ، شەرققە قاراپ يول ئاپتۇ. خاقانىنىڭ تەييارلىقسىزلا يولغا چىققانلىقىدىن خەلق ئارىسىدا ئەنسىزلىك، تەشۋىش پەيدا بوپتۇ. ئۇلار ئالدىراش - تېنەش ئۇدۇل كەلگەن ئۇلاغلارغا مىنىشىپ خاقانىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ، ئالدىراشچىلىقتا ئۇ بۇنىڭ، بۇ ئۇنىڭ ئۇلىغىنى ئېلىۋاپتۇ. تاڭ ئاتقاندا قارارگاھ تۇپتۇز بىر سايغا ئايلىنىپتۇ. ئۇ چاغلاردا تىراز، ئىسپىجاپ، بالاساغۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شەھەرلەر بىنا قىلىنمىغاندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىن بىنا قىلىنغان. ئۇ يەرلەردە چېدىرلاردا ياشايدىغان كۆچمەنلەر ھايات كەچۈرەتتى. خاقان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى كېچىلەپ كېتىپ قالغاندا، يىگىرمە ئىككى كىشى ئۇلار بىلەن بىللە كېتىشكە ئۇلاغ تاپالمىغانلىقتىن، بالا - چاقىلىرى بىلەن شۇ يەردە قېپقاپتۇ. بۇ يىگىرمە ئىككى ئائىلە ئۇلارنىڭ كەينىدىن پىيادە بېرىش ياكى مۇشۇ يەردە تۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئىككى كىشى كەپتۇ. ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىمۇ بىللە ئىكەن. ئۇلار يۈك - تاقلىرىنى دۇمبىلىرىگە ئارتىپ، قوشۇنىنىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقان، ھېرىپ - ئېچىپ، ئېغىر يۈكنىڭ دەستىدىن تەرگە چۆمگەنىكەن. بۇ ئىككى ئائىلە قېپقالغان ھېلىقى يىگىرمە ئىككى ئائىلىگە يولۇقۇپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپتۇ. يىگىرمە ئىككى ئائىلە ئۇلارغا: «ئەي ئادەملەر، ھېلىقى ئادەم (زۇلقەرنەين) بىر يولۇچى، ئۇ بىر يەردە تۇرمايدۇ، بىز بەرىبىر ئۆز يېرىمىزدە ئۆزىمىز قالدىمىز» دەپتۇ. ئۇلار ئىككى ئائىلىگە تۈركچە: «قال ئاچ — مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭلار» دەپتۇ. كېيىن ئۇلار «خالاچ» دەپ ئاتىلىپ قالغان، خالاچلارنىڭ ئەسلى شۇ، ئۇلار ئىككى

قەبىلىدۇر.
زۇلقەرنەين كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئادەملەرنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈركلەرگە خاس بەلگىلەرنى كۆرۈپ ئۇلاردىن گەپ سورىمايلا بۇلار «تۈرك مەنەند» (تۈرككە ئوخشايدۇ) دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز ئۇلارغا بۈگۈنگە قەدەر نام بولۇپ قالغان.
خاقان «شۇ» چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. زۇلقەرنەين ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىدۇ. ئۇيغۇرلارغا يېقىن بىر يەردە خاقان زۇلقەرنەينگە بىر قىسىم چارلىغۇچى قوشۇن ئەۋەتىدۇ. زۇلقەر- نەينمۇ شۇنداق قوشۇن ئەۋەتىدۇ. توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەر- نەين ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ توقۇنۇش «ئالتۇن قان» دېگەن يەردە بولغانىكەن. بۇ تاغ ھازىرقى كۈندە «ئالتۇن- خان» دەپ ئاتىلىدۇ. زۇلقەرنەين ئەنە شۇ يەردە خاقان بىلەن سۈلھى تۈزىدۇ. ئاندىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى بىنا قىلىدۇ ۋە بىر مەزگىل شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ. زۇلقەرنەين چېكىنىپ كەتكەن- دىن كېيىن، خاقان شۇ قايتىپ كېلىدۇ ۋە بالاساغۇنغا قەدەر ئىلگىرىلەيدۇ، ئاندىن ئۆز نامى بىلەن ئاتالغان «شۇ» شەھىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇ يەرگە بىر تىلسىم قۇرغۇزىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، لەيلەكلەر ئۇ تىلسىملىق شەھەرنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ توختاپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ. تىلسىم بۈگۈنگە قەدەر بۇزۇلماي كېلىۋاتىدۇ.

(«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئېلىندى.)

## يەكەن مەلىكىسى

«زۇبدەتىل ئەخبار» دا مۇنداق دېيىلگەن: ئىسكەندەرنىڭ ئەسكەرلىرى يەكەن تەۋەسىگە كىرگەندە، چارلىغۇچىلار يەكەن خانلىقىغا مەلۇم قىلىدۇ. خان سۈرۈشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ قىلىچ بىلەن قوراللانغانلىقىنى، مىڭدىن - مىڭدىن بۆلۈنۈپ يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى ئۇقىدۇ. خان ئۆزىنىڭ قىزىنى نەيزە بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئاتلىق ئەسكەرلەرگە باش قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىرىدۇ.

ئىككى تەرەپ ئۇچرىشىپ، بىردىن پالۋان ئوتتۇرىغا چىقىپ بىر - بىرىنى ئۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. يەكەن مەلىكىسى شۇنداق دەيدۇ: «سەن شۇنچە يىراق يەردىن بىزگە باستۇرۇپ كەپسەن، شۇڭا ئاۋۋال سەن ئات!» ئىسكەندەر ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم نەيزە ئۇرۇپ تەگكۈزەلمەپتۇ. نۆۋەت يەكەن مەلىكىسىگە كەلگەندە ئۇ بىر نەيزە بىلەن ئىسكەندەرنىڭ چېكىسىنى تېشىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يەكەن خانىنىڭ ئەسكەرلىرى ئىسكەندەر ئەسكەرلىرىنى مىڭدىن - مىڭدىن يوقىتىپتۇ. قان دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ.

ئىسكەندەر نۇرغۇن جايلارنى بېسىۋېلىش جەريانىدا ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى ئولجا ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قورال - ياراغ دەستىلىرى، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ تۈگمىلىرى، زىننەت بۇيۇملىرى ئالتۇندىن قىلىنغان بولۇپ، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۇلارنىڭ ھەممىسى قان

ئىچىدە قالغانىكەن. شۇڭا بۇ تارىختا «ئالتۇن قان دېڭىز» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىكەن.

(«يەكەن ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى.)



# بۆگۈخان

## 1

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ۋىلايىتىدە ھەيۋەتلىك ئىككى چوڭ تاغ بار ئىكەن. بىرىنىڭ ئىسمى بوقراتۇ – بۇزلۇق، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئاشقۇنلۇق تەگرىم ئىكەن. قارا قورۇم تېغى ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. ئۆگدېيخان بىر شەھەر بىنا قىلىپ ئاشۇ تاغنىڭ نامى بىلەن ئاتاپتۇ. ئىككى تاغنىڭ يېنىدا قۇت تاغ دېيىلىدىغان يەنە بىر تاغ بار ئىكەن. بۇ تاغلارنىڭ ئىچىدىكى بىر جايدىن ئون ئېقىن، يەنە بىر جايدىن توققۇز دەريا ئېقىنى ئاقىدىكەن. قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مۇشۇ دەريا ساھىللىرىدا تاغلارنىڭ ئىچى ۋە تۈزلەڭلىكلەردە ماكان تۇتۇشقانىكەن. ئون دەريانى بويلاپ ئولتۇرغانلار ئون ئۇيغۇر، توققۇز دەريانى بويلاپ ئولتۇرغانلار توققۇز ئۇيغۇر دېيىلگەنىكەن. ئاشۇ ئون دەريا ئون ئارغۇن دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى رەت تەرتىپى بويىچە تۆۋەندىكىدەك ئىكەن: ئىسلىق ياكى ئىسقۇل، ئوتۇنقار، بوقىس، ئۇز قۇندۇر، تۇلار، تاردار، ئادار، ئۇچتابىن، قاملانچۇ ۋە ئۇتىكەندىن ئىبارەت.

ئالدىنقى ئۈچ دەريا ساھىلىغا توققۇز قەبىلە جايلاشقان، كېيىنكى تۆت دەريا ساھىلىغا بەش قەبىلە جايلاشقان بولۇپ، توققۇزىنچى ئېقىن قاملانچۇ دەرياسىنىڭ ساھىلىدا ئولتۇراقلاشقانلار لونك دەپ ئاتىلىدىكەن؛ ئونىنچى ئېقىن ئۇتىكەن دەرياسى بويلىرىدىكىسى بولسا قاماق ئاتىقۇز قەبىلىسى ئىكەن. دەريا ساھىلىنى بويلاپ ئولتۇرغانلار بۇ قەبىلىلەردىن باشقا بىر دائىرىدە

يەنە ئون ئىككى قەبىلە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامى ئېنىق ئەمەس.

يىللار، ئەسىرلەر ئۆتتۈرۈپتۇ. بۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە بىرەر ئاقساقال بەلگىلەنمەپتۇ. ھەر دائىم قەبىلىلەر ئۇرۇش - تالاشلار قىلىپ قالسا، بەزىلەر ئۆز قەبىلىسىنىڭ سىرىنى دەپ قويۇشىدىكەن. كېيىنچە ھەر قايسى قەبىلىلەر ئورتاق مەنپەئەت ئۈچۈن قۇرۇلتاي چاقىرىپتۇ. قۇرۇلتايدا: «پەقەت ئومۇمىيۈز-لۈك بۇيرۇق چۈشۈرەلەيدىغان بىر خاقان بولغاندىلا بىز يولدىن چىقمايمىز» دەپ قارار قىلىشىپ، ھەممىسى ئەڭ ئاقىل بولغان ئابىسلىك ئىسقۇل قەبىلىسىدىن ماتقۇتاي دېگەن كىشىنى سايلاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ئەل ئېلتەبىر دەپ نام بېرىپتۇ. ئۇلار ئۆز قۇندۇر قەبىلىسىدىن پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق بىر كىشىنى سايلاپ چىقىپ، ئۇنى كۆل ئەركىن دەپ ئاتاپتۇ. ئۇلار بۇ ئىككى كىشىگە پۈتۈن مىللەت ۋە قەبىلىنىڭ خاقانلىقىنى تاپشۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭ ئۇرۇقلىرى (ئوغلانلىرى) نەچچە يۈز يىللار ھۆكۈمرانلىق قىپ-تۇ. ①

## 2

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ئاۋۇپ كەلگەن يېرىنى ئورخۇن بويلىرى دەپ ھېسابلايدىكەن. بۇ دەريانىڭ باشلى-نىش نۇقتىسىنى قاراقۇرۇم تاغلىرى دەيدىكەن. خاقان (ئۆگدېي-خان) بىر شەھەر بىنا قىلىپ، مۇشۇ تاغنىڭ نامىنى بۇ شەھەرگە ئىسىم قىلىپ قويغانىكەن. ئوتتۇز تارماق دەريا قاراقۇرۇم تاغلى-رىدىن باشلىنىدىكەن؛ ھەر بىر دەريا ساھىلىدا بىر خىل قەبىلە ماكانلاشقانىكەن؛ ئۇيغۇرلار ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدا ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئادەملىرى كۆپەيگەنسېرى باشقا قەبىلىلەرنى دوراپ، كۆپچىلىكتىن بىر كىشىنى ئاقساقال قىلىپ سايلاپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇپتۇ. مۇشۇنداق داۋاملىشىپ، بەش يۈز

يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۆگۈخان دۇنياغا كەپتۇ. ھازىر[1] بەزىلەر بۆگۈخاننى ئاپراسىياپ ئىدى، - دېيىشىدۇ.

ئەينى چاغدا قاراقۇرۇمدىن ئىككى دەريا ئېقىپ چىقىدىكەن، بۇلار توغلا ۋە سېلىنگا دەريالىرى بولۇپ، قۇملانچۇ دېگەن[2] يەردىن باشلىنىشىكەن. ئىككى دەريا ئارىسىدا بىر - بىرىگە ياندىشىپ ئۆسكەن ئىككى تۈپ دەرەخ بولۇپ ئۇنىڭ بىرى قوسۇق - قوچۇر؟[3] دېيىلىدىكەن. ئۇ قارىغايغا ئوخشاپ كېتىدىكەن، يوپۇرماقلىرى ئارچىنىڭكىدەك كۆكىرىپ تۇرىدىكەن، مېۋىسى-نىڭ شەكلى ۋە تەمى چىلغۇزە[4] دەك ئىكەن. يەنە بىر دەرەخ توز دېيىلىدىكەن. ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئارىسىدا ئۇشتۇمتۇت چوڭ بىر دۆڭ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. دۆڭنىڭ ئۈستىگە ئاسماندىن بىر تال شولا چۈشۈپتۇ، دۆڭ بارغانسېرى يوغىناپتۇ. بۇنداق ئاجايىپ ۋەقەنى كۆرگەن ئۇيغۇرلار ھەيران قاپتۇ. ئۇلار دۆڭگە ھۆرمەت تەزىم بىلەن يېقىنلىشىپ، ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ، دۆڭنىڭ ئىچى-دىن مۇڭلۇق ناخشىلار ئاڭلىنىپتۇ. ھەر كۈنى كەچتە دۆڭنىڭ ئۈستىدىن قايتقان نۇرلار ئوتتۇز قەدەم يىراقلىقتىكى يەرلەرنى يورۇتىدىغان بوپتۇ، ئاخىر دۆڭ ئېغىر ئاياغ ئاياللاردەك كېرى-لىپ، ئۇنىڭدىن ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ. ئىچىدە خۇددى چېدىرغا ئوخشاش بۆلۈنگەن بەش ئېغىز ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ھەربىر ئۆيدە بىردىن ئوغۇل بالا ئولتۇرغانىكەن، ئېغىزلىرىدا

---

① ھازىر: «تارىخىي جاھان كوشاي» يېزىلغان ۋاقىت، يەنى 13 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇزىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② قۇملانچۇ: مارقۇئارت «قۇماقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 59-، 60-بەتلىرىدە قۇملانچۇ دېگەن يەرنىڭ بىر ئەپسانىۋى يەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ كۆرسىتىشىچە، توغلا ۋە سېلىنگا دەريالىرىنىڭ بىر مەنبەسى يوق بولۇپ، ئالدىنقىسى ئورخۇن دەرياسىنىڭ تارمىقى ئىكەن. («تارىخى جاھان كوشاي»، 1 - قىسىم، 68 - بەتكە تەرجىماندىن بېرىلگەن ئىزاھ. خەنزۇچە)

③ سىبىرىيە شەمشادى.

④ توز - قېيىن دەرىخى

بىر تالدىن ئېمىزگە بارئىكەن. چېدىرغا بىر پارچە كۈمۈش تور يېيىلغانىكەن. قەبىلىلەرنىڭ ئاتامانلىرى كېلىپ، بۇ ئاجايىپ ۋەقەنى كۆرۈپ، قورقۇپ ئەيمەنگەن هالدا باش قويۇپ سەجدە قىلىشىپتۇ. بوۋاقلار شامال بىلەن ئۇچرىشىپ، يوغىناپ، مېڭىشقا باشلاپتۇ. ئاخىر ئۇلار ئۆيدىن چىقىپتۇ، كىشىلەر بۇ بالىلارغا ئىنىكئانىلارنى بەلگىلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كىشىلەر خىلمۇ خىل دۇئا - تىلاۋەت (تېۋىنىش) مۇراسىمىرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. بالىلار ئەمچەكتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سۆزلىيەلەيدىغان بوپتۇ ۋە دەرهال ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. كىشىلەر هېلىقى ئىككى توپ دەرەخنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. بالىلار دەرەخكە يېقىنلىشىپ، خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك، تىز پۈكۈپ تەزىم قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئۆستۈرگەنلىكى ئۈچۈن تەشەككۈر ۋە مەنۇنلۇقىنى ئىزهار قىلىشىپتۇ، شۇنداقلا بۇ ئىككى توپ دەرەخ ئۈنگەن يەرگىمۇ ئىززەت - ئىكرام قىپتۇ. بۇ چاغدا دەرەخلەر بىردىنلا زۇۋانغا كېلىپ: «ئەي پەرزەنتلىك، ئەخلاقلىق ئوماق بالىلار، بۇ يەرگە دائىم كېلىپ تۇرۇڭلار، مېهىر - شەپقەت، ۋاپانى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويماڭلار، سىلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشۈڭلارنى، نامىڭلارنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەسلىكىنى تىلەپ تۇرىمىز» دەپتۇ. شۇ يەردىكى قەبىلىلەر توپ - توپ بولۇپ ئارقا، ئارقىدىن بۇ بەش بالىنى كۆرگىلى كەپتۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى خاقانلاردەك كۆرۈپ، ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرۈپ چوقۇنۇش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپتۇ. كۆپچىلىك بۇ يەردىن ئايرىلىدىغان چاغدا، هەربىر بالىغا بىردىن ئىسىم قويۇپ، چوڭىغا شۇڭقارتېگىن، ئىككىنچىسىگە قۇتۇر تېگىن، ئۈچىنچىسىگە تۈگەل تېگىن، تۆتىنچىسىگە ئور تېگىن، بەشىنچىسىگە بوقۇ تېگىن (بۆگۈ؟ تېگىن) دەپ ئات قويۇپتۇ. بۇنداق ئاجايىپ ئىشلارنى ئويلاپ، كۆپچىلىك بىر قارارغا كېلىشىپتۇكى، بەش ئوغۇلنىڭ ئىچىدىن بىرىنى ئاقساقال ۋە خاقان قىلىشماقچى بوپتۇ. چۈنكى



ئۇلار بۇ بالىلارنى تەڭرى ئاتا قىلغان دەپ هېسابلايدىكەن. بۆگۈخان چىرايلىق، كېلىشكەن، ئەقىل - پاراسەتلىك، تالانتلىق، رەقىبلىرىنى يەڭگۈچىلىكى بار، شۇنداقلا هەرقايسى خەلقلەرنىڭ تىلىنى پىششىق بىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنى خاقان قىلىپ سايلىماقچى بولۇشۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك بىر يەرگە يىغىلىپ، ئۇنى خاقانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بەرىكەتلىك - ئادىل داستىخاننى ئېچىپ، شەپقەتسىز، بەهرىسىز داستىخاننى يىغىشتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ناهايىتى كۆپ ياساۋۇللىرى، نايىپ، چاپارمەنلىرى، ئۇرۇق - جەمەت ۋە قول - چۆرىلىرى بار ئىكەن. تەڭرى بۆگۈخانغا هەر قايسى ئەللەرنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئۈچ دانە قۇش (zagh قۇزغۇن، توك قاغا) ئىنئام قىلغانىكەن. بۇ قۇشلار هەرقايسى يەرلەرگە بېرىپ، تەكشۈرۈپ خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېچىسى بۆگۈخان ئۆيدە ئۇخلاۋاتقىنىدا بىر قىزنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇ قورقۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇخلىغاندەك يېتىۋاپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئۇ قىز يەنە كەپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى كەچتە، بۆگۈخان بۇ ئەهۋالنى ۋەزىرىگە ئېيتىپ قويۇپ، پەرى قىزغا ئەگىشىپ، ئاق تاغ دېگەن تاغنىڭ ئىچىگە بېرىپتۇ. ئىككىيلەن تاڭ ئاتقۇچە مۇڭدىشىپتۇ. شۇندىن باشلاپ هەر كېچە ئەهۋال مۇشۇنداق داۋام قىلىپ، يەتتە يىل ئالتە ئاي يىگىرمە ئىككى كۈن سۆزلىشىپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنى قىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىدىغان بولۇپ مۇنداق دەپتۇ: «كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە بولغان يەر سىنىڭ هۆكۈمرانلىقىڭغا بويسۇنىدۇ، سەن بۇ ۋەزىپىنى تىرىشىپ ئورۇنداپ، ئەلنى ئوبدان ئىدارە قىلغىن.»

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ قوشۇن تەشكىللەپ، ئاكىسى شۇڭقار تېگىننى ئۈچ يۈز مىڭ قوشۇن بىلەن موڭغۇل ۋە قىرقىزلار ئېلىگە ماڭدۇرۇپتۇ؛ ئىككىنچى ئاكىسى قۇتۇر تېگىننى يۈز مىڭ قوشۇن بىلەن تاڭغۇتلار ئېلىگە ماڭدۇرۇپتۇ؛ ئۈچىنچى ئاكىسى

بىر تالدىن ئېمىزگە بارئىكەن. چېدىرغا بىر پارچە كۆمۈش تور
يېيىلغانىكەن. قەبىلىلەرنىڭ ئاتامانلىرى كېلىپ، ۋەقەنى كۆرۈپ، قورقۇپ ئەيمەنگەن ھالدا باش قويۇپ سەجدە
قىلىشىپتۇ. بۇ ۋاقلار شامال بىلەن ئۇچرىشىپ، يوغىناپ، مى-
ئىشقا باشلاپتۇ. ئاخىر ئۇلار ئۆيدىن چىقىپتۇ، كىشىلەر بۇ
باللارغا ئىنىكئانىلارنى بەلگىلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىت-
تا كىشىلەر خىلمۇ خىل دۇئا - تىلاۋەت (تېۋىنىش) مۇراسىمل-
رىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. باللار ئەمچەكتىن ئايرىلغاندىن كېيىن،
سۆزلىيەلەيدىغان بوپتۇ ۋە دەرھال ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى
سورۇشتۇرۇپتۇ. كىشىلەر ھېلىقى ئىككى توپ دەرەخنى كۆرس-
تىپ قويۇپتۇ. باللار دەرەخكە يېقىنلىشىپ، خۇددى ئۆزلىر-
نىڭ ئاتا - ئانىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك، تىز پۈكۈپ تەزىم
قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئۆستۈرگەنلىكى ئۈچۈن تەشەككۈر ۋە مە-
نۇنلۇقىنى ئىزھار قىلىشىپتۇ، شۇنداقلا بۇ ئىككى توپ دەرەخ
ئۇنگەن يەرگىمۇ ئىززەت - ئىكرام قىپتۇ. بۇ چاغدا دەرەخلەر
بىردىنلا زۇۋانغا كېلىپ: «ئەي پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق ئوماق
باللار، بۇ يەرگە دائىم كېلىپ تۇرۇڭلار، مېھىر - شەپقەت،
ۋاپانى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويماڭلار، سىلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆ-
مۈر كۆرۈشۈڭلارنى، ناملىڭلارنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەسلىكىنى تىلەپ
تۇرىمىز» دەپتۇ. شۇ يەردىكى قەبىلىلەر توپ - توپ بولۇپ
ئارقا، ئارقىدىن بۇ بەش بالىنى كۆرگىلى كەپتۇ، شۇنداقلا ئۇلار-
نى خاقانلاردەك كۆرۈپ، ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرۈپ چوقۇنۇش
رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپتۇ. كۆپچىلىك بۇ يەردىن ئايرىلىدىغان
چاغدا، ھەربىر بالىغا بىردىن ئىسىم قويۇپ، چوڭىغا شۇڭقارتې-
گىن، ئىككىنچىسىگە قۇتۇر تېگىن، ئۈچىنچىسىگە توگەل تې-
گىن، تۆتىنچىسىگە ئور تېگىن، بەشىنچىسىگە بوقۇ تېگىن (بۆ-
گۈ؟ تېگىن) دەپ ئات قويۇپتۇ. بۇنداق ئاجايىپ ئىشلارنى ئۆي-
لاپ، كۆپچىلىك بىر قارارغا كېلىشىپتۇكى، بەش ئوغۇلنىڭ
ئىچىدىن بىرىنى ئاقساقال ۋە خاقان قىلىشماقچى بوپتۇ. چۈنكى



ئۇلار بۇ باللارنى تەڭرى ئاتا قىلغان دەپ ھېسابلايدىكەن. بۆگۈ-
خان چىرايلىق، كېلىشكەن، ئەقىل - پاراسەتلىك، تالانتلىق،
رەقىبلىرىنى يەڭگۈچىلىكى بار، شۇنداقلا ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ
تىلىنى پىششىق بىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنى خاقان قىلىپ سايلى-
ماقچى بولۇشۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك بىر يەرگە يىغى-
لىپ، ئۇنى خاقانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. شۇنىڭدىن كې-
يىن، ئۇ بەرىكەتلىك - ئادىل داستىخاننى ئېچىپ، شەپقەتسىز،
بەھرىسىز داستىخاننى يىغىشتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ ياسا-
ۋۇللىرى، نايىپ، چاپارمەنلىرى، ئۇرۇق - جەمەت ۋە قول -
چۆرىلىرى بار ئىكەن. تەڭرى بۆگۈخانغا ھەر قايسى ئەللەرنىڭ
تىلىنى بىلىدىغان ئۈچ دانە قۇش (zagh قۇزغۇن، توك قاغا)
ئىنئام قىلغانىكەن. بۇ قۇشلار ھەرقايسى يەرلەرگە بېرىپ، تەك-
شۈرۈپ خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېچىسى بۆگۈخان ئۆيدە ئۇخلاۋاتقىنىدا
بىر قىزنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇ قورقۇپ
كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇخلىغاندەك يېتىۋاپتۇ. ئىككىنچى
كۈنى ئۇ قىز يەنە كەپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى كەچتە، بۆگۈخان بۇ
ئەھۋالنى ۋەزىرىگە ئېيتىپ قويۇپ، پەرى قىزغا ئەگىشىپ، ئاق
تاغ دېگەن تاغنىڭ ئىچىگە بېرىپتۇ. ئىككىيلەن تاڭ ئاتقۇچە
مۇڭدىشىپتۇ. شۇندىن باشلاپ ھەر كېچە ئەھۋال مۇشۇنداق داۋام
قىلىپ، يەتتە يىل ئالتە ئاي يىگىرمە ئىككى كۈن سۆزلىشىپتۇ.
ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنى قىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىدىغان بولۇپ مۇن-
داق دەپتۇ: «كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە بولغان يەر سېنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىڭغا بويسۇنىدۇ، سەن بۇ ۋەزىپىنى تىرىشىپ ئورۇن-
داپ، ئەلنى ئوبدان ئىدارە قىلغىن.»

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ قوشۇن تەشكىللەپ، ئاكىسى شۇڭقار
تېگىننى ئۈچ يۈز مىڭ قوشۇن بىلەن موڭغۇل ۋە قىرقىزلار
ئېلىگە ماڭدۇرۇپتۇ؛ ئىككىنچى ئاكىسى قۇتۇر تېگىننى يۈز مىڭ
قوشۇن بىلەن تاڭغۇتلار ئېلىگە ماڭدۇرۇپتۇ؛ ئۈچىنچى ئاكىسى

تۆگەل تېگىننى يۈز مىڭ قوشۇن بىلەن تىبەتكە ماڭدۇرۇپتۇ، ئۆزى ئۈچ يۈز مىڭ قوشۇن بىلەن قىتان ئېلىگە يۈرۈپتۇ، ئورتېگىننى ئۆز ئېلىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپتۇ. ھەرقايسى ئەللەرگە يۈرۈش قىلغان كىشىلەر كۆپ يەرلەرنى بويسۇندۇرۇپ قايتىپ كەپتۇ، ئولجىلارنىڭ ھېسابى يوق ئىكەن. ئۇلار ناھايىتى كۆپ كىشىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى قەدىم جايغا ئورۇنلىشىپ، ئوردۇبالىق دېگەن شەھەرنى بىنا قىپتۇ. بۇ چاغدا پۈتۈن شەرق تەرەپ شۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا كىرگەندىكەن.

مۇشۇ كۈنلەردە، بۆگۈخان چۈش كۆرۈپ، چۈشىدە ئاق چاپان كىيگەن، قولىغا ئاق ھاسا تۇتقان بىر بوۋاينى كۆرۈپتۇ، بوۋاي ئۇنىڭغا بىردانە كۆپكۆك زۇمرەتنى بېرىپ: «بۇ زۇمرەت قاشتېشىنى ساقلىيالىساڭ، پۈتۈن ئالەم سېنىڭ بايرىقىڭ ئاستىغا ئىتائەت قىلىدۇ» دەپتۇ. بۆگۈخاننىڭ ۋەزىرىمۇ مۇشۇنداق چۈش كۆرگەنىكەن. ئەتىسى بۆگۈخان قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە ساپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كۈنپېتىشتىكى ھەرقايسى ئەللەرگە يۈرۈش قىپتۇ. ئۇ تۈركىستاننىڭ چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەندە سۇ، ئوتلاقلىرى مول، ياپيېشىل تۈزلەڭلىكنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئۆزى شۇ يەردە ماكان تۇتۇپ، بالاساغۇن شەھىرىنى بىنا قىپتۇ. ھازىر بۇ شەھەر قۇزبالىق دېيىلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۆگۈخان تۆت ئەتراپقا قوشۇن ماڭدۇرۇپتۇ. ئون ئىككى يىل ئىچىدە ئۇلار كۆپ ئەللەرنى ئېلىپ، قارشىلاشقۇچى ۋە بويسۇنمىغۇچىلاردىن بىرەر كىشىنىمۇ قالدۇرماپتۇ. ئۇلار ئەڭ ئاخىر شۇنداق بىر جايغا يېتىپ بېرىپتۇكى، قارىسا ياۋايى ئادەملەر ياشاۋاتقۇدەك، داۋاملىق ئىلگىرىلەۋەرگەندە كىشىلەر ھالاك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەرقايسى ئەللەرنىڭ پادىشاھلىرىنى ئېلىپ غەلىبە بىلەن قايتىپتۇ. بۇلار بۆگۈخانغا سوۋغاتلار تەقدىم قىپتۇ. بۆگۈخان ھەر قايسىسىنىڭ ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىغا قاراپ مۇئامىلە قىپتۇ، پەقەت ھىندىستان پادىشا-

ھنى چىقىرىۋېتىپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ چىرايى ناھايىتى كۆرۈمسىز ئىكەن. شۇڭا كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلماپتۇ. ئۇ ئۆزىگە سوۋغا - سالام يوللاپ تۇرۇشنى جېكىلەپ ، ئۇلارنى ئۆز ئېلىگە قايتۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، بۆگۈخان سەپىرىدىكى بارلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپتۇ. قوزبالىقتىن قايتىشنى نىيەت قىلىپ ئاخىر ئەسلى ماكانىغا قايتىپ كېلىپ جايلىشىپتۇ. . .

بۆگۈخان ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىر ئوغلى ۋارىسلىق قىپتۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلىرىدە ھەر قېتىم ئاتلارنىڭ كىشنىشى، ئىتلارنىڭ ھاۋشىشى، كالىنىڭ مۆرىشى، تۆگىنىڭ بوزلىشى، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ بوقىراپ نەرە تارتىشى، قوينىڭ مەرىشى، قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلىشى، بوۋاقلارنىڭ ئىڭىراشلىرىدەك ئاۋازلار تارقالغاندا، ھەممە يەردە «كۆچ - كۆچ» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىدىكەن. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرغان جايىدىن يۆتكىلىپتۇ، ئۇلار قەيەرگە بېرىپ تۇرايلى دېسە، «كۆچ - كۆچ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇرغانىكەن. ئەڭ ئاخىر، بېشبالىق جايلاشقان يەرگە كەلگەندە ئۇ ئاۋاز ئاندىن توختاپتۇ. ئۇلار شۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ، بەش شەھەر بىنا قىلىپ، بۇ يەرنى «بېشبالىق» دەپ ئاتاپتۇ. بۇ بېشبالىق تەدرىجىي ناھايىتى كەڭ بىر بازار رايونىغا تەرەققىي قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى پادىشاھ بولۇپ، پادىشاھلىرىنى ئىدىقۇت دەپ ئاتاپتۇ. ②

① (جۇۋەينىنىڭ «تارىخي جاھان كوشاي» ناملىق كىتابىنىڭ ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل، خەنزۇچە نەشرى 1 - قىسمىدىن ئېلىندى.)

② (راشىددىننىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ» ناملىق كىتابىنىڭ بېيجىڭ سودا-نەشرىياتى 1983 - يىل، خەنزۇچە نەشرى 1 - توم، 11 - كىتابىدىن ئېلىندى.)

# مۇدۇ تەڭرىقۇت

## 1

تەڭرىقۇت تۇمەننىڭ مۇدۇ ئىسىملىك خان تېگىنى بار ئى-دى. كېيىن تەڭرىقۇتنىڭ سۆيۈملۈك ئالچىسى ئۇنىڭغا كىچىك ئوغلىنى تۇغۇپ بەرگەندىن كېيىن، تەڭرىقۇت مۇدۇنىڭ خان تېگىنلىك ئورنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كىچىك ئوغلىنى خان تېگىن قىلماقچى بولىدۇ ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇدۇ ياۋچىلارغا تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتىلىدۇ. مۇدۇ ياۋچى ئېلىدە تۇرغاق بولۇپ تۇرغاندا، تۇمەن ياۋچى ئېلىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىدۇ. ياۋچىلار مۇدۇنى ئۆلتۇرمەكچى بولغاندا، مۇدۇ ياۋچىلارنىڭ بىر تۇلپار ئېتىنى ئوغرىلاپ مىنىپ، ئۆز ئېلىگە قېچىپ كېلىدۇ. ئوغلىنىڭ باتۇرلۇقىغا قايىل بولغان تۇمەن ئۇنى ئون مىڭ چەۋەن-دازغا باش قىلىدۇ. مۇدۇ (ۋىژىلداپ ئۇچىدىغان) ئاۋازلىق ئوق ياسىتىپ، ئۆز چەۋەندازلىرىغا قارىغا ئېتىشنى مەشىق قىلدۇرىدۇ ۋە: «مېنىڭ ئاۋازلىق ئوقۇم قەيەرگە قارىتىپ ئېتىلسا، ھەم-مىڭلار شۇ يەرگە قارىتىپ ئاتىسىلەر، كىم ئاتمايدىكەن، ئۇنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ ھەمدە شىكارغا چىققاندا، ئاۋازلىق ئوق ئېتىلماستىن تۇرۇپ، ئوق چىقارغانلار-نىڭ دەرھال كاللىسىنى ئالىدۇ. بىر قېتىم مۇدۇ ئۆزىنىڭ تۇلپار ئېتىنى نىشانلاپ ئاۋازلىق ئوق ئاتىدۇ. ئەتراپتىكىلەردىن بەزىلەر ئاتنى ئېتىشقا جۈرئەت قىلالمىغاچقا، باتۇر دەرھال ئۇلارنىڭمۇ

كاللىسىنى ئالىدۇ. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنە ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنىغا قارىتىپ ئاۋازلىق ئوق ئاتقاندا، ئەتراپتىكىلەردىن بەزىلەر ئىنتايىن قورقۇپ ئېتىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقتىن، مۇدۇ ئۇلارنىڭمۇ كاللىسىنى ئالىدۇ. بىر مەزگىل ئۆتۈپ، مۇدۇ يەنە بىر قېتىم شىكارغا چىققاندا، تەڭرىقۇتنىڭ تۇلپار ئېتىنى نىشانلاپ ئاۋازلىق ئوق ئاتىدۇ. ئەتراپتىكى نۆۋكەرلىرىمۇ ئاتىدۇ. ئاندىن، مۇدۇ ئەتراپىدىكى ئادەملىرىنىڭ كارغا يارايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىدۇ. كېيىن، ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇت بىلەن بىللە شىكارغا چىقىپ، تۇمەنگە قارىتىپ ئوق ئاتىدۇ، ئەتراپتىكىلەرمۇ ئاۋازلىق ئوق بىلەن تەڭلا ئوق چىقىرىپ، تۇمەننى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مۇدۇ ئۆگەي ئانىسىنى، ئىنىسىنى ھەمدە ئۆزىگە بويسۇنمىغان ۋەزىرلەرنى تامامەن ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ ئېلان قىلىدۇ.

مۇدۇ تەختكە چىققاندا، تۇڭگۇسلار قۇدرەتلىك ئەل ئىدى. ئۇلار مۇدۇنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ تەختكە چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، تۇمەندىن قالغان تۇلپارنى سوراپ، مۇدۇغا ئەلچى ئەۋەتىدۇ. مۇدۇ ئەتراپىدىكى مەنسەپدارلارنى توپلاپ مەسلىھەت سالغاندا، مەنسەپدارلار: «تۇلپار ئات ھون ئېلىنىڭ تەۋەررۈك ئېتى، بېرىلمىسۇن» دېيىشىدۇ. مۇدۇ: «قوشنىمىز بولغان ئەلدىن بىر ئاتنى ئايىمىزمۇ؟» دەيدۇ ۋە ئاتنى تۇڭگۇسلارغا بېرىۋېتىدۇ. تۇڭگۇسلار مۇدۇنى قورقۇنچاق ھېسابلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، تەڭرىقۇتنىڭ بىر ئالچىسىنى سوراپ مۇدۇغا يەنە ئەلچى ئەۋەتىدۇ. مۇدۇ ئەتراپىدىكى مەنسەپدارلىرىدىن مەسلىھەت سورىغىنىدا، مەنسەپدارلار غەزەپلىنىدۇ: «تۇڭگۇسلار يولسىزلىق قىلىپ ئالچى سوراپتۇ، ئۇلارنىڭ ئەدىبىنى بېرەيلى!» دەپ ۋارقىرىشىدۇ، مۇدۇ بولسا: «قوشنىمىز بولغان ئەلدىن بىر ئايالنى ئايىمىزمۇ؟» دەپ ياخشى كۆرۈپ ئالغان ئالچىسىنى تۇڭگۇسلارغا بېرىۋېتىدۇ. تۇڭگوسلار خانى بارغانچە كۆرەڭلەپ، غەربكە ھۇجۇم قىلى-

دۇ. تۇڭگۇسلار بىلەن هونلارنىڭ ئارىلىقىدا مىڭ چاقىرىمدىن ئوشۇق كېلىدىغان بىر ئىنس - جىن يوق تاشلاندۇق يەر بولۇپ، هەر ئىككى تەرەپ مۇشۇ يەرنىڭ ئىككى چېتىگە كەپىلەر ياساپ، قاراۋۇللارنى قوياتتى. تۇڭگۇسلار مۇدۇ تەڭرىقۇتقا ئەلچى ئەۋە-تىپ: «سىلەر هونلار بىزنىڭ قاراۋۇلخانىمىز ئالدىدىكى تاشلان-دۇق بوش يەرگە ئاياغ باسقۇچى بولماڭلار. ئۇ يەرنى بىز ئىگىلە-مەكچىمىز» دەيدۇ. مۇدۇ مەنسەپدارلىرىنى يىغىپ يەنە مەسلى-ھەت سورىغاندا، مەنسەپدارلارنىڭ بەزىلىرى : «ئۇ يەرنى بىز تاشلىۋەتكەن، ئۇنى بەرسەكمۇ بولىدۇ، بەرمىسەكمۇ بولىدۇ» دېيىشىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولغان مۇدۇ: «يەر - زېمىن دۆلەتنىڭ ئاساسى. نېمە ئۈچۈن زېمىنىمىزنى بېرىدىكەنمىز؟! » دەيدۇ ۋە زېمىن بېرەيلى دېگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسى-نى ئالىدۇ. مۇدۇ تەڭرىقۇت يۇرۇشكە ئاتلىنىپ، ئەل ئىچىدە يۇرۇشكە چىقمىغانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقىنى جاكارلاي-دۇ. شۇنىڭ بىلەن شەرققە — تۇڭگۇسلار ئۈستىگە يۇرۇش قىلى-دۇ. ئەزەلدىن مۇدۇنى كۆزگە ئىلماي كەلگەن تۇڭگۇسلارنىڭ ھېچقانداق تەييارلىقى يوق ئىدى. مۇدۇ قوشۇن بىلەن كېلىپ، تۇڭگۇسلار خانىنى تارمار قىلىپ، ئاھالىسىنى ئەسىر، مال - مۈلكىنى غەنىيمەت ئېلىپ قايتىدۇ. مۇدۇ غەربكە — ياۋچىلار ئۈستىگە يۇرۇش قىلىپ، ياۋچىلارنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. جەنۇبتا لۇفەن خانىنى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بەيان خانىنى ئۆزىگە قارىتىۋالىدۇ. چىن شىخۇاڭ دەۋرىدە مېڭ تيەن هونلار-دىن تارتىۋالغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋېلىپ، دەريانىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى قورۇلنى خەن خاقانلىقى بىلەن چېگرا قى-لىپ، تاكى جۇنا، فۇشى دېگەن يەرلەرگىچە يېتىپ كېلىدۇ. ئاندىن يەن، دەي ۋىلايەتلىرىگە تاجاۋۇز قىلىدۇ. شۇ چاغلاردا خەن قوشۇنلىرى شياڭ يۈي بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان بولۇپ، خەن ئۇرۇش هارغىنلىقى ئىچىدە تۇرۇۋاتقاچقا، مۇدۇ قۇدرەت

تىپىپ، ئۈچ يۈز مىڭدىن ئارتۇق جەڭگىۋار قوشۇنغا ئىگە بولغاندى.

## 2

مودۇ ئوڭ تۇغ قان، سول تۇغ قان، ئوڭ قول قان، سول قول قان، ئوڭ چوڭ سەركەردە، سول چوڭ سەركەردە، ئوڭ چوڭ تۇتۇق بەگ، سول چوڭ تۇتۇق بەگ، ئوڭ چوڭ تۇتۇن بېگى، سول چوڭ تۇتۇن بېگى، ئوڭ قۇت بېگى، سول قۇت بېگى تەسىس قىلىدۇ. هونلار بىلىملىك دانىشمەننى «تۇغ» دەپ ئاتىشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەتتە سول تۇغ قانلىققا خان تېگىن بەلگىلىنەتتى. ئوڭ - سول تۇغ قانلاردىن تۆۋەندە سەنگۇنلەرگە قەدەر چوڭلىرىدا ئون مىڭ، كىچىكلىرىدە بىر نەچچە مىڭ چەۋەنداز بولۇپ، ئومۇمەن يىگىرمە تۆت باشلىق بولاتتى، بۇ قوشۇنلار «تۈمەن چەۋەنداز» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلۇغ مەنسەپلەر ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالاتتى. قويان، لان ئۇرۇقلىرى، ئاندىن قالسا، شۈيبو ئۇرۇقى ئالىي مەرتىۋىلىك ئۈچ ئۇرۇق هېسابلىناتتى. سول قانات قانلار شەرق تەرەپكە جايلاشقان بولۇپ، شاڭگۇ ۋىلايىتىگە ئۇدۇل كېلەتتى. شەرقتە خۇيخې، چاۋشيەنلەر بىلەن تۇتىشاتتى. ئوڭ قانات قانلار غەرب تەرەپكە جايلاشقان بولۇپ، شاڭجۈن ۋىلايىتىگە ئۇدۇل كېلەتتى، غەربتىكى چېگرىسى ياۋچى، دى، چياڭلار بىلەن تۇتىشاتتى، تەڭرىقۇتنىڭ ئوردىسى بولسا، دەيجۈن، يۈنجۇڭ ۋىلايەتلىرىگە ئۇدۇل جايلاشقانىدى. خانلارنىڭ يەرلىرى ئايرىم بولۇپ، ئۇلار ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى. لېكىن، خانلار ئىچىدە ئوڭ تۇغ قان، سول تۇغ قان، ئوڭ قول قان، سول قول قانلار ناهايىتى چوڭ بولاتتى. ئوڭ - سول قۇت بەگلىرى هاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەملىشەتتى. يىگىرمە تۆت باشلىقنىڭمۇ هەر قايسىسىنىڭ ئۆز

ئالدىنغا تەسىس قىلىنغان مىڭبېشى، يۈزبېشى، ئونبېشى، كېپەك
قان، ۋەزىر، سەركەردە، تۇتۇقبەگ، تۇتاقبېگى، قۇتقۇبەگ قا-
تارلىق ئەمەلدارلىرى بولاتتى.

ھەر يىلى نورۇز ئېيىدا، ھون باشلىقلىرى تەڭرىقۇت ئوردى-
سىدا باش قوشۇپ نەزىر - چىراغ قىلاتتى. بەشىنچى ئايدا لۇڭ-
چېڭ شەھىرىگە يىغىلىپ، چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، ئاتا - بوۋى-
لىرى، ئاسمان - زېمىن، روھ - ئەۋلىيالارغا ئاتاپ زاراخەتمە
قىلاتتى. كۈزدە ئاتلار سەمرىگەندە دېيلىن (ئىبادەت ئورمانلىقى)
گە يىغىلاتتى. ئادەم، ئات - ئۇلاغنىڭ ھېسابى ئېلىناتتى. ھونلا-
رنىڭ قانۇنىدا شەمشەر (پىچاق) بىلەن كىشىنىڭ بىر چىدىن
ئارتۇق يېرىنى زەخىملەندۈرگۈچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى.
مال - مۈلۈك ئوغرىلىغۇچىلارنىڭ ئۆي - بىساتى، مال - مۈلكى
مۇسادىرە قىلىناتتى. جىنايەت سادىر قىلغانلاردىن جىنايىتى كى-
چىكلەرنىڭ ئوشۇقى چېقىلاتتى، جىنايىتى چوڭلارغا ئۆلۈم جازا-
سى بېرىلەتتى. قاماق جازاسى ئون كۈندىن ئاشمايتتى، پۈتۈن بى-
ئەلدە قاماقتا ياتقۇچىلار بىر نەچچە كىشىلا بولاتتى. خالاس.
تەڭرىقۇت ھەر تاڭدا قارارگاھىدىن چىقىپ، كۈنگە قاراپ تەزىم
قىلاتتى. ئاخشىمى ئايغا تەزىم قىلاتتى. ھونلار ئولتۇرۇشتا تۆر-
نى سولدىن باشلاپ، شىمالغا يۈزلىنىپ ئولتۇراتتى. بۇرجىناڭ
بەشىنچى خانىسى بىلەن مۇچەلنىڭ ئالتىنچى خانىسى بىرلەشكەن
كۈن ھونلاردا خەيرلىك كۈن ھېسابلىناتتى. ھونلار ئۆلۈكنى
دەپنە قىلىشتا، ئىچ - تاش قىلىپ، قوش قەۋەت تاۋۇت ياساپ،
ئۇنىڭغا ئۆلۈكنى ئالتۇن - كۈمۈش، كىيىم - كېچەك بىلەن
بىللە سالاتتى. ئۇلاردا گۆر ئۈستىگە دەرەخ تىكىش، ھازا كىيى-
مى كىيىش ئادىتى يوق ئىدى. ئۆلگۈچى بىلەن ئۇنىڭ يېقىن
خىزمەتچىلىرى، كېچىك خوتۇنى بىللە كۆمۈلەتتى. مۇنداق بىللە
كۆمۈلگۈچىلەر كۆپ بولغاندا، بىر نەچچە ئون ياكى يۈز كىشىگە
يېتەتتى. ھونلار يۇلتۇز ۋە ئايغا قاراپ پائالىيەت ئېلىپ باراتتى.

ئاي تولغاندا جەڭگە چىقاتتى، ئاي كۆتمەك ۋاقتىدا جەڭدىن قايتات-
تى، دۈشمەندىن بىرنى ئۆلتۈرگۈچى ياكى ئەسىر ئالغۇچىغا بىر
ئاپقۇر شاراب ئىنئام قىلىناتتى. ئېرىشكەن غەنىيمەت ـ ئولجىسى
كۆرسەتكەن خىزمىتىگە قاراپ بېرىلەتتى. ئەسىر ئالغان ئادەمنى
ئۆزى قۇل قىلاتتى، هونلار جەڭ قىلىدىكەن، هەممە ئۆز مەنپە-
ئەتلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلاتتى. ئۇلار دۈشمەننى ئالداپ مۇها-
سىرىگە چۈشۈرۈپ يوقىتىشقا ماهىر بولۇپ، دۈشمەننى كۆرگەن
هامان ئوقتەك ئېتىلاتتى. ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ يېڭىلىپ قال-
غاندا بولسا، هايت ـ هۇيت دېگۈچە بۆلۈنۈپ، پىتىراپ قېچىپ
كېتەتتى. جەڭدە ئۆلگەنلەرنى ئېلىپ قايتقۇچىلار، ئۆلگۈچىنىڭ
پۈتۈن مال ـ مۈلكىگە ئىگە بولاتتى.

3

بۇ خەن خاقانلىقى ئەلنى ئەمدىلا تىنچىتقان، خەن بېگى خەن
شىن دەي ۋىلايىتىگە بەگ بولۇپ يۆتكەلگەن، مايى شەھىرى مەر-
كەز قىلىنغان ۋاقىت ئىدى. زور كۈچ بىلەن هۇجۇم قىلغان
هونلار، مايىنى مۇھاسىرە قىلىپ ئالغاچقا، خەن بېگى خەن شىن
هونلارغا تەسلىم بولىدۇ. هونلار خەن شىننى قولغا چۈشۈرگەن-
دىن كېيىن، لەشكەر تارتىپ جەنۇبقا چۈشۈپ، گوۋجۇ تېغىدىن
ئۆتۈپ، تەيىۋەنگە هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن جىنياڭغا بارىدۇ. خەن
خاقانى گاۋدى ئۆزى قوشۇن باشلاپ، هونلارغا قارشى ماڭغاندا،
قىشنىڭ مۇدھىش سوغۇق ، قار ـ شىۋىرغانلىرىغا دۇچ كېلىپ،
ئەسكەرلەرنىڭ ئوندىن ئىككى ـ ئۈچىنىڭ قول ـ پۇت بارماقلى-
رى ئۈششۈپ چۈشۈپ كېتىدۇ. تەڭرىقۇت مۇدۇ يېڭىلگەن قىيا-
پەتكە كىرىپ قېچىپ، خەن قوشۇنلىرىنى مىلىكە قىلىپ ئەگەش-
تۈرۈپ ماڭىدۇ. خەن قوشۇنلىرى مۇدۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ
ئۆرۈش قىلىدۇ. مۇدۇ باتۇر، جەڭگىۋار قىسىملىرىنى يوشۇ-

رۇپ، ئۆزىنى ئاجىز قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەن خاقانى بارلىق كۈچلىرىنى ئىشقا سالىدۇ. خەن قوشۇنلىرىنىڭ كۆپچىلىكى پىيادە قىسىملار بولۇپ ئۈچ يۈز يىگىرمە مىڭ كىشى ئىدى. ئۇلار هونلارنى شىمالغا قوغلاپ هۇجۇم قىلىدۇ. گاۋدى ئۆز قىسىملىرىدىن بۇرۇن پىڭچېڭ شەھىرىگە يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ پىيادە قىسىملىرى تولۇق يېتىپ كەلگۈچە، مۇدۇ تۆت يۈز مىڭ جەڭگىۋار ئاتلىق قوشۇن بىلەن كېلىپ، بەيدېڭ تېغىدا گاۋدىنى قورشىۋالىدۇ. خەن قوشۇنلىرى تاشقى جەھەتتە ياردەم-دىن ئۈزۈلۈپ، ئىچكى جەھەتتە ئوزۇق - تۈلۈكتىن قىسىلىپ، يەتتە كېچە - كۈندۈز قورشاۋدا قالىدۇ. خەن قوشۇنلىرىنى قورشاپ تۇرغان هون چەۋەندازلىرىنىڭ غەرب تەرەپتىكىلىرى پۈتۈنلەي ئاق ئاتلىقلار، شەرق تەرەپتىكىلىرى كۆك ئاتلىقلار، شىمال تەرەپتىكىلىرى قارا ئاتلىقلار، جەنۇب تەرەپتىكىلىرى بول-سا تامامەن تورۇق ئاتلىقلار ئىدى. گاۋدى زور سوۋغا - سالاملار بىلەن تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسىغا ئەلچى ئەۋەتىدۇ، ئالچى مۇدۇغا: «ئىككى هۆكۈمدار بوغۇشماڭلار، بۈگۈن خەن زېمىنىنى ئالدى-ڭىز، لېكىن سىز تەڭرىقۇت بەربىر بۇ يەرنى ماكان تۇتۇپ تۇرالمايسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەن خاقانىنىڭمۇ تەڭرىسى بار. تەڭرىقۇت ئويلىنىپ كۆرۈڭ» دەيدۇ. مۇدۇنىڭ خەن بېگى خەن شىنىنىڭ سەركەردىلىرىدىن ۋاڭ خۋاڭ، جاۋلىلار بىلەن ۋەدىلەش-كەن قوشۇلۇش ۋاقتى بار ئىدى. لېكىن، ۋاڭ خۋاڭ، جاۋلىلار-نىڭ قوشۇنلىرى تېخى يېتىپ كەلمىگەنلىكتىن، مۇدۇ خەن خاقا-نى بىلەن ئۇلارنىڭ تىلى بىرمىكىن دېگەن گۇمانغا كېلىدۇ. شۇڭا، ئالچىنىڭ گېپىنى ئېلىپ، مۇھاسىرىنىڭ بىر بۇرجىكىنى ئېچىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، گاۋدى ئوقياچى سىپاھلارغا: «ھەممەڭلار يانى تولۇق تارتىپ، ئوقنى سىرتقا قارىتىڭلار!» دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ ۋە ئېچىپ بېرىلگەن بۇرجەكتىن ئۇدۇل چىقىپ، زور قوشۇنغا قوشۇلىدۇ. مۇدۇ ئۆز قوشۇنلىرىنى ئې-

لىپ ئارقىسىغا ياندۇ. خەن خاقانلىقىمۇ قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ، ياخشىلىنىش پېتىمى تۈزۈش ئۈچۈن لىۇجىڭنى هونلارغا ئەۋەتىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، خەن بېگى خەن شىن هونلارنىڭ سەركەردىسى سۇپىتىدە جاۋلى، ۋاڭ خۋاڭلار بىلەن بىللە توختامغا خىلاپ هالدا، دەيجۈن، يۈنجۇڭ ۋىلايەتلىرىگە بىر نەچچە قېتىم باستۇرۇپ كىرىپ، بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، چېن شى ئاسىيلىق قىلىپ، خەن بېگى خەن شىن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، دەيجۈنگە هۇجۇم قىلغاچقا، خەن خاقانلىقى ئۇلارغا قارشى قوشۇن ئەۋەتىپ، دەيجۈن، يەنمېن، يۈنجۇڭ ۋىلايەتلىرىنى ناهىيىلىرى بىلەن قايتۇرۇۋالىدۇ، لېكىن چېگرىنىڭ سىرتىغا چىقمايدۇ. بۇ چاغدا هونلارغا خەن سەركەردىلىرى كۆپلەپ قېچىپ ئۆتۈپ تەسلىم بولۇپ تۇرغانلىقتىن، مۇدۇ دەيجۈننىڭ يەرلىرىگە هەمىشە تاجاۋۇز قىلىپ تۇراتتى. خەن خاقانلىقى خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى، گاۋدى يەنە لىۇجىڭنى ئەۋەتىپ، خان جەمەتىدىن بولغان بىر خانىشنى (قۇنچۇينى) تەڭرىقۇتقا ئالچى قىلىپ بەردى. هەر يىلى هون ئېلىگە مەلۇم مىقداردا مەشۇت، يىپەك رەخت، هاراق، گۈرۈچ ۋە باشقا ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى ئەۋەتىپ تۇردى. قۇدىلىشىش ئارقىلىق قېرىنداشلىق ئەهدىسى تۈزگەچكە، مۇدۇ ئۆزىنى بىر ئاز يىغىشتۇرغانىدى. كېيىن، يەن بېگى لۇۋەن ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆز گۇرۇهىدىكى نەچچە مىڭ كىشى بىلەن هونلارغا تەسلىم بولدى ۋە هەمىشە شاڭگۇنىڭ شەرقىگە پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرىدىغان بولدى.

گاۋزۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ، خۇيدى، خان ئانا لۈتەيخۇ زامانىدا، خەن خاقانلىقى ئەمدىلا ئەمىن تاپقانلىقى ئۈچۈن، هونلار كۆرەڭلەپ كېتىدۇ. مۇدۇ تەڭرىقۇت گاۋدىنىڭ خانىشىغا بولمىغۇر گەپلەر بىلەن مەكتۇپ يوللايدۇ. خانىش مۇدۇغا قارشى ئۇرۇش قىلىش غەرىزىدە بولغان بولسىمۇ، سەركەردىلەر: «خاقان گاۋدى

دانىشمەن، باتۇر تۇرۇقلۇق پىنگچېڭ شەھىرىدە مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغانىدى» دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خانىش لۇخوۋ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ھونلار بىلەن يەنە قۇدىلىشىدۇ.

## 4

خاقان ۋېندى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئالتىنچى يىلى، خەن خاقانى ھونلارغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ: «ھون ئېلىنىڭ ئۇلۇغ تەڭرىقۇتىغا خاقان ئېھتىرام بىلەن سالام يوللايدۇ، كىچىك ئىشىك ئاغىسى شىخۇرچاندىن يوللىغان مەكتۇپلىرىدا: ‹ئوڭ تۇغ قان تەڭرىقۇتقا مەلۇم قىلماستىن، ئېلىبېك نانچى قاتارلىقلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، ئىككى ھۆكۈمدارنىڭ ئەھدىگە خىلاپلىق قىلىپ، قېرىنداشلارچە تۇغقانچىلىقىمىزنى بۇزغاچقا، خەن خاقانلىقى بىزدىن يامانلىدى. قوشنا ئەللەر ئۆزئارا ئىتتىپاق ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالدۇق. كىچىك بىر ئەمەلدارنىڭ ئەھدىنامىنى بۇزغانلىقى ئارقىسىدا، ئوڭ تۇغ قاننى جازالاپ، ئۇنى غەربكە، ياۋچىلار ئۈستىگە ئۇرۇشقا ئەۋەتتىم. ياۋچىلار پۈتۈنلەي تارمار قىلىندى. خاھىشىم بولسا ئۇرۇشنى يىغىشتۇرۇپ، قوشۇنغا ئارام بېرىش، ئاتلارنى ئاسراشتىن ئىبارەت. ئۆتكەن ئىشلارنى تۈزىتىپ، بۇرۇنقى ئەھدىنامىنى ئەسلىگە كەلتۈرسەك، چېگرا خەلقى تىنچلىققا ئېرىشىپ، ئۇششاقلار ئۆسۈپ يېتىلسە، قېرىلار ئۆز ماكانلىرىدا خاتىرجەم ياتسا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تىنچ، خۇشال ـ خۇرام ئۆتسەك، دەپتۇرلەر. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن. قەدىمكى دانىشمەن ھۆكۈمدارلارنىڭ ئىرادىسى ئەنە شۇ بولغان. خەن خاقانلىقى ھون ئېلى بىلەن قېرىنداشلىق ئەھدىنامىسى تۈزدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەڭرىقۇتقا چوڭ سوۋغا ـ سالاملار ئەۋەتتى. ۋەھالەنكى، ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلىپ، قېرىنداشلىق ـ تۇغقانچىلىقنى بۇزغۇچىلار ھەر قاچان ھون ئېلى تەرەپتىن

بولۇپ كەلدى. لېكىن، ئوڭ توغ قان ۋەقەسى ئۆتۈپ كەتكەن
ئىش. تەڭرىقۇت ئۇنى ئارتۇقچە ئەيىبلىمىگەيلا. ئەمما، تەڭرىقۇت-
نىڭ نىيىتى مەكتۇپىدەك بولىدىغان بولسا، ئەمەلدارلىرىغا ئەھ-
دىنامىگە خىلاپلىق قىلماسلىق، ئىشەنچلىك بولۇش ۋە تەڭرىقۇت-
نىڭ مەكتۇپىغا ئەمەل قىلىشنى ئوچۇق جاكارلىغاي. ئەلچى:
«تەڭرىقۇت ئەللەر ئۈستىگە ئۆزى قوشۇن تارتىپ بېرىپ، ئۇ-
رۇشلار قىلىپ، غەلىبىگە ئېرىشتى. جەڭ - جېدەللەرنىڭ جاپا-
سىنى ئىنتايىن تارتتى»، دېدى. ئوتتۇرانچى بەگ يى، جارچى بەگ
جيەن ئارقىلىق تەڭرىقۇتقا ئۆزۈم كىيىدىغان بىر ياقىلىق شاھانە
كىمخاب تاشلىق، تاۋار ئەستەرلىك تون، بىر ياقىلىق كىمخاب
كەمزۇل، ئىككى ياقىلىق تاۋار تاش ئەستەرلىك تون، بىر تار-
غاق، بىر زەررىن كەمەر، بىر جۈپ زەر تۈگمە، ئون توپ
كىمخاب، ئوتتۇز توپ تاۋار، قىرىق توپ قىزىل دۇردۇن، قىرىق
توپ كۆك دۇردۇن ھەدىيە قىلدىم» دېگەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مودۇ ۋاپات بولىدۇ.
ئوغلى قايۇق (كىئوك) تەختكە چىقىدۇ. ئۇ ئاغا تەڭرىقۇت دەپ
ئاتالغانىدى.

(سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى» دىن ئېلىن-
دى.)



# تۆرك

## 1

جەرجارالىق ئۇستاز ئەبۇبەكرى مۇفىد ئاخىر زامان توغرىسىدا يازغان «ئېپ ئەبى ئەددۇنيا» دېگەن بىر كىتابىدا پەيغەمبىرىمىزدىن ئەقىل كەلتۈرۈپ، مۇنداق بىر ھادىسىنى رىۋايەت قىلغان: «ئۇلۇغ تەڭرى ئېيتىدۇ: مېنىڭ بىر تائىپە قوشۇنۇم بار، ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدىم، ئۇلارنى كۈنچىقىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم. بىرەر قوۋمغا غەزەپلەنسەم، تۈركلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن.»

يۇقىرىقى رىۋايەتتە ئەپسانىۋى ئامىللار بىلەن رىۋايەتلىك ئامىللار ئارىلىشىپ كەتكەن. بۇ رىۋايەت 7 ـ ئەسىرلەردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ دۇنيادىكى تەسىرى ۋە 11 ـ ئەسىرلەردىكى ئورنى بىلەن باغلانغان ھالدا مەيدانغا كەلگەن. مەھمۇد قەشقەرى يۇقىرىقى رىۋايەتكە ئۇلاپلا بەزى زۆرۈرى ئىزاھلارنى بەرگەن. ئۇ تۈرك سۆزىنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك مەنىلەردە قوللىنىلىشى ھەققىدە مۇنداق ئىزاھات بېرىدۇ:

تۈرك سۆزى نوھ ئوغلىنىڭ ئىسمى بولۇپ كەلگەندە بىرلا كىشىنى بىلدۈرىدۇ، نوھ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىسمى بولۇپ كەلگەندە «بەشەر ـ ئادەمزات» سۆزىگە ئوخشاش ئىنسانلار توپىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز ھەم بىرلىك، ھەم كۆپلۈك مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، «رۇم» سۆزى تەڭرى يارلىقىغۇچى ئىسھاقنىڭ

ئوغلى ئىسوغا ۋە ئىسو ئوغلى رۇمغا ئىسىم بولغىنىدەك، رۇم ئەۋلادلىرىنىڭمۇ ئىسمى بولۇپ كېلىدۇ. تۈرك سۆزىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق. بۇ هال ئۇلارنىڭ باشقا خەلقلەرگە نىسبەتەن پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ئۇلارغا تەڭرى ئۆزى ئات قويغان، ئۇلارنى يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ئېگىز، ئەڭ هاۋالىق جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان ۋە «ئۆز قوشۇنۇم» دېگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركلەر كۆركەم، يېقىملىق، ئوچۇق چىراي، ئەدەپلىك، قېرىلارنى هۆرمەتلەيدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان، ئاددىي ـ ساددا، كەمتەر، دادىل، مەرد ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان سان ـ ساناقسىز پەزىلەتلەرگە ئىگە. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قاچان ئۇنى تۈرك دەپ تونۇسا،
خەلق ئۇنىڭغا شۇنى ئېيتىدۇ:
بۇنىڭغا ئۇلۇغلۇق تېگىدۇ،
بۇنىڭدىن باشقىسىغا ئاشمايدۇ.»[1]

## 2

بۇ رىۋايەتمۇ ئىسلام دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن. رىۋايەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېغىزىدىن دېيىلگەن دەپ ھەدىس سۈپىتىدە بايان قىلىنغان. ئەمەلىيەتتىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۈركلەر ھەققىدە ئېيتقان خېلى كۆپ ھەدىسلىرى بار. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سودىگەرلەر بىلەن ماڭغا چاغلىرىدا تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا نەچچە رەت كەلگەن. تۈركىي خەلقلەرنى چۈشەنگەن.

مەھمۇد قەشقەرى بۇ رىۋايەتنى مۇنداق بايان قىلغان: ئىشەنچلىك بىر بۇخارالىق ئالىم بىلەن نىشاپۇرلۇق باشقا

بىر ئالىمنىڭ تەگرى ئەزىز كۆرگەن پەيغەمبىرىمىزدىن دەلىل كەلتۈرۈپ ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى ئېنىق ئاڭلىغانىدىم: زامان ۋە ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنى سۆزلەۋەندە: «تۈرك تىلىنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ» دېگەنىكەن.[2]

3

يىراق قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن نوھ بىننى ئادەم سانىنىڭ ئوغلى ياپەسنىڭ تۈرك ئاتلىق بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ ياپەسنىڭ ئەۋلادلىرىغا باشلىق بولغان. تۈرك ناھايىتى غەيرەتلىك، مەردانە، ھۈنەرۋەن، ئەقىللىق بالا ئىدى. ئۇ ئالەم ئەتراپىنى سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، بىر كىچىك دەريا ۋادىسىغا باردى. بۇ جاينى «سەيلۈك» دەپ ئاتايتتى. بۇ ئېقىن سۇلىرى، بۇلاقلىرى كۆپ، چىرايلىق سايرايدىغان ھەر تۈرلۈك قۇشلار ياشايدىغان خۇش ھاۋالىق بىر جاي ئىدى. تۈرك بۇ جاينى كۆڭلىگە ياقتۇرۇپ، ئۆزىگە ماكان قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئوت ـ گىياھ ۋە قومۇشلاردىن ئۆي ياساپ ئولتۇردى، ئاندىن كېيىن چېدىر ـ ئۆيلەرنى پەيدا قىلدى، چارۋا تېرىسىدىن تون، تۇماق تەييارلاپ كىيدى. ئۇنىڭغا ناھايىتى ئادىل ۋە سېخىي پادشاھلىق بەخشەندە قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ھەقتائالانىڭ بەندىلىرىنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ، ئۇلارنى قاتتىق تەربىيە ئاستىغا ئالدى ھەم ناھايىتى ياخشى پەرزەنتلەرنى كۆردى. ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ بىرىگە «فۇدەك» دەپ ئىسىم قويدى. فۇدەك ئوۋ قىلىشقا ناھايىتى ئامراق ئىدى. ئۇ بىر كۈنى سەھرادا كېيىك گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ ئولتۇرغاندا، بىر پارچە كاۋاپ قولىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى. فۇدەك بۇنى يەردىن ئېلىپ دەرھال ئاغزىغا سالدى ۋە كاۋاپنىڭ لەززەتلىك ئىكەنلىكىنى سەزدى ـ دە، شۇنىڭدىن باشلاپ تاماقنى تۇز بىلەن يەيدىغان ئادەتنى پەيدا قىلدى. ئىنسانلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇنداق ئادەتنى بىلمەيتتى.[3]

## 4

تۈرك ياپەسىنىڭ ئون بىر ئوغلىنىڭ تۇنجىسىدۇر. تۈركلەر ئۇنى ياپەس ئوغلان دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ باشقا ئوغۇللاردىن ئەڭ ھوشيار ۋە ئەقىللىق بولۇپ، خەلقنى باشقۇرۇشقا ماھىر ئىدى. ئاتىسى ياپەس ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھۆكۈمرانلىق تەختىدە تۈرك ئولتۇردى. ئۇ ئىنتايىن مەرد ۋە مەردانە بولۇپ، زۇلۇمغا قارشى ئىدى. تۈركلەر سىلۇل ۋە سەلكان دەپ ئاتىشىدىغان بىر جاي بولۇپ، ئۇ يەردە قۇشلار سايرىشىپ، كۆڭۈلنى خۇشاللاندۇراتتى. بۇلاقلاردىن ئېقىپ چىققان سۇلار ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. تۈرك ئەنە شۇ جايدا ماكانلاشتى. ئۇ ياغاچتىن ۋە ئوت چۆپلەردىن ئۆي ياساشنى، كېگىز ئۆيلەرنى ياساشنى، ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن كىيىم تىكىپ كىيىشنى، تاماققا تۇز سېلىپ يېيىشنى ئىجاد قىلدى.

ئۇنىڭ زامانىسىدا دادىسىدىن كېيىن ئوغۇل بالىغا دادىسىنىڭ مىراسىدىن بىر دانە شەمشەردىن باشقا مىراس تەگمەيتتى. بارلىق مىراس قىز بالىغا تەۋە ئىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تۈرك كەيۇمەرس بىلەن ئەسىرداش ئىدى. كەيۇمەرس ئەجەم شاھلىرىنىڭ دەسلەپكىسى ئىدى، تۈركمۇ تۈركىستان سۇلتانلىرىنىڭ دەسلەپكىسى ھېسابلىنىدۇ. تۈرك ئىككى يۈز قىرىق يىل ئۆمۈر كۆردى.

تۈركنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىچىدە ئەلەنجەخان ئەڭ ياخشىسى ئىدى. تۈركنىڭ ئۆمۈر پىيالىسى سۇنۇشقا ئاز قالغاندا، دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ۋە چوڭلارنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئەلەنجەخاننى سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغۇزدى.

①، ② «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئېلىندى.
③ «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى.
④ «قىسسە سۇل غارايىپ» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

# ئېل ئىلتەر ۋە كۆل ئېركىن

ئۇيغۇر دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئوغۇزخان داستانىدا بايان قىلىندى. مۇئەررىخلەر يەنە شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، موغۇل (موڭغۇل) يۇرتىدا ئىككى تاغ بار بولۇپ، بۇ تاغلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى قۇياش چىققان تەرەپتىن قۇياش پاتقان تەرەپكىچە سوزۇلغان. بۇ ناھايىتى چوڭ تاغلاردۇر. بىرىنىڭ نامى بوقراتۇ بۇزلۇق، ئىككىنچىسىنىڭ ئېتى ئۇسقۇنلۇق تەيرام ئىدى. بۇ تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى موغۇل يۇرتىدا يەنە بىر تاغ بولۇپ، ئۇنى قۇتتاغ دەپ ئاتايدىكەن. بۇ تاغلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر جايدا سۇ ئېقىپ چۈشىدىغان ئون ساي، يەنە بىر يېرىدە توققۇز ساي بار ئىدى. بۇ سايلارنىڭ ھەممىسىدىلا چوڭ دەريالار بار ئىدى. قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ سايلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراتتى. ئون سايدا ئولتۇرغانلارنى ئون ئۇيغۇر، توققۇز سايدا ئولتۇرغانلارنى توققۇز ئۇيغۇر دەپ ئاتايتتى. ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى، كەنتلىرى ۋە ئېكىن مەھسۇلاتلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇلار يۈز يىگىرمە ئۇرۇق ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار بىر - بىرىگە دۈشمەنلىشىپ بۇزۇلاتتى. بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، بىز ئىككى جايدا ئولتۇرۇشلۇق ئەلدۇرمىز. ھەرقايسىمىز بىر كىشىنى تۆرە قىلىپ سايلايلى. ئەگەر كىم ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمىسا، بېشىنى كەسسۇن ۋە مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلسۇن، دەپ قارار قىلىشتى. ئون ئۇيغۇر ئېلىدىن مەڭگۈ تاي ناملىق بىر كىشىنى تۆرە قىلىپ كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا

ئېل ئېلتەر دېگەن لەقەم قويدى. توققۇز ئۇيغۇرلار ئۆز ئىچىدىن بىر كىشىنى تۆرە قىلىپ كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا كۆل ئېركىن دەپ لەقەم قويدى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوغلانلىرى يۈز يىلغىچە تۆرىلىك قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا بىر ئۇيغۇر بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئون ئۇيغۇرغا تۆرە بولغانلارنى ئېل ئېلتەر، توققۇز ئۇيغۇرغا تۆرە بولغانلارنى كۆل ئېركىن دەپ ئاتايدىغان بولدى. كۆپ ئەللەرنىڭ تۆرىلىرىمۇ ئەنە شۇ ناملار بىلەن ئاتىلاتتى. ئۇلاردىن كېيىن تۆرە بولغانلار بولسا ئىدىقۇت دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. . . ئۇلار ئۈچ مىڭ يىلغىچە مۇشۇ يۇرتتا ئولتۇردى. ئاندىن كېيىن ئۇلار يەنە بۇزۇلدى. بىر - بىرىنى ئولجا ۋە ئەسىر قىلىپ تۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىسى ئۆز يۇرتىدا ئولتۇرۇپ قالدى. يەنە بىر مۇنچىسى ئېرتىش دەرياسىنىڭ بويىغا كەلدى. بۇلار ئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ، بىر تارمىقى بېشبالىق شەھىرىگە كېلىپ تېرىقچىلىق قىلىپ ۋىلايەتلەرنى ئاۋات قىلدى. ئىككىنچى تارمىقىمۇ بېشبالىق ئەتراپىغا كېلىپ، يىلقا ۋە قوي ئاسراپ، كۆچۈپ، قونۇپ يۈرۈشتى. ئۈچىنچى تارمىقى بولسا، ئېرتىش دەرياسىنىڭ ۋادىسىدا مال باقماي پەقەت بېلىق، قۇندۇز ۋە كېيىك، سۆسەر ئوۋلاپ ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى يەپ، تېرىلىرىنى كىيىم قىلىپ كىيەتتى. بۇلار يىپەك، پاختا ۋە ماتادىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەك ۋە باش كىيىملەرنى ئۆز ئۆمرىدە زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئەگەر ئانىلىرى قىزلىرىنى قارغىسا، يىلقىلىق ۋە قويلۇق كىشىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، گۆش يەپ، قىمىز ئىچىپ، بېشىڭغا يامان كۈنلەر كەلسۇن، دەپ قارغايتتى. چىڭگىزخان زامانىدا، بارچۇق ئارت تېگىن ناملىق بىر ئىدىقۇت چىڭگىزخانغا كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، ھەر يىلى مال سوۋغات قىلاتتى. چىڭگىزخان ئاتلىنىپ ماۋرائۇننەھر ئۈستىگە كەلگەندە، بارچۇق ئىدىقۇت ئۆزى ئەسكەرى بىلەن كېلىپ يولدا چىڭگىزخانغا قوشۇلۇپ، ياخشى خىزمەت-

لەرنى قىلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدە تۈركىي تىلنى ئوقۇغان
كىشىلەر ناھايىتى كۆپ بولاتتى. ئۇلار دەپتەردارلىق ۋە دىۋان
ھېسابلىرىنى ياخشى بىلەتتى. چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرى دەۋرى-
دە، ماۋرائۇننەھر، خوراسان ۋە ئىراقتىكى دىۋان خادىملىرى،
دەپتەردارلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلاردىن تەيىنلەنگەندى. چىڭ-
گىزخاننىڭ ئوغلانلىرى خىتاي يۇرتىدىكى دىۋان ۋە دەپتەردارلار-
نى ئۇيغۇرلاردىن تەيىنلەيتتى. چىڭگىزخاننىڭ ئۆز ئورنىدا ئول-
تۇرغان ئوغلى ئۆكداي قاغان خوراسان، مازاندىران ۋە گىلان
قاتارلىق جايلارنى ئۇيغۇر كۆركۈز دېگەن بىر كىشىگە تاپشۇرغاند-
ى. بۇ خەلق ھېسابنى ياخشى بىلەتتى. ئۇلار ھەر يىلى ئۈچ
- تۆت مىڭ مالنى سەمرىتىپ. ئۆكداي قاغانغا ئەۋەتەتتى.

(بۇ رىۋايەت ئۇبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «تارىخىي شەجەرەئى تۈرك» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.)



# ئېل ئىلتەر، كۆل ئېركىن ۋە قاراخان

بۇندىن بىر نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن غايەت زور قۇرغاقچىلىق تۇپەيلى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆز يۇرتلىرىنى تاشلاپ دۇنيانىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە كۆچۈپ كېتىشكە باشلاپتۇ. كۆچمەنگەنلەر دەريا بويلىرىغا ئورۇنلىشىپ ئون توققۇز كىچىك خانلىق قۇرۇپتۇ. بۇ كىچىك خانلىقلار ئۆز مەنپەئەتلىرىنى سىرتقى دۈشمەنلەردىن ھىمايە قىلىش ئۈچۈن دەريانىڭ غەربىدىكى ئون قەبىلە بىرلىشىپ بىر چوڭ خانلىق قۇرۇپ، ئۆز ئىچىدىن بىر كىشىنى خان قىلىپ ئۇنىڭغا «ئېل ئىلتەر» (ئەل باشلىغۇچى) دېگەن ئۇنۋاننى بېرىپتۇ. ئۇلار بۇ بىرلەشمە خانلىقنى «ئون ئۇيغۇر» دەپ ئاتاپتۇ. دەريانىڭ شەرقىدىكى توققۇز كىچىك خانلىقمۇ بىرلىشىپ، ئۆزلىرى سايلاپ چىققان خانغا «كۆل ئەركىن» (دېڭىزدەك ئېركىن) دېگەن ئۇنۋاننى بېرىپ، «دۆلىتىنىڭ ئىسمىنى توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتاپتۇ. ئۇلار بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يۇرتلىرىنى ھەر قانداق كۈچلۈك دۈشمەندىن ساقلاش ئۈچۈن، ھېلىقى ئىككى بىرلەشمە خانلىق بىرلىشىپ كۈچلۈك، قۇدرەتلىك بىر دۆلەت بولۇپ قۇرۇلۇپ، ئۆزلىرىنى بىرلەشتۈرگەن ئادەمگە «قاراخان» (قۇدرەتلىك، ئۇلۇغ، بۈيۈك خان) ئۇنۋانىنى بېرىپتۇ. بۇ قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ مەركىزى قەشقەر بولۇپ، ئۇنى «ئورداكەنت» دەپ ئاتاپتۇ.

[بۇ رىۋايەت مۇرات رەمزىنىڭ «تالىپقۇل ئەخبار» (تارىخىي خەۋەرلەر توپلىمى) غا كىرگۈزۈلگەن.]

# ئۇيغۇر موما

قەدىمكى چاغلاردا قۇمۇلدا خىسلەتلىك بىر ئايال ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنى كىشلەر ئۇيغۇر موما دەپ ئاتىشىدىكەن.

ئۇيغۇر مومىنىڭ بىر ئادىتى ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە، باش توخۇ چىللاش بىلەن تەڭلا پۈتۈن كوچا ـ كويلارنى سۈپۈرۈپ، سۇ سېپىپ، پاكپاكىز قىلىدىكەن. ئەمما ئۇنىڭ بۇ خىل خالىس ئىشلىرىنى ھېچ كىشى ئۇقمايدىكەن. ھەممە ئادەم قوشنىلىرىمىز قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىشىپ، بىر ـ بىرىدىن سەھەر تۇرۇپ، ھويلا ـ ئارام، كوچا ـ كويلارنى سۈپۈرۈشكە تۇتۇنغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇچە، سۈپۈرۈلىدىغان يەر سۈپۈرۈلۈپ، سۇ سېپىلىدىغان يەرگە سۇ سېپىلىپ بولۇنىدىكەن.

يۇرتداشلار ئامال يوق، سەھەر تۇرۇشماپتۇ. تازىلىقمۇ قىلىماپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، يۇرت ئاۋۋالقىدەكلا چىنىدەك ئېرىقىدىلىپ، ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولىۋېرىپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇيغۇر موما ئۆلۈپ كېتىپتۇ. كىشلەر ئادەتتىكى ئادەمنى دەپنە قىلغانغا ئوخشاش دەپنە قىلىپ، ئىشنى تۈگىتىپتۇ. لېكىن، شۇ كۈندىن باشلاپ، مەھەللىلەرنى تازىلاش ئىشى توختاپ قاپتۇ. يۇرتداشلار شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ تازىلىق قىلىشتەك ساۋابلىق ئىش قىلىدىغان ئايال ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىپتۇ، قەبرە بېشىغا چىقىپ دۇئا قىلىپ قايتىپتۇ.

كېيىنچە، يۇرتداشلار ھويلا ـ ئارام، كوچىلارنى سۈپۈ-
رۈپ، خېلى كۆچىسىمۇ ئاۋۋالقىدەك پاكىز بولماپتۇ. يۇرت ئاق-
ساقاللىرى بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈپ، شۇنداق خۇ-
لاسە قىلىپتۇكى، ئۇيغۇر موما تازىلىق قىلغان چاغدا مىننەت
قىلماي، رازى ـ رىزالىق بىلەن خالىس ئىش قىلغاچقا، ھويلا
ـ يوللار پاكىز بولغان، بۇگۈنكى كۈندە تازىلىق قىلغانلار دېگەن-
دەك رازى بولماي ئىش قىلغان بولغاچقا، قىلغان ئىشى چالا
بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر مومىنىڭ قىلغان ئىش-
لىرىنىڭ ھەقىقەتەن خالىس، مىننەتسىز، ساۋابلىق ئىش بو-
لۇپ، ھەممە ئادەمنى رازى قىلغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.
قىز ـ چوكانلارغا ئۇيغۇر مومىدەك ئايال بولۇش ھەققىدە نەسى-
ھەتلەر قىلىنىش بىر ئادەتكە ئايلانغان.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇمۇلدىن شەۋكەت



# كۆسەن خانى ئاچور (ئالپ چور)

قەدىمكى زامانلاردا ئۆتكەن كۆسەن خانى ئاچورنىڭ ئاجايىپ بىر خىل ماھارىتى بار بولۇپ، دەھشەتلىك ئەجدىھانى ئىتائەت قىلدۇرالايدىكەن. ئەينى چاغلاردا ئەجدىھانىڭ كاساپىتى تۇپەيلى ھەممە ئائىلىدە ئالتۇن ـ كۆمۈش، يامبۇلار يوقىلىپ تۇرىدىكەن.

پادىشاھ بۇ ئىشلارنى ئۇققاندىن كېيىن، شەمشىرىنى ئې-لىپ، شىمالىي تاغدىكى ئەجدىھا بار جايغا بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئەجدىھا ئۇخلاپ ياتقۇدەك. ئۇ ئويلاپتۇكى، مۇبادا مەن ئەجدىھانى بۇ خىل ھالەتتە ئۆلتۈرىدىغان بولسام، كىممۇ مېنىڭ كارامىتىمگە قول قويسۇن؟ ياخشىسى ئالدى بىلەن ئەجدىھانى تىللاپ ئويغىتاي. شۇنداق قىلغاندىن كېيىن ئەجدىھا ئويغىنىپتۇ ـ دە، بىردىنلا بىر شىرغا ئايلىنىپ قاپتۇ. پادىشاھ بولسا ئەجدى-ھانىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇدەك، ئەجدىھا قاتتىق بىر ھۆركىرەپ، خۇددى بۇلۇتتەك ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ قىلچە ھودۇقماستىن «ئەگەر سەن ياۋاش بولۇپ ئەيۋەشكە كەلمەي-دىغان بولساڭ، كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن» دەپ تەھدىت سالىپتۇ.

ئەجدىھا خانىنىڭ ھەيۋىسىدىن قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، شاھ-قا: «مېنى ئۆلتۈرمىگىن، مەن سېنىڭ مىنىشىڭگە مۇۋاپىق كېلىمەن، قەيەرگە بېرىشنى خالىساڭ، سېنى شۇ يەرگە ئۇچۇپ ئېلىپ بارىمەن» دەپتۇ. پادىشاھ ماقۇل دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خان دائىم بىر يەرگە بارماقچى بولسا، ئەجدىھانى مىنىپ سەپەر قىلىدىغان بوپتۇ.

(بۇ رىۋايەت تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن خەنزۇ ئەدىب دۇەن چېڭشىنىڭ «يۇيياڭ خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن.)

## غازباي

تېرىم (تارىم) يايلىقىدىكى غازباي قەدىمكى خوتەن رايونى دائىرىسىدىكى ئۆرغۆن دورىلارنى يەكۈنلەپ 312 ماددىلىق دورا قامۇسى يازغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يونانلىق ئالىم ئەپلاتون ئۆز شاگىرتلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن. ئۇلار مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئالتە ئاي تاغ - دەريالارنى كېزىپ غازباينى تاپقان؛ غازباينىڭ يۇرتىدا ھەر خىل مېۋە - چېۋىلەرنىڭ يەرلەرگە تۆكۈ-لۈپ ياتقانلىقى، بىنەپشە، ئارپىبەدىيان، سىنا، يۇمغاقسۈت، ئوغرىتىكەن، ئاق لەيلى، لالە ئوت، ئاچچىقتاۋۇز... قاتارلىق نەچچە مىڭ خىل ئوت - چۆپ دورىلىرىنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ ھەممىلا يېرىنى قاپلىغانلىقىنى كۆرگەن. غازباينىڭ 312 ماددى-لىق دورىلار كىتابىنى كۆرۈپ ئاپىرىنلار ئوقۇغان ھەمدە ئەپلاتون-نىڭ ھەرخىل ئىلىملەر تەھسىل قىلىدىغان ئالىم ئىكەنلىكى، ئەگەر ئەپلاتون بۇ ئەسەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىسىلا، غاز-باي ۋە تارىم خەلقىگە ھەر جەھەتتىن زور ياردەملەر بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، غازباي كۆپ ئويلىنىشلاردىن كې-يىن ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، قىممەتلىك ئەسىرىنى قىرىق ياشلىق ئوغلى بارىنىڭ قولىغا چىڭ تۇتقۇزۇپ كەلگەنلەر بىلەن بىللە ئەپلاتوننىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن. ئەپلاتون بارىينى ئالىي ئېھ-تىرام بىلەن قىزغىن قارشى ئالغان، غازباينىڭ ئەسىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن كېچە - كۈندۈز ئوقۇپ چىقىپ، غازباينىڭ

تېببىي ئىلىمدىكى ماھارىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەن ھەمدە بۇنىڭغا جاۋابەن ئامراق قىزى ئەنفىيەلۇسنى بارىيغا نىكاھلاپ بەرگەن. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن بارىي بىلەن ئەنفىيەلۇس تارىمغا قايتماقچى بولغاندا ئەپلاتون غازىبايىنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسىگە جاۋابەن ھازىرقى خوتەن رايونىغا قاراشلىق شەھەرلەرنى تېخىمۇ ھەيۋەت ـ گۈزەل قىلىپ قۇرۇشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ھۈنەرۋەنلەر قوشۇپ ئەۋەتكەن. بۇ ھۈنەرۋەنلەر بارىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەن دىيارى خەلقى بىلەن بىللە ھازىرقى كېرىيە، خوتەن، قارىقاش، گۇما شەھەرلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتكەن، بىنالار سالغان. يەرلىك خەلق خاتىرە ئۈچۈن كېرىيىنى سىھراب، خوتەننى زىھراب، قاراقاشنى فاراب، گۇمىنى داراب دەپ يونانچە ناملار بىلەنمۇ ئاتىغان. خوتەن ( زىھراب) خوتەن دىيارىدىكى مەركىزىي شەھەر بولغان خوتەن خەلقى ۋە ھۈنەرۋەنلەر بارىي ۋە ئەنفىيەلۇس خانىم ئۈچۈن يۈز خانىلىق توققۇز قەۋەتلىك مۇنار ئوردا سالغان. بۇ بىنا بىر مىڭ ئىككى يۈز يىلدەك خاراب بولماي سالامەت تۇرغان، «ئوردا ئالدى بازار» دەپ چوڭ رەستە ياساپ ئاۋاتلاشتۇرۇلغان. خوتەن دىيارى ئاۋاتلىشىپ ئون يىلدىن كېيىن بارىي خان بولغان. خوتەن دىيارىدىكى بۇ شەھەرلەرنىڭ نامى نەچچە يۈز يىللار يونانچە ئاتىلىپ كېيىن ئۇدۇن قاتارلىق نەچچە خىل نامغا، ئەرەب، پارس مەدەنىيىتى تەسىرىدىن كېيىن خوتەن دېگەن نامغا ئۆزگەرگەن.

[بۇ رىۋايەت ھىندىستاندا مىلادى 1200 ـ يىللىرى يېزىلغان «ھەدىقەتۇل ئەقالىم» (ھەرقايسى ئەللەر تەزكىرىسى) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن.]

# تاتاگاتا

تاتاگاتا بۇددا يىگىرمە چوڭ جەيتىيا[1] ھەققىدە سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئەجدىھالارغا بۇ چوڭ جەيتىيالارنى قوغداشنى تاپىلاپتۇ. ئەجدىھالار بۇنى قوغدىيالماي قالىمىز دەپ ئۆزرە ئېيتىپ قوبۇل قىلماپتۇ. تاتاگاتا بۇنى يەنە يىگىرمە سەككىز ياكسا سەركەردىسىگە تاپشۇرۇپتۇ. يىگىرمە سەككىز ياكسا شۇنداق دەپتۇكى: «يىگىرمە جەيتىيانى ئەۋلىيا بىزگە تاپشۇردى. بىز بۇددىغا ھۆرمەت بىلەن بويسۇنىمىزكى، باش تارتىشقا ھەددىمىز ئەمەس، لېكىن گوماسلا خوشبوي تېغى[2] دېگەن جاينى ساقلاشنى زىممىمىزگە ئالمىقىمىز تەس.» ياكسلار بۇ جاينى ساقلاش تەس دەپ ئۆزرە ئېيتقاچقا، ناگا (ئەجدىھا شاھى) قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن زىممىسىگە ئاپتۇ. «بۇ چاغدا ئەجدىھا شاھى جېرىغا بادادۇ، يەنى ئاق بۇد دەپتۇكى «بۇزرۇكۋارىمىز تاتاگاتا ئۇدۇن دۆلىتىدىكى بۇددا دىنى مۇقەددەس جايى كوسىرنكا (كالا باش تاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تېغىدىكى چوڭ جەيتىيا گاندامۇنىنى ساقلاشنى ماڭا تاپىلىدى. لېكىن، ئۇ دۆلەتنىڭ شەھەر - يېزىلىرى قۇرۇق، ئادەمزاتتىن ئەسەر يوق بولۇپ، ھەممە خەلق

---

① بۇددا دىنىدا سارىرا بارلىرى مۇنار دېيىلىدۇ. سارىرا يوقلىرى جەيتىيا دېيىلىدۇ. جەيتىيانى بۇددا خاتىرىلىنىدىغان تۆت خىل جايغا، يەنى تۇغۇلغان جاي، بۇددا يولىغا كىرگەن جاي، ئەۋلىيالىق مۇقامىغا يەتكەن جاي، نىرۋاناغا يەتكەن جايغا سېلىش شەرت.

② مۇشۇ رىۋايەت بويىچە بولغاندا، ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ بۇددا دىنى مۇقەددەس جايى - كوسىرنىكا تېغى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

باشقا ئەللەردىن كۆچۈپ كەلگەنلەر ئىكەن، بەزىلىرى مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىغا، بەزىلىرى ئىبادەتخانىغا ئورۇنلاشتى. بۇدساتۋا ماخاسا، ئۇلۇغ پرايتكا بۇددا، ئۇلۇغ ئارخات، كامالەتكە يەتكەن سىرامان، بەش خىسلەتلىك دانىشمەن بىر - بىرىدىن قېلىشماي ئىستىقامەت قىلىپ، ئۇلارغا بېقىش ئاتا قىلدى. گوما سالادا بۇرۇن ئادەمزات يوق ئىدى. بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى باشقا ئەللەردىن كەلگەنلەر ئىكەن.» ساگارا: «بۇ يىگىرمە سەككىز ياكسا سەركەردىلەر بۇ يەرنى ساقلاشتىن باش تارتتى. بۈگۈن مەن ئۇلارنىڭ نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىدىن رەنجىدىم. ئەگەر ئۇلار ساقلىمىسا، مەن قاتارلىق ئەجدىھالار بەتنامغا قالىمىز» دەپتۇ. بۇدساتۋا ساگاراغا: «ئۇنداق دېمەڭ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھازىر ئىككى تۈمەن بەخت - سائادەت ساھىبى تۆت چىنلىقنى① دەپ سالى، يەنى سۇلى دۆلىتى، ھازىرقى كاشىغەر دۆلىتىدىن ئۇ يەرگە بېرىپ كۆچى زورايدى. شۇنىڭ بىلەن گوماسالا خۇشبۇي تېغىدىكى چوڭ جەيتىيا بار جايغا كېلىپ كېچە - كۈندۈز تېۋىنىپ ھەممە نەرسە بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. ئەجدىھا شاھلار شۇنى بىلىۋېلىڭلاركى، ئۇ ۋاقىتتىدا سىلەر مەڭگۈ قورسىقىڭلار ئاچمايدىغان، چارچىمايدىغان بولىسىلەر» دەپتۇ.

(بۇ رىۋايەت خەنزۇچە «گادىجور. جايلار قىسمى» نىڭ «يورۇتقۇچى ئاتلىغ نوم بىتىگ» گە كىرگۈزۈلگەن. «بۇددا ئىلى ئۇدۇن» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.)

① تۆت چىنلىق — كۈلپەت، بەخت - سائادەت، ئەخلاقلىق ئاۋملار، تەڭرى يولى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

# قۇتقا

راۋىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، تارىم بويىدا، لوپنۇر-نىڭ ئىچكىرىسىدە، قويۇق توغراقلىق ئارىسىدا بىر گەمە بولۇپ، ئۇ يەر قۇتقانىڭ[1] ئارامگاھى ئىكەن. ئۆتكەن زامانلاردا كىشىلەر كۆز پەسلىدە ئۇ يەرگە بېرىپ، دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ قايتىپ كېلىدىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇتقا ئەسلى يۇرتتا، ئەل ئارىسىدا تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ناھايىتى مېھرىبان، پەزىلەتلىك ئايال بو-لۇپ، قوشۇمچە ئەمچىلىك[2] قىلىدىكەن. ئۇنىڭ قولى شىپالىق بولۇپ، ساقايمىغان بىتاپ كىشىلەر قۇتقانىڭ قولىدا ساقىيىدى-كەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى يۇرتقا كېسەللىك تاراپ كېتىپتۇ. قۇتقانىڭ ھويلىسىدا بىر خاسىيەتلىك ئۈجمە دەرىخى بولۇپ، شۇنىڭ يىلتىزى مۇشۇ خىل كېسەلگە شىپا بولىدىكەن. قۇتقا بۇ يىلتىزنى قېزىپ ئېلىپ، ھەر كۈنى كېسەللەرگە دورا قىلىپ بېرىپتۇ. شۇ تەرىزدە يىلتىزنى قېزىپ ئىچكىرىلەپ يەر ئاستىغا كىرىپ كېتىپتۇ. بىمارلارمۇ بارغانسېرى ئازلاپتۇ. ئەمما، كې-سەللىك يىلتىزىدىن تۈگىمەپتۇ. قۇتقا شاگىرتلىرىغا دورا ياساش-نى ئۆگىتىپ قويۇپ، ئۆزى يىلتىز ئىزدەپ يۇرت تەۋەسىدىن يىراقلاپ كېتىپتۇ، قۇتقا ئۆزى بارغان دائىرىدە بىر كامار ئېچىپ

---

① لوپنۇر تەرەپلەردە ياشتا چوڭ، ھۆرمەتلىك ئاقباش ئاياللارنى «قۇتقا» دەپ ئاتايدۇ.

② ئەمچى — تېۋىپ.

ئوچۇقچىلىققا چىقىپ، شۇ يەرگە بىر گەمە قېزىپ، شۇ يەردە ئارام ئالغاچ يىلتىز ئىزدەپ، شاگىرتلىرى ئارقىلىق يۇرتقا يوللاپ تۇرۇپتۇ.

قۇتقا بۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن شۇنى ئويلاپتۇكى: ئۇجمە بەك خاسىيەتلىك دەرەخ ئىكەن، بىر تۈپ ئۇجمە دەرىخىنىڭ يىلتىزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندەك تۇرىدۇ. مەن يۇرتقا قايتىماي، مۇشۇ يەردە ئۇجمە دەرىخى ئۆستۈرۈپ، بىر ساۋابلىق ئىش قىلاي. مېۋىسىنى يەرمىز، يوپۇرمىقىدا پىلە باقارمىز، يىلتىزى ئۈزۈراپ يۇرتقىچە يېتىپ بېرىپ قالسا، شۇ يەردىنلا قېزىپ، دورا ياساپ، كېسەللەرگە شىپا قىلارمىز.

قۇتقا شۇنىڭدىن كېيىن گەمىسىنى ماكان قىلىپ، ئۇجمە كۆچىتى تىكىپ، پەرۋىش قىلىپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ساۋابلىق ئىشىدىن يۇرتداشلىرى كۆپ مەنپەئەتدار بوپتۇ، ھال كۈنى ياخشىلىنىپتۇ، كېسەللەردىن خارىج تېپىپتۇ. قۇتقانىڭ نامى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ساقلىنىپ كەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ياسىن توختى، دېھقان، لوپنۇردىن.



## تاتاتۇڭا

تاتاتۇڭا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدىن، تولىمۇ ئەقىللىق، سۆز - ئۇتۇققا ماھىر، ئۆز ئېلىنىڭ يېزىقىنى پىششىق بىلەتتى. نايمانلار خانى تايانخان ئۇنى بەكمۇ ھۆرمەتلەپ، ئۇستاز قىلىۋالغان ھەم ئالتۇن مۆھۈرى ۋە خەزىنىسىنى باشقۇرتقۇزغان. چىڭگىزخان قورىغار (غەرب) غا يۈرۈش قىلىپ، نايمانلار ئېلىنى مۇنقەرز قىلغاندا، تاتاتۇڭا مۆھۈرنى ئالغىنىچە كېتىپ قالغان. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي تۇتۇۋېلىنغان. ئۇ چىڭگىزخان ئالدىغا كەلتۈرۈلگەندە، خان ئۇنىڭدىن: «تاياننىڭ ئەل - يۇرتى ماڭا تەۋە بولغان تۇرسا، يەنە مۆھۈرنى ئېلىپ نەگىمۇ بارارسىز؟» دەپ سورىغانكەن، تاتاتۇڭا «مۆھۈرنى ئۆلگۈچە ساقلاش مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم، ئۇنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىمەن، باشقىلارغا بېرىشكە ھەققىم يوق» دېگەن. چىڭگىزخان بۇنىڭدىن ناھايىتى تەسىرلىنىپ، «بۇ ھەققىي ۋاپا ئەھلى ئىكەن» دەپتۇ - دە، ئۇنىڭدىن «مۆھۈرنى قەيەرگە ئىشلىتىدۇ» دەپ سوراپتۇ. تاتاتۇڭا: «پۇل - ئاشلىقنى كىرىم - چىقىم قىلغاندا، قەبىلىلەرنى ۋەزىپىگە قويغاندا، ھەرخىل ئىشلارنى بېجىرىشكە توغرا كەلگەندە، ئىشەنچلىك تەكشۈرۈشلەرنى ئاڭلىغاندا پۈتۈككە مۆھۈر باسماي بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. چىڭگىزخان تولىمۇ خۇرسەن بولۇپ ئۇنى ئۆز ئارامگاھىدا ئولتۇرۇشقا ئىجازەت قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، يارلىق چىقىرىلغاندا مۆھۈر بېسىلىش يولغا قويۇلغان؛ مۆھۈرنى تاتاتۇڭا تۇتقان. بىر كۈنى، چىڭگىزخان تاتاتۇڭادىن:

«سىز ئۆز ئۇلۇسىڭىزنىڭ يېزىقىنى پىششىق بىلەمسىز» دەپ
سورىغاندا، ئۇ بىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا
شاھزادە ـ بەگزادىلەرگە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن دۆلەت تىلى (موڭ-
غۇل تىلى) نى خاتىرىلەشنى ئۆگىتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈ-
رۈلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن موڭغۇللارنىڭ رەسمىي يېزىقى يارى-
تىلغان. تاتاتۇڭا ئوردىدا ئۇزۇن يىل ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن.
ئۇنىڭغا خان ئالىيلىرى تەرىپىدىن ئىشىك ئاغىسى دېگەن مەنسەپ
تارتۇق قىلىنغان، يەنە ئايىمقىنىڭ خوجىدارى دېگەن پەخرى
نام بىلەن تارتۇقلانغان.

(«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 124 ـ جىلد «تاتاتۇڭا تەزكىرىسى» دىن
ئېلىندى.)



## چوقتىرىشىت ۋە نوقتىرىشىت

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، چوقتىرىشىت بىلەن نوقتىرىشىت
ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ باش سانغۇنلىرى ئىكەن. ئۇ-
لۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى بىلەن قاراخانىلار سۇلالىسى ئوتتۇرد-
ىسىدا ئون يىلدىن ئارتۇق ئۇرۇش داۋاملاشقان بولۇپ، بۇنىڭ
ئىچىدە كۆلىمى بىر قەدەر چوڭراق بولغان ئۇرۇش توققۇز قېتىم-
غا يېتىدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەڭ ئاخىرقى تۆت مەيدان
چوڭ ئۇرۇشقا چوقتىرىشىت بىلەن نوقتىرىشىت قوماندانلىق قىل-
غانىكەن.

مىلادى 989 ـ يىلى، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ خانى يۇ-
سۇپ قېدىرخان بىر يۈز قىرىق مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن
قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، قەشقەر ئوردا كەنتىنى ناھايىتى تېز-
لىكتە قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۇدۇنغا
يۈرۈش قىلىدۇ. ھازىرقى قارىقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزىسى
تەۋەلىكىدىكى كەپتەرخانا (قومات پاششىم) دەپ ئاتىلىدىغان يەر-
گە كەلگەندە چوقتىرىشىت ۋە نوقتىرىشىت قوماندانلىقىدىكى ئۇ-
لۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن قوشۇنلىرى بىلەن بىر مەيدان دەھشەتلىك
جەڭ قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ، قاراخا-
نىلار سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئاز بولمىغان چىقىملارغا ئۇچرىغان
بولسىمۇ، بىراق بىر يۈز قىرىق مىڭ لەشكەرگە ئىگە بۇ قوشۇن
يەنىلا ئۇدۇن قوشۇنلىرىنى يېڭىدۇ ھەمدە ئۇدۇن قوشۇنلىرىنىڭ
كەينىدىن قوغلىغانچە سۇر ـ توقاي قىلىپ ئۇدۇل ئۇدۇن سېپى-

لىغىچە قىستاپ كېلىدۇ، شۇنداقلا ھېچقانچە كۆچمەيلا ئۇدۇن
پايتەختىنى بېسىۋالىدۇ. چوقتىرىشىت بىلەن نوقتىرىشىت ئامال-
سىزلىقتىن ئۇرۇشتا ھايات قالغان ئازغىنا ئاقساق - چولاق
لەشكەرلىرىنى ۋە بىر قىسىم ئاھالىنى باشلاپ ھازىرقى چىرا
ناھىيىسىنىڭ تاغلىق رايونلىرىغا چېكىنىدۇ.

چىرانىڭ تاغلىق يايونلىرىدا، ئۇدۇن قوشۇنلىرى ئىسلام
قوشۇنلىرى ناماز ئوقۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا
دەھشەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەل-
تۈرىدۇ. ئىسلام قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ھالاك بولىدۇ.
بۇ كۈن دەل مىلادى 1000 - يىلى 11 - نويابىر ئىدى. ئۇدۇندى-
كى ئارمىيە - خەلق چوقتىرىشىت ۋە نوقتىرىشىتنىڭ بىر تۇتاش
قوماندانلىقىدا غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ، ئۇدۇن پايتەختىنى قايتۇ-
رۇۋالىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە قاراخانىلار سۇلالىسى تولىمۇ ھال-
سىراپ كەتكەنلىكتىن، بەش يىلغىچە ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن
دۆلىتىگە چېقىلىشقا پېتىنالمايدۇ.

مىلادى 1006 - يىلى، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ خانى
يۈسۈپ قېدىرخان ئۆزى شەخسەن قوشۇن باشلاپ ئۇدۇنغا يەنە بىر
قېتىم ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ قېتىم يۈسۈپ قېدىرخان قوشۇنلىرى-
نىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ، لەشكەرلەرنىڭ ساپاسى يۇقىرى، ھەيۋى-
سى زور بولغاچقا، ھېچقانچە چوڭ ئۇرۇش قىلمايلا ئۇدۇننى قايتا
بېسىۋالىدۇ. چوقتىرىشىت بىلەن نوقتىرىشىت ئۇزۇن مۇددەت-
لىك ئۇرۇشتا ھالىدىن كەتكەن نەچچە يۈزلىگەن ئاقساق - چولاق
لەشكىرىنى باشلاپ، چىرا تاغلىرىدا ئىنتايىن ئېچىنىشلىق جەڭ
قىلىدۇ. ياز ئۆتۈپ قىش كېلىدۇ. تاغلىق رايوندا قەھرىتان
سوغۇق جاندىن ئۆتىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، لەش-
كەرلەرگە ئاش، ئوزۇق، ئات - ئۇلاغلارغا يەم - بوغۇز بارغانسې-
رى ئاز قالىدۇ. ئاخىر بېرىپ پۈتۈنلەي ئاش، ئوزۇقسىز قالى-
دۇ. ئۇنى ئاز دەپ قاراخانىلارنىڭ خانلىق لەشكەرلىرى بارغانسې-

ری ھۆجۆمنی كۆچەيتىپ، ئۇدۇن قوشۇنلىرىنى ئۆلۈم گىردابىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئاخىر چوقتىرىشىت بىلەن نوقتىرىشىت ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ. پەقەت قېپقالغىنى كېيىن. كىلەرگە بۇ ئېچىنىشلىق تارىخنى ئىسپاتلاپ تۇرىدىغان، بىر - بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئالتە كىلومېتىر كېلىدىغان ھاشى چوقتىرىشىت قورغىنى بىلەن ھاسا چوقتىرىشىت قورغىنىدىن ئىبارەت ئىككى قەلئەلا بولىدۇ، خالاس①.

(بۇ «گۆھەر زېمىن ـ خوتەن» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.)



① بۇ ئىككى قەلئە چىرا ناھىيىسىنىڭ چاقار يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 12.7 كىلومېتىر كېلىدۇ.

## ئەبۇ ھەسەن

قاراخانىلار سۇلالىسى بىلەن ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا ئون يىلدىن ئارتۇق ئۇرۇش بولغان. كۆلىمى چوڭ بولغان ئۇرۇش جەمئىي توققۇز قېتىم يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ دەھشەتلىك بولغان ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش بەشىنچى ۋە ئالتىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتۇر.

مىلادى 970 ـ يىلى ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى نەچچە تۇمەن ئۇزۇن سەپەر قوشۇنى چىقىرىپ، قەشقەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇ چاغدا قەشقەر قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولۇپ، نوپۇسى يۈز مىڭغا يېقىنلىشاتتى.

قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك خانى ئەبۇ ھەسەن ئىلگىرىكى بۈيۈك خان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ جىيەن ئوغلى ئەلى ئارسلانخانغا جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئۇدۇن قوشۇنلىرى ھۇجۇمنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرالماي، ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەبۇ ھەسەن نەچچە تۇمەن قوشۇن تەشكىللەپ، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن قوشۇنلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ھازىرقى يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايونغا كەلگەندە، ئۇدۇن قوشۇنلىرى ئۆزىنى ئوڭشاپ، كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن قاراخانىلار قوشۇنلىرىغا ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ زەربە بېرىدۇ ھەمدە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىدۇ. قاراخانىلار خانلىق قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى ئەلى ئارسلانخانمۇ دەل مۇشۇ قې-

تىملىق ئۇرۇشتا جېنىدىن جۇدا بولىدۇ.

بۇ دەۋرلەردە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى، شىمالىي قىسمى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن رايونلار قاراخانىلار سۇلالىسىگە تەۋە بولۇپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچى ناھايىتى زور ئىدى. گەرچە بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۇلارنىڭ نەچچە تۈمەن قوشۇنى ئۇدۇن قوشۇنلىرىغا يېڭىلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا كۈچى يەنىلا ناھايىتى زور ئىدى. شۇڭا ئەبۇ ھەسەن ناھايىتى تېزلىكتە يەنە نەچچە تۈمەن كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ ياردەمگە ئەۋەتىدۇ ھەمدە ئۆزى شەخسەن قوماندانلىق قىلىپ، ئۇدۇن قوشۇنلىرىغا ئۈزلۈكسىز تۈردە قوغلاپ زەربە بېرىدۇ. ھازىرقى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ كۆكيار دېگەن يېرىگە كەلگەندە ئىككى تەرەپ يەتتە كېچە - كۈندۈز شىددەتلىك جەڭ قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇدۇن قوشۇنلىرىدىن نۇرغۇن لەشكەر قىرىلىپ كېتىدۇ. قاراخانىلار قوشۇنلىرىنىڭ ياردەمچى قىسىملىرىمۇ ئېچىنىشلىق قىرىلىپ كېتىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قاراخانىلار خانلىق قوشۇنلىرىنىڭ مۇھىم قوماندانلىرىدىن بولغان بۇرۇنقى بۈيۈك خان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئوسمانمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى بىلەن قاراخانىلار سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا يىگىرمە ئالتە يىلغىچە ئۇرۇش بولمايدۇ.

مىلادى 996 - يىلى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قەشقەردە قوراللىق قوزغىلاڭ يۈز بېرىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى دەرھال نەچچە تۈمەن كىشىلىك يىراققا يۈرۈش قىلىش قوشۇنى تەشكىللەپ، قەشقەر شەھىرىنى قورشىۋالىدۇ. ئۇدۇن قوشۇنلىرى شەھەر ئىچىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئوبدان ماسلاشقانلىقتىن بىر ھۇجۇم بىلەنلا

قەشقەر شەھىرىنى بويسۇندۇرىدۇ. ئەبۇ ھەسەن ئوتتۇرا ئاسىيادى-
كى ئىككى دەريا ۋادىسىغا چېكىنىپ تۇرۇپ، پەرغانە، بۇخارا
قاتارلىق جايلاردىن ئەسكەر يىغىپ نەچچە تۈمەن كىشىلىك قوشۇن
تەشكىللەپ، قەشقەرگە دەھشەتلىك ھۇجۇم قىلىدۇ. كۈچلۈك
ھۇجۇم ئاستىدا قالغان ئۇدۇن قوشۇنلىرى ئامالسىزلىقتىن،
قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە چېكىنىپ، ئۆز ئېلىگە
قايتىپ، ئۇدۇننى مۇستەھكەم ساقلىماقچى بولىدۇ. قاراخانىلار
خانلىق قوشۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن قوغلاپ ھۇجۇم قىلىپ،
يېڭىسارنىڭ ئالتۇنلۇق دېگەن يېرىگە كەلگەندە، ئىككى تەرەپ
قاتتىق جەڭ قىلىدۇ. قارىخانىلار قوشۇنلىرى بۇ قېتىمقى ئۇ-
رۇشتا ئېچىنىشلىق چېقىمغا ئۇچرايدۇ. قاراخانىلار سۇلالىسى-
نىڭ بۇرۇنقى بۇيۇك خانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تۆتىنچى ئوغلى
بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ مۇھىم قوماندانى ھۇسەيىنمۇ ئۆلۈپ كې-
تىدۇ. ئەبۇ ھەسەن چېقىمنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقىغا قارىماي يەنە
داۋاملىق قوشۇننى كۆپەيتىپ شەخسەن قوماندانلىق قىلىپ ئۇدۇن
قوشۇنلىرىغا داۋاملىق قوغلاپ زەربە بېرىدۇ. يەكەن ئەتراپىدا يەنە
قاتتىق ئۇرۇشىدۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىككىنچى ئوغ-
لى يۇسۇپمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئەبۇ ھەسەن ۋە ئۇنىڭ
ئاچىسىمۇ مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كېتىدۇ. مەلۇماتلارغا
قارىغاندا، ئەبۇ ھەسەننىڭ ئاچىسى ئەلانۇر باتۇرلۇقتا تەڭدىشى
يوق، ئەلەم ۋە قەلەمدە كامالەتكە يەتكەن ئايال قوماندان ئىكەن.
ئۇدۇن قوشۇنلىرى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنى
ئوڭشاپ، قوشۇننى كەينىگە ياندۇرۇپ، غەربكە يۈرۈش قىلىپ،
قەشقەر شەھىرىنى يەنە بويسۇندۇرۇپ ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ئىگى-
لەپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى بىلەن قارىخانىلار
سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئالتىنچى قېتىملىق دەھشەت-
لىك ئۇرۇشتۇر. ئەبۇ ھەسەن ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەندىن كې-
يىن، ئۇنىڭ ئورنىغا يۇسۇپ قېدىرخان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ

ئۇلۇغ خانى بولىدۇ. يۈسۈپ قېدىرخانمۇ يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىككى دەريا ۋادىسىدا بىر يۈز قىرىق مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن تەشكىللەپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن قەشقەرنى قايتۇرۇۋالىدۇ. ئار- قىدىنلا ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلىپ، مىلادى 1006 - يىلى ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى ھاكىمىيىتىنى تارمار قىلىدۇ.

(بۇ رىۋايەت «گۆھەر زېمىن — خوتەن» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.)



# كىتاۋبەگ ۋە ئالتۇن يارۇق

قەدىمكى زاماندا، تىنجۇ دېگەن بىر يۇرت بولۇپ، ئۇ يەرگە كىتاۋ دېگەن بىر ئادەم بەگ ئىكەن. ئۇ مەلۇم بىر يىلى قىزىنىڭ توي ئىشى مۇناسىۋىتى بىلەن نۇرغۇن كالا، قوي، قۇشلارنى ئۆلتۈرۈپ، زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. توي تۈگەپ ئون كۈن ئۆتەر - ئۆتمەستىن كىتاۋبەگ پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. گەرچە كىتاۋبەگ ئۆلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەممە يېرى مۇزلاپ پەقەت يۈرىكىلا ئىسسىق تۇرغۇدەك. بەگنىڭ مۇلازىملىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى تۆت كۈن ساقلاپ، ئاخىر بولالماي ئاچچىقىپ كۆمۈشكە تەييارلىنىۋاتقاندا، كىتاۋبەگ تۇيۇقسىز تىرىلىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن چاكارلار قورقۇپ قېچىشقا تەمشىلىپتۇ. كىتاۋبەگ ئۇلارنى چاقىرىپ توختىتىپ مۇنداق دەپتۇ: «مەن تويدا ئۆلتۈرگەن جانلىقلار ئۇ دۇنياغا بېرىپ، تەڭرىگە ئەرز قىلدى. تەڭرىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن تۆت دېۋە كېلىپ مېنى (روھىمنى) تۇتۇپ تەڭرىنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ باردى. تەڭرى مېنى سوئال - سوراققا تارتتى. سوراقنىڭ ئاخىرىدا پەقەت «ئالتۇن يارۇق»نى كۆچۈرۈپ تارقاتسامىلا گۇناھىمنىڭ ساقىت بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.»

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇلازىملار كىتاۋبەگنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كەپتۇ. كىتاۋبەگ ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، بەگلىكىنىمۇ، مال، مۈلۈكىنىمۇ كېچىپ «ئالتۇن يارۇق»نى كۆچۈرۈشكە نىيەت باغلاپتۇ. كۆپ ئىزدىنىش ئارقىلىق كىتابنى تاغ ئارىسىدىكى بىر بۇتخانىدىن تېپىپ كېلىپ، كېچە - كۈندۈز ئولتۇرۇپ كۆچۈرۈپ «گۇناھىنى يۇيۇش» پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپتۇ.

(بۇ رىۋايەت «ئالتۇن يارۇق»تىن ئېلىندى.)

## توپ ئاتار غوجام

شۇ قەدەر گۈزەل، ھەيۋەت، مۇقەددەس چىن ماچىن دۆلەتىنىڭ تەڭرىتاغلىرىدا ياشايدىغان، ئالەمدە تەڭدىشى يوق، باتۇرلۇق، چىۋەرلىكتە، پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن «توپ ئاتار غوجام» دېگەن بىر باتۇر ئۆتكەنىكەن. بۇ ئادەم تەڭرىتاغلىرىنى قوغدايدىكەن. ئۇنىڭ شاپائىتىدىن بۇ يەردە ياشايدىغان ھەر قايسى قەبىلىلەر خاتىرجەم، ئىناق، توق تۇرمۇش كەچۈرۈپ، غەم – غۇسسىسىز ياشايدىكەن. شۇڭا ھېچقانداق بىرەر يات كۈچ بۇ يەرلەرگە قول سۇنۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن. ھەتتا ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغانلارنىڭ چۈشلىرى بۇزۇلۇپ، مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ، گاھىلىرى ئۇنىڭ سايىسىدىن ئۈركۈپ يۈرۈشىدىكەن.

چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپتۇ دېگەندەك، ھىندى ئەللىرىنى بويسۇندۇرۇپ قىنىغا پاتماي قالغان ئىران شاھى جەمشىد جاھان ئەينىكى ئارقىلىق دۇنيانى كۆزىتىپ، دۇنيادا تەڭداشسىز تەڭرىتاغلىرىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئەس – ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشقا تاسلا قاپتۇ. ئۇ ئېسىنى يىغىپ، قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈرۈشنىڭ چارىلىرىنى ئويلاپتۇ. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، شاھى جەمشىد جاھان ئەينىكىدە تەڭرىتاغ بويلىرىنى قايتا ئىنچىكىلەپ كۆرۈشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھەيۋەتلىك، سۈپسۈزۈك بوغدا كۆلى كۆرۈنۈپتۇ. ئۇنىڭ ئاستىدا بولسا پۈتمەس – تۈگىمەس ئالتۇن – جاۋاھىرلار؛ ئەتراپىدا ياپيېشىل ئورمان ۋە ئوتلاقلار، توققۇز ئېقىننى بويلاپ ئېقىۋاتقان زۇمرەت سۇلار؛ مال – چارۋىلار، ھەرخىل مېۋىلىك باغلار، ئېكىنزارلار نامايان بوپتۇ. شاھى

جەمشىد كەمەك ھەييار قاتارلىق ئالتە باتۇرغا[1] شۇنداق پەرمان قىلىپتۇلەركى:

— ئەسكەر تارتىپ بۇ گۈزەل زېمىننى دەرھال ئىشغال قىلىڭلار! — دەپتۇ.

— خوپ شاھ ئالىيلىرى، — دەپتۇ نۆۋكەرلەر، — پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرمەي ھەرگىز قايتمايمىز.

— دەرھال ئاتلىنىڭلار، — دەپتۇ شاھ جەمشىد يەنە ئۇ يەرنى قولغا كىرگۈزمىگۈچە ئارقاڭلارغا قايتماڭلار.

— خوپ شاھ ئالىيلىرى، باش ئۈستىگە، — دەپتۇ نۆۋكەر-لەر. بۇ بىر توپ ئاتارمەن — چاپارمەنلەر ئەس — ھوشىنى يوقاتقىنىچە تەڭرىتاغلىرى تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئۇلار ھىندى تاغلىرىدىن ھالقىپ كوئېنلۇن تاغلىرىغا يېتىپ بېرىپتۇ. يەنە داۋاملىق ئۇچۇپ تەڭرىتاغلىرىدىكى جەمشىد شاھ ئېيتقان تەڭرى كۆلىگە داخور كولىۋاغا كۆل ئاستىدىكى ئالتۇن ـ جاۋاھىرلارنى قاچىلاشقا باشلاپتۇ. شۇ پەيتتە توپئاتار غوجام:

— ئەي زۇغۇيلار، ئوغرىلار، ئالغان ئالتۇن ـ جاۋاھىرلار-نى دەرھال ئورنىغا قويۇڭلار؛ بولمىسا، مۇشۇ كۆلگە غەرق قىلىۋېتىمەن، — دەپ ئۈنلۈك ۋارقىراپتۇ. ئۇنىڭ ساداسىدىن يەر ـ جاھان زىلزىلىگە كەپتۇ. تاغلاردىن قايتقان ئەكس سادا ئۇلارنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى تىترىتىپ يۈرىكىنى غايەت زور بىر كۈچ غايىبتىن مۇجۇۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلاپتۇ. كەمەك ھەي-يار بۇرادەرلىرىگە:

— ئۇنىڭ بىر ۋارقىرىشى بۇنچىلىك بولسا، ئاتقان توپى بىزنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتەمدۇ نېمە؟ — دەپتۇ. توساتتىن بوغدا كۆلى دەھشەتلىك چايقىلىشقا باشلاپتۇ. كەمەك قاتارلىق زۇغۇيلار كۆل سۈيىنىڭ چايقىلىشىدىن ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ. توپئاتار غوجام ئۇلارنىڭ ئالدىغا پەيدا بولۇپ ئۇلارنى بىردىنلا

---

① ئالتە باتۇر ـ كەمەك ھەييار، مەلىكە پايمال، زۇھاك، قۇززات، پەررۇ ئاددىي تەرىقىقۇل ئېقىل، بادىرەتپار قاتارلىق جادۇگەر پالۋانلار.

ئالىقىنىغا ئېلىۋاپتۇ ۋە:

— سىلەر بىكاردىن ـ بىكار ئاۋارە بولماڭلار، مېنىڭ ئىسمىم توپئاتار غوجام، ۋەزىپەم سىلەردەك ئوغرىلارنى تۇتۇش، ئەدىبىنى بېرىش، بىلىپ قويۇڭلاركى، مەنكى بوغدا، مەنكى ئادەم، مۇشۇ ساماۋى كۆلنىڭ مۇئەككىلى بولىمەن. تەڭرىتاغ ۋادىلىرىنى قوغداشقا مەسئۇلمەن! — دەپتۇ. زۇغۇيلار توپئاتار غوجامنىڭ ئالىقىنىدىن ھەرقانچە قىلىپمۇ چىقىپ كېتەلمەپتۇ. كەمەك ئۆزىنىڭ يەتمىش ئىككى تۈرلۈك ھۈنىرىنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، ئۇ ھۈنەرلەر كارغا كەلمەپتۇ. كەمەك بىلەن مەلىكە پايمال نائىلاج جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ساماۋى بوغدا كۆلىدىن سۇزۇۋالغان ئالتۇن ـ جاۋاھىرلارنى كۆلگە تاشلاپتۇ ۋە توپئاتار غوجامنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشنى ئىلتىجا قىپتۇ. توپئاتار غوجام:

— مەن مەردتۇرمەن، رەھىمدىلمەن، لېكىن دوستلارغا رەھىمدىلمەن. سىلەردەك زۇغۇيلارغا رەھىمدىللىك قىلمايمەن. بەلىپ قويۇڭلاركى، بۇ ئەزىز تەڭرىتاغلىرىنىڭ بىر تال گىياھى، ھەتتا بىر سىقىم تۇپرىقىغا قول سالغانلارغا ئامانلىق بەرمەيمەن، — دەپتۇ ـ دە، ئالقىنىدىكى زۇغۇيلارنى توپ ئاتقاندەك ئېتىپتىكەن، كوئېنلۇن تېغىدىن ھالقىپ چۈشۈپ ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، كەمەك قاتارلىق جادۇگەرلەرنىڭ پۇت ـ قوللىرى سۇنۇپ ئاران دېگەندە تەنلىرىنى سۆرىگىنىچە جەمشىد شاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن جەمشىد شاھ ئۆز ـ ئۆزىگە: بۇ بىر زور خورلۇق بولدى. بۇ خورلۇقنى تارتماسقا نە ئامال ـ چارە، بۇ پاجىئەگە سېنىڭ سۈكۈت قىلماقتىن باشقا چارەڭ يوق، — دەپتۇ پىچىرلاپ ۋە زەھەر يۇتۇۋالغان يىلاندەك تولغىنىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: خېۋىر تۆمۈر ، توقسۇندىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشتىن پېنسىيەگە چىققان.

توپلىغۇچى: زۇنۇن رېھىم، سايباغ رايونىدا ئىشلەيدۇ.

# فارابى

## 1

شىمالىي سۇرىيە ھۆكۈمرانى، ھەمدانى سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى سەيپۇل دەۋلە 943 ـ يىلى دەمەشق شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرغان كۈنلەردە، فارابى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىدۇ. ئىبن خەللىكاننىڭ قىزىقىپ ھېكايە قىلىشىچە، بىر كۈنى فارابى پىيادە مېڭىپ سەيپۇل دەۋلە (915 ـ 967) نىڭ ياسىداق ئوردىسىغا كىرىپ كېلىدۇ. ياش پادىشاھنىڭ ساردىيىغا توپلانغان ھەرخىل مۆتىۋەرلەر ھەرخىل ئىلمىي مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلىشىۋاتاتتى. ئۇلار ئۈستىگە تۈركىي كىيىم كىيگەن فارابىنى تونۇمايتتى. پادىشاھ بۇ ناتونۇش كىشىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندا، فارابى پادىشاھقا: «خالىغان جايدىمۇ ياكى بەلگىلەنگەن جايدىمۇ؟» دەپ سوئال قويىدۇ. سەيپۇل دەۋلە ئۇنىڭغا: «خالىغان جايدا» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. فارابى كىشىلەر ئالدىدىن ئۆتۈپ، توپتوغرا سەيپۇل دەۋلە يېنىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ. سەيپۇل دەۋلەنىڭ يېنىدا مۇھاپىزەتچى مەمەلىك ئولتۇرغانىكەن. ئۇ سەيپۇل دەۋلەگە ئۆزلىرى چۈشىنىدىغان ئايرىم تىل بىلەن: «بۇ شەيخ ئەدەپسىزلىك قىلدى، مەن ئۇنىڭغا بىر قانچە سوئال قويۇپ كۆرەي، جاۋاب بېرەلمىسە، ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرەيلى» دەيدۇ. بۇ تىلنى فارابى ياخشى بىلەتتى. فارابى دەرھال ئۇنىڭغا: «ئەمىر، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، ھەر

قانداق ئىشقا پەقەت ئۇنىڭ ئاخىرىدىلا باھا بېرىش كېرەك» دەيدۇ. سەيپۇل دەۋلە فارابىدىن: «سىز بۇ تىلنى بىلەمسىز؟» دەپ سورىغاندا، فارابى: «بىلىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. سۆھبەت باشلىنىدۇ، ھەر خىل ئىلمىي تېمىدىكى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. پەقەت فارابىلا بۇ مەسىلىلەرگە روشەن ئىزاھات بېرەلەيدۇ. سەيپۇل دەۋلە فارابىدىن: «ئىچىملىك ئىچىشنى خالامسىز؟» دەپ سورايدۇ. فارابى: «ياق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. «تاماق يېيىشنى خالامسىز؟» دەپ سورايدۇ. فارابى يەنە «ياق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. «مۇزىكا ئاڭلاشنى خالامسىز؟» دەپ سورىغاندا، فارابى: «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. فارابىنىڭ ئىلمىدىن قايىل بولغان سەيپۇل دەۋلە ئۆز سارىيىدىكى ئاتاقلىق سازەندىلەرنى چاقىرىپ نەغمە قىلدۇرىدۇ. فارابى سازەندىلەرنىڭ ماھارىتىدىن نۇقسان تاپقاچقا، سەيپۇل دەۋلە فارابىدىن: «سىز بۇ ساز ئۇستىلىرىدىنمۇ ياخشىراق چالىدىغان ئوخشىمامسىز؟» دەپ سورايدۇ. فارابى: «شۇنداق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ھەم بەلبېغىغا ئورالغان قۇتىدىن بىر تال تارنى ئېلىپ، مۇزىكىنى سازلاپ چېلىشقا باشلايدۇ. ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ تۇنجى مۇزىكىسىنى ئاڭلاپ روھلىنىدۇ، ئىككىنچى مۇزىكىسىنى ئاڭلاپ يىغلىشىدۇ. فارابى ئۈچىنچى مۇزىكىسى بىلەن ئۇلارنى ئۇخلىتىپ قويۇپ سارايدىن تەنھا چىقىپ كېتىدۇ. سەيپۇل دەۋلە بۇ شەيخنىڭ فارابى ئىكەنلىكىنى شۇ ۋەقەدىن كېيىن بىلىدۇ ۋە ئۇنى ئۆز ھەرىمىگە تەكلىپ قىلىپ ئۇستاز تۇتىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، سەيپۇل دەۋلە ئوچۇق چىراي، سۆزمەن، مەلۇماتلىق، تەدبىرلىك، ئىلىم - سەنئەت سۆيەر بولۇش بىلەن بىللە، ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن بىر قەدەر ماھارەتلىك ئىكەن.

ئىبن خەللىكاننىڭ كۆرسىتىشىچە، ھەر قايسى خەلىپىلەردىن كېيىن خانلىق سارايلىرىغا توپلانغان شائىر — ئەدىبلەر،

ئالىم ـ قەيسەرلەر سەيپۇل دەۋلە سارىيىغا توپلانغاندەك كۆپ بولمىغان. سەيپۇل دەۋلە سارىيىدا ماھىر يازغۇچى ساھىپ ئىبن ئەببەد (995 ـ يىلى ئۆلگەن) ۋەزىرلىك قىلاتتى. بۇ سارايدا توققۇز يىل ئىشلىگەن شۆھرەتلىك ئەرەب شائىرى ئەبۇ تەيىب ئەل مۇتە نەببى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەشھۇر ئالىم ۋە شائىرلار ئوخشىمىغان جايلاردىن كېلىپ بۇ يەرگە توپلانغانىدى. مۇتە نەببى فارابى بىلەن يېقىندىن تونۇشقان.[①]

## 2

يەتتىسۇنىڭ بالاساغۇن دېگەن يېرىدە ئۆتكەن مەۋلانە شەيخ ئەبۇ ناسىر فارابىدۇر. بۇ ئەزىز ھەزرىتى ئىمام مۇھەممەد غەززا-لى[①] ھەزرىتى ئىمام رازىلار[②]دىن ئارتۇق كامالەت تاپقان، دىنىي ئىلىملەردە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن، پەننى ئىلىملەردە ئىبن سىنادىنمۇ[③] ئۈستۈن ئىدىكى، شەرىئەت ئىلمى، تەرىقەت ئىلمى، تەفسىر، ھەدىس، تېۋىپلىق، پەلسەپە، ئىدېئولوگىيە، ئەدەبىيات-تىن تارتىپ شاھمات، نەرد ئويۇنلىرىغىچە بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى. جۇملىدىن مۇزىكا ئىلمىدىمۇ ناھايىتى يېتىلگەنىدى. قا-لۇننى ئۆز قولى بىلەن ياساپ، سىم تارتىپ چالغان ۋە سازەندە شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەنىدى. راك، ئوشاق مۇقاملىرىنى ۋە ئو-شاقنىڭ مەرغۇللىرىنى ئىجاد قىلىپ ئالەمگە يايغان ھەم شاگىرت-لىرىغا ئۆگەتكەنىدى. ھازىرمۇ ھەممە سازەندىلەرگە مەلۇم بولغان ئۆزھال مۇقامىنى ۋە ئۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى مەرغۇللىرىنى كەشىپ قىلغانىدى. «رىسالەئى مۇغەننىيۇن» (سا-

---

① ئىمام مۇھەممەد غەززالى (1059 — 1111) خۇراسانلىق ئالىم.

② ئىمام پەخرى رازى (1149 — 1209) ئەرەب پەيلاسوپى.

③ ئىبنى سىنا — ئەبۇ ئېلى ئىبن سىنا، ئۇ مىلادى 980 ـ يىلى بۇخارانىڭ يېنىدىكى بىر قىشلاقتا دۇنياغا كەلگەن، مىلادى 1037 ـ يىلى ھەمەداندا ۋاپات بولغان.

زەندىلەر رىسالىسى) دېگەن كىتابىدا: «مۇزىكىنىڭ تىلسىز مۇڭ-
لىرى ئىنساننىڭ روھىغا مەنىۋى ئوتنى تۇتاشتۇرغۇچى ئامىل-
دۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا شېئىر قوشۇلسا، ئۇ مۇڭنىڭ نېمە ئىكەنلى-
كى مەلۇم بولىدۇ» دەپ ئېيتقان ۋە يەنە: «يۈز يىل ئىبادەت
قىلىپ ئالالمىغان پەيزنى مېنىڭ قالۇنۇمنىڭ سىملىرىدىن ئالغاي-
سىزلەر» دېگەن. بۇ ئەزىز تۈرلۈك ئىلىملەر ھەققىدە بىر يۈز
ئون تۆت پارچە كىتاب يازغان.②

① ئا. مۇھەممەتئىمىننىڭ «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى.

② مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.



# سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان

## 1

ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تۇغۇلغان كۈنى يەر شىدداق تەۋرەپتۇ، يەردىن سۇ چىقىپ، بۇلاقلارنىڭ سۈيى راۋان بوپتۇ. قىش كۈنى بولسىمۇ گۈللەر ئېچىلىپ، زېمىن يېشىللىققا ئايلىنىپتۇ. بۇ ئىشقا ھەيرانۇ ھەس بولغان مۇنەججىم، ئەھلى پاراسەتلىكلەر قۇرئى ئېچىپ: «بۇ ئوغۇل جاھانگىر (جاھاننى بويسۇندۇرغۇچى) بولىدۇ، مۇھەممەدنىڭ دىنىغا كىرىدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىپتۇ. بۇ ھۆكۈمنى ئاڭلىغان بۇددىستلار «بۇ بەچچە بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز ئىكەن» دەپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇشۇپتۇ. ئەمما، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئانىسى ئۇلارنى توسۇۋېلىپ ئۆلتۈرگىلى قويماپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى ئاتىسى قازا قىلىپ كېتىپ، ئانىسىنىڭ ھېمايىچىلىرىدىن ھارۇن بۇغراخاننىڭ تەربىيىسىگە قاپتۇ.

ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇقنىڭ تەڭ دېمەتلىكلىرىدىن قىرىق ئاغىنىسى بار ئىكەن. بۇ قىرىق ئاغىنە ھەر كۈنى يىغىلىپ بەزمە باراۋەت قىلىپ كۆڭۈل ئاچىدىكەن، شىكارغا چىقىپ ئوۋ ئوۋلايدىكەن، ئاخشىمى كۆڭۈل ئىزھارلىرىنى ئېيتىپ ھەمسۆھبەت بولىدىكەن.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئون ئىككى ياشقا تولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىرىق ئاغىنىسى بىلەن شىكارغا چىقىپتۇ. بىر تىكەننىڭ يېنىغا كېلىشىگە ئۇنىڭ تۈۋىدىن بىر توشقان چىقىپ قې-

چىشقا باشلاپتۇ. ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق توشقاننى قوغلاپتۇ. توشقان بىر جايغا بېرىپ توختاپتۇ. سۇلتان توشقاننى ئەمدى ئاتاي دەپ تۇرۇشىغا، توشقان بىر مەردى كالانغا ئايلىنىپتۇ ھەمدە سۇلتان سۇتۇققا:

— كېلىڭ ئەي پەرزەنتىم، پېقىر سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزدا بولۇپ يۈرەتتىم. ئەلھەمدۇلىللا، سىزگە تەنها مۇيەسسەر بولدۇم. ئاتتىن چۈشۈڭ، ماڭا قاراپ قەدەم ئېلىڭ. بىر نەچچە ئېغىز سۆزۈم بار، ئېيتاي، — دەپتۇ. ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇ ئىشقا ھەيران قاپتۇ ھەمدە ئاتتىن چۈشۈپ، مەردى كالاننىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپتۇ. مەردى كالان:

— ئەي پەرزەنتىم، سىزنىڭ بەختىڭىز مېنىڭ بەختىم، سىزنىڭ نازۇك بەدىنىڭىزنى ئاتەشى دوزاختا قالمىسۇن دەيمەن. سىز نېمە ئۈچۈن بۇتقا چوقۇنۇپ كۇپرى بىدئەتنى لازىم قىلىسىز؟ سىزنى ياراتقان خۇدايىڭىز بار. شۇ خۇدانىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەر يۈرگەن يولدا يۈرۈڭ، — دەپتۇ ھەمدە پەيغەمبەرنىڭ كىملىكىنى، دوزاخنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. ھەزرىتى سۇلتاننىڭ كۆڭلىدە بىر ۋەھىمە پەيدا بوپتۇ. مەردى كالاننىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، مەردى كالانغا كۈندە بىر قېتىم مۇلاقەت بولۇپ تەلىم ئېلىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئەمما مەردى كالان: «ئەي پەرزەنت، سىز ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولۇپ، تەلىم بېرىپ، تەربىيە قىلىپ، كامالەتكە يەتكۈزىدىغان كىشى پات پۇرسەتتە يېتىپ كېلىدۇ» دەپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئەسلىدە بۇ مەردى كالان ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىكەن. ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق خېلى ئۆزۈن ۋاقىتقىچە ئۆزىنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالامغا يولۇققانلىقىنى ۋە كەلىمەتەييىبىنى ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ھېچ كىشىگە تىنىماپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق قىرىق ئاغىنىسى بىلەن يەنە ئوۋغا چىقىپتۇ. شىكار قىلا - قىلا ئاتۇشتىكى

«باقۇ» دېگەن يەرگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا بۇ يەردە بىر قانچە خۇش سۇرەت، ياخشى ئەخلاقلىق ئادەملەر ئولتۇرۇشقۇدەك. يۈك-تاقلىرىمۇ ئوچۇق - ئاشكارا تۇرغۇدەك. ھەزرىتى سۇلتان بۇلارنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ھەمدە بۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە كارۋانلارنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. كارۋان باشلىقى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ھەزرىتى سۇلتانغا سالام قىپتۇ. ھەزرىتى سۇلتان ئاتتىن چۈشۈپ كارۋان باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. كارۋان باشلىقى ھەزرىتى سۇلتاننى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئالدىغا ماتا قويۇپتۇ. ھەزرىتى سۇلتان «خىزىر ئېيتقان كىشى شۇ بولسا كېرەك» دەپ گۇمانلىنىپ، كارۋان بېشىدىن سوراپتۇ:

— ئېتىڭىز نېمە؟

— ئېتىم ئەبۇ نەسىر سامانى.

ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان «خىزىر ئېيتقان كىشى مۇشۇ ئىكەن» دەپ ئويلاپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. بۇ كۈنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئەبۇ نەسىر ساماندىن ئىسلام ئەقىدىلە-رىگە ئائىت نۇرغۇن بىلىملەرنى سوراپ بىلىۋاپتۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ ھەر كۈنى يېرىم كېچىدە بۇ يەرگە كېلىپ ئەبۇ نەسىر ساماندىن تەلىم ئېلىپ، ھەپتىيەك ۋە قۇرئاننى يادقا ئوقۇشنى بىلىپتۇ. دەل ئالتە ئاي بولدى دېگەندە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئۆزىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى قىرىق بۇرادىرىگە بىلدۈرۈپتۇ ھەمدە ئۇلارغا: «ئەي يارەنلىرىم، ئەگەر ماڭا دوست - ئاشنا بولساڭلار ماڭا ئوخشاش ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇڭلار...» دەپ نەسىھەت قىپتۇ. قىرىق بۇرادەر-نىڭ بەزىسى ئۆز ئىختىيارىچە مۇسۇلمان بوپتۇ، بەزىسى ھەزرىتى سۇلتاندىن قورقۇپ مۇسۇلمان بوپتۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئەبۇ نەسىر ساماندىن مۇسۇلمانچىلىقتىن تەلىم ئالسا، يەنە بىر تەرەپ-تىن يېقىن كىشىلىرىنى مۇسۇلمانچىلىققا دالالەت قىپتۇ. ئاز ئۆتمەي مۇسۇلمان بولغانلار ئالتە يۈزدىن ئېشىپتۇ.

هارۇن بۇغراخان بۇددىستلىقتا تاشتىنمۇ قاتتىق، لەشكىرىمۇ تولا ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى هارۇن بۇغراخان چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئۇنىڭغا بىر شىرنىڭ پەنجە ئۇرغانلىقى ئايان بوپتۇ. ئۇ قورقۇپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى بۇ چۈشىنىڭ تەبىرىنى هەزرىتى سۇلتانىنىڭ ئانىسىدىن سوراپتۇ. هەزرىتى سۇلتانىنىڭ ئانىسى:

— بۇنداق چۈشنى شەيتانى دەيدىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بىراق هارۇن بۇغراخان تازا خاتىرجەم بولالماپتۇ. ئۇ ئايغاقچى قويۇپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلىپ قاپتۇ. ئۇ بەگ، ۋەزىر، ئۇمىرالىرىنى يىغىپ ئۆزىگە دۈشمەن پەيدا بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بەگ، ۋەزىر، ئۇمىرالار كېڭەش قىلىشىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلىشىپتۇ. ئەتىسى بۇ قاراردىن سۇلتان سۇتۇقنىڭ ئانىسى خەۋەر تېپىپ هارۇن بۇغراخانىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا:

— شۇنچە يىلدىن بۇيان مۇشەققەت بىلەن ئاران چوڭ قىلغان بالامنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرىسىلەر؟ — دەپتۇ. بۇ سۆزگە راسا ئاچچىقى كەلگەن هارۇن بۇغراخان:

— ئەي خوتۇن، بىزنىڭ دىنىمىزدىن يېنىپ، مۇھەممەدنىڭ دىنىغا كىرگەندىنمۇ يامان گۇناھ بارمۇ؟ — دەپتۇ.

ئانىنىڭ هەزرىتى سۇلتانغا مېھرى - مۇھەببىتى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىكەن. شۇڭا ئۇ هارۇن بۇغراخانغا:

— بالامدىن ئىمتىهان ئېلىپ باق، بالامنىڭ هەقىقەتەن مۇھەممەدنىڭ دىنىغا كىرگەنلىكى ئىسپاتلانسا ئاندىن ئۆلتۈرسەڭمۇ كېچىككەن بولمايسەن، — دەپتۇ. هەزرىتى سۇلتانىنىڭ ئاتىسىنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى ئوردىدا خىزمەت قىلىدىكەن. ئۇ كىشىمۇ: «شۇنداق، ئاۋۋال سىناش كېرەك» دەپ هەزرىتى سۇلتانىنىڭ ئانىسىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپتۇ. بۇ سۆز هارۇن

بۇغراخانغا ماقۇل كەپتۇ. ئۇ بەگ، ۋەزىر، ئۇمىرالىرى بىلەن كېڭەش قىلىپ بۇتخانا سالماقچى، بۇتخانىنىڭ خىشلىرىنى ھەزرىتى سۇلتانغا قويدۇرماقچى بولۇشۇپتۇ. خىشلارنى تەييار قىلغاندىن كېيىن ھەزرىتى سۇلتانغا كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنى چاقىرتىپتۇ. ھەزرىتى سۇلتان كەپتۇ. ھارۇن بۇغراخان:

— ئەي پەرزەنت، سېنى بىزنىڭ دىنىمىزدىن يېنىپ، مۇھەممەدنىڭ دىنىغا كىردى دېيىشىۋاتىدۇ، بۇ قانداق گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ. ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە قەسەم ئىچىپتۇ. بىراق، ھارۇن بۇغراخان ئىشەنمەپتۇ. ئۇ سۇلتان سۇتۇققا: «بىز بىر بۇتخانا ياسىماقچىمىز، شۇ بۇتخانىنىڭ ئۇلىنى سەن قويىسەن. ئانداق، قىلالامسەن؟» دەپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئەندىشە ئىچىدە قاپتۇ. «قانداق قىلسام بولار» دەپ خىيال ئىلكىدە تۇرغاندا ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ھازىر بولۇپ: «ئەي پەرزەنت، ھەرگىز ئىككىلەنمە، مەسچىت دەپ ئۇلىنى قويىۋەر» دەپ قويۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئۇلارنىڭ شەرتىگە ماقۇل بوپتۇ. پەشلىرىنى قىستۇرۇپ يارەنلىرى بىلەن بىرلىكتە بۇتخانىغا ئۇل قويۇشقا باشلاپتۇ. تۆتىنچى خىشنى ئېلىپ قويااي دەپ تۇرغاندا ھارۇن بۇغراخان چاقىرىپ: «ئەي پەرزەنت، توختا، سېنى بۇنىڭدىن زىيادە تۇپراققا بۇلغاشقا تاقىتىم يوق. ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم. نېمە قىلىشنى خالىساڭ شۇنى قىل» دەپتۇ.

ئەتىسى ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى ئەھۋالدىن خەۋەردار قىپتۇ ۋە:

— ئەي بۇزرۇكۋارىم، كۇنلەرنىڭ بىرىدە بۇددىستلار بىزنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمىزنى بىلىپ قالسا ھەممىمىزنى ئۆلتۈرىدۇ، شۇڭا ئىلاجىنى قىلمىساق بولمايدۇ، — دەپتۇ.

ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ھازۇن بوغراخانغا قارشى ھۇجۇم قىلماق بوپتۇ. تاڭلا كېچىسى ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق قىرىق نەپەر كىشى بىلەن ئەبۇ نەسىر سامانىنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ

ۋە ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. ئىسلام لەشكەرلىرى ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇ يەردىكى تۆت يۈز ئاتنى، جەڭ سالاھىنى، بىر ئايغا يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈكنى ئېلىپ قايتىپ چىقىپتۇ. ئەتىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ھارۇن بۇغراخاننىڭ بېشىنى غەم دەرياسى بېسىپتۇ. قىرىق مىڭ لەشكەر بىلەن تۆگە تاغنى قورشاپتۇ. بۇددىستلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ باشلىنىپ يەتتە كېچە - كۈندۈز داۋام قىپتۇ. ئۇلاردىن بەش مىڭ كىشى، مۇسۇلمانلاردىن يۈز كىشى جېنىدىن جۇدا بوپتۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ سېپى كۈندىن - كۈنگە ئاۋۇپ ئون ئىككى مىڭغا يېتىپتۇ. مۇسۇلمانلار زەپەر قۇچۇپ بۇددىستلارنى چېكىندۈرۈپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئاتلار ئورۇقلاپ، ئوزۇق - تالقانلار تۈگەپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئەبۇ نەسىر سامانى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، خۇداغا تەۋەككۈل قىلىپ ئاللادىن نېمە كەلسە شۇنى كۆرۈشكە بەل باغلاپتۇ. تاڭلا كېچىسى سۇتۇق بۇغراخان ئون ئىككى مىڭ لەشكەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئوردىغا كەپتۇ. باش توخۇ چىللىغاندا، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان شەمشىرىنى يالىڭاچلاپ ئوردىغا كىرىپتۇ. ھارۇن بۇغراخان قاتتىق ئۇيقۇدا، بىر خىزمەتكارى بېشىدا چىراغ ياندۇرۇپ ئولتۇرۇپتىكەن. ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق «ھارۇننىڭ بېشىنى كېسەي» دەپ شەمشىرىنى تەڭلەپتۇيۇ، ئەمما: «دۈشمەننى ئۇخلاۋاتقاندا ئۆلتۈرۈش مەردلىك ئەمەس. ياخشىسى ئۇنى ئىمانغا دەۋەت قىلاي. ئېھتىمال ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئەگەر ئىمان ئېيتىشقا ئۇنىمىسا ئاندىن ئۆلتۈرەي. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ تۇزىنى يېگەنمەن» دەپ ئويلاپ شەمشىرىنىڭ ئۇچىنى مارۇن بۇغراخاننىڭ پۇتىغا سانجىپتۇ. ھارۇن بۇغراخان چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. قارىسا سۇلتان شەمشىرىنى يالىڭاچلاپ تۇرغۇدەك. ھارۇن دەپتۇكى: «ئەي سۇلتان، سەندە شۇنچە دۆلەت تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسەن.»

ھەزرىتى سۇلتان: «قۇرۇق گەپنى قويۇپ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغىن» دەپتۇ. ھارۇن ئۇنىماپتۇ. ھەزرىتى سۇلتان شەمشىرىنى نەچچە قېتىم تەڭلەپ، ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ھەققىنى ئويلاپ ياندۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر بولالماي ئاللا دەرگاھىغا مۇراجىئەت قىلىپ: «ئىبارا خۇدايا، سەن ھەممىنى بىلىسەن. بارچىنى كۆرۈپ تۇرىسەن. بېشىنى كېسەي دەپ نەچچە مەرتىۋە شەمشەر تەڭلىدىم. يەنىلا تۇز ھەققىنى ساقلىدىم. قەھرىڭ بىلەن ئۇنى يەرگە يىتتۇرسەڭ» دەپتۇ. سۇلتاننىڭ دۇئالىرى ئىجابەت بوپتۇ. يەر تىترەپ - تەۋرەپ ھارۇننى سىنەسىغىچە يۇتۇپتۇ. ھەزرىتى سۇلتان: «ھازىر ئىمان ئېيتساڭمۇ كېچىككەن بولمايسەن. خۇدايتائالا سېنى بۇ بالادىن خالاس قىلسۇن. ساڭا دۇئا قىلاي» دەپ ھارۇنغا نەسىھەت قىپتۇ، بىراق ھارۇن: «سېنىڭ دىنىڭغا كىرگىنىمدىن يەرگە كىرگىنىم تۈزۈك» دەپ ئىمان ئېيتىشنى يەنىلا رەت قىپتۇ. ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق غەزەپكە كېلىپ دۇئاغا قول كۆتۈرگەنىكەن، يەر يېرىلىپ ھارۇننى پۈتۈنلەي يۇتۇپ كېتىپتۇ. شۇ زامان سۇبھى يورۇپ، ئالەم نۇرلىنىپتۇ. سۇلتان سۇتۇقنىڭ كارامەتلىرىنى كۆرگەن لەكمىڭ - لەكمىڭ ئادەم دەرھال ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بوپتۇ. سۇلتان نۇتۇق بۇغراخان پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ پۈتۈن يۇرتنى ئىسلامغا مۇشەررەپ قىپتۇ. ئاتۇش مەشھەتتىكى ھارۇن بۇغراخان يۇتۇلۇپ كەتكەن جاي شۇندىن باشلاپ «يەر يۇتتى» دەپ ئاتىلىشقا باشلاپتۇ.

2

قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ سۇلتانى سۇتۇق بۇغراخان ئەبۇ نەسىر سامانى دېگەن كىشىدىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۆز ئىسمىنى ئابدۇلكېرىم دەپ ئۆزگەرتىپ، پۈتكۈل قاراخانىلار دۆلىتى تەۋەسىگە ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ

تىكلەپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، سۇتۇق بۇغراخان چۈشىدە نۇرانە چېھىر، شېرىن سۆز بىر ئاقساقال بوۋاينى كۆرۈپتۇ. ئۇ: «ئوغلۇم، سەن ئەتە كۈنپېتىش تەرەپكە سەپەر قىلغىن، جاھاننىڭ سىرلىرىدىن خەۋەردار بول. سەپەردە ساڭا بىرىنچى قېتىم بىر نەرسە ئۇچرايدۇ، سەن ئۇنى كۆمۈۋەت. ئىككىنچى قېتىم بىر ئىشقا يولۇقىسەن، سەن ئۇنى قۇتۇلدۇر. ئۈچىنچى قېتىم بىر نەرسىگە يولۇقىسەن، سەن ئۇنى مەيۈسلەندۈرمەي، تەلىپىنى قاندۇر، نائۇمىد قالدۇرما. تۆتىنچى قېتىم ئالدىڭغا ئۇچرىغان نەرسىنى ئىككىلەنمەي يەۋەتكىن. بەشىنچى قېتىم بىر ئىشقا يولۇقىسەن، ئۇ نەرسىگە قاراپمۇ قويماي دەرھال قاچقىن» دەپتۇ ـ دە، غايىب بوپتۇ.

سۇتۇق باغراخان ئويغىنىپ بۇ ئىشنىڭ چۈشى ئىكەنلىكىگە ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ. ئەتىسى سۇتۇق بۇغراخان ئەبۇ نەسىر سامانىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، كېچە كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ ھەم تەبىر بېرىشىنى سوراپتۇ. ئەبۇ نەسىر ساماني:

— كىبرەملىك سۇلتانىم، جانابلىرى چۈشلىرىدە كۆرگەن كىشى خىزىر ئەلەيھىسسالامدۇر. سىلىنىڭ سەپەر قىلىشلىرى خىزىرنىڭ تاپشۇرۇقىدۇر. سىلى دەرھال سەپەرگە ئاتلانسىلا قانداق؟ دەپتۇ.

سۇتۇق بۇغراخان ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. خېلى ئۇزۇن يول يۈرۈپ بىر قۇملۇققا يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەردە خىزىرنىڭ دېگىنىدەك سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئالدىغا بىر ئالتۇن تاۋاق ئۇچراپتۇ. ئۇ ئالتۇن تاۋاقنى كۆمگەنىكەن، تاۋاق يەنە توپىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. تەكرار كۆمگەن بولسىمۇ، تاۋاق ئوخشاشلا توپىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. سۇتۇق بۇغراخان يولنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ.

ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭغا بىر كۆك كەپتەر ئۇچراپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئۇ نالە قىلىپ «مېنى قۇتۇلدۇرغىن» دەۋاتقۇدەك،

سۇتۇق بۇغراخان ئۇنى چاپىنىنىڭ يېڭىگە يوشۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئۇچىنچى قېتىم بىر لاچىن ئۇچراپتۇ. ئۇ:

— ھەي ئادەمزات، كەپتەرنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. سۇتۇق بۇغراخان:

— ھەئە، كۆردۇم. ئۇنى يېڭىمگە يوشۇرۇپ قويدۇم، — دەپتۇ. لاچىن:

— مەن ناشتا قىلمىغىلى ئۈچ كۈن بولدى. ئولجامنى قايتۇرۇپ بەرمىسەڭ تۈگەشكىنىم شۇ، — دەپ يېلىنىپتۇ. سۇتۇق بۇغراخان لاچىنغا يوتىسىدىن بىر لوقما گۆش شىلىپ بېرىپتۇ. لاچىن رازى بولۇپ ئۆز يولىغا مېڭىپتۇ. كەپتەرمۇ خەتەردىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

سۇتۇق بۇغراخان يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. تۆتىنچى قېتىم خېلى يىراقتا ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئىس ـ تۈتەك، قارا تۇمان قاپلىغان بىر چوڭ تاغ كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ بۇ تاغنى قانداقمۇ يەپ بولارمەن، دەپ غەم قىپتۇ. ئاخىر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ تاغنى يېيىش ئۈچۈن يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ تاغقا يېقىنلاشقانسېرى تاغ كىچىكلەۋاتقۇدەكمىش. ئۇ نۇرغۇن مەنزىلنى بېسىپ تاغنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارىسا، ئۇ تاغ ئەمەس، بەلكى بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى گىياھمىش، ئۇنىڭ شېخىدا ياڭاقتەك بىر تال مېۋە تۇرارمىش. سۇتۇق بۇغراخان ئۇنى ئېلىپ يەپتۇ. ئۇ مېۋە شۇنداق تاتلىق ۋە شېرىن ئىكەنكى، دۇنيادىكى ھەر قانداق مېۋىدىن تەملىك ئىكەن.

سۇتۇق بۇغراخان يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋېتىپ بەشىنچى قېتىم ئېشەك تاپىنىدەك سېسىق، بەتبۇي بىر نەرسىگە يولۇقۇپتۇ. ئۇنىڭدا بۇ سېسىقچىلىققا چىداپ تۇرغۇدەك سەۋر – تاقەت قالماپتۇ. ئۇ دەرھال ئارقىسىغا قاراپ قېچىپتۇ. شۇنداق قىلىپ سۇتۇق بۇغراخان بىر كۈنلۈك سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ.

ئەبۇ نەسىر سامانى سۇتۇق بۇغراخاندىن ھاردۇق سوراپ

ئوردىغا كەپتۇ. سۇتۇق بۇغراخان سەپەردە كۆرگەن كەچۈرمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ بېرىپتۇ ھەمدە سەپەر ئۈستىدە يولۇققان بەش ۋەقەنىڭ سىرىنى ئەبۇ نەسىر سامانىدىن سوراپتۇ.

ئەبۇنەسىر سامانى:

— كىرەملىك سۇلتانىم، ئۆزلىرى خىزىرنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن كۆمۈپ قويسىلا توپىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان ئالتۇن تاۋاق كىشىلەرنىڭ قىلغان ساۋابلىق ئىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى كىشىلەر باشقىلار كۆرسۇن - كۆرمىسۇن بىرەر ياخشى ئىش قىلسا، ئۇ ئىش ھامان بىر كۈنى جامائەتكە تونۇلىدۇ. بۇ ياخشى ئىش ۋە ياخشى خىسلەت ئۇنتۇلمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئەل ئاغزىدا ۋە دىلىدا مەدھىيىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى قېتىم كۆك كەپتەرنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشلىرى دۇنيادا ئاجىزلارنى كۈچلۈكلەرنىڭ بوزەك قىلىدىغانلىقىنى، خورلىنىشقا ئۇچرىغان ئاجىزلارغا يار - يۆلەك بولغان كىشىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئاللانىڭ ئۆزى ئۆستۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى قېتىم لاچىنىنىڭ سىلىدىن ئولجىنى قايتۇرۇپ بېرىشلىرىنى تەلەپ قىلىشى، سىلىنىڭ يوتىلىرىدىن بىر لوقما گۆشنى ئۇنىڭغا سېلىپ بېرىشلىرى — دۇنيادا كىشىنىڭ كىشىگە، نەرسىلەرنىڭ نەرسىلەرگە ھاجىتى چۈشىدىغانلىقىنى، ئەگەر بىرەر كىشىنىڭ ئىككىنچى بىر كىشىگە ھاجىتى چۈشسە، ئىككىنچى بىر كىشىدە بۇ ھاجەتنى راۋا قىلغۇدەك ئىمكانىيەت تۇرۇپمۇ ھاجەتنى راۋا قىلمىسا، ئېغىر گۇناھقا مۇپتىلا بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر شۇ كىشىدە ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىنى قاندۇرۇشقا پەقەت ئىمكانىيەت بولمىغان تەقدىردىمۇ، خۇددى سىلى يوتىلىرىدىن بىر لوقما گۆش كېسىپ لاچىننى رازى قىلغانغا ئوخشاش كىشىلەرنى، ئۆز قېرىنداشلىرىنى رازى قىلىش، ئۇلاردىن ھېچ نەرسىنى ئايىماسلىق، بىر - بىرىگە سادىق بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى؛ ساداقەتمەنلىك، مېھىر - ۋاپانىڭ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ياخشى خىسلەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. تۆتىنچى قېتىم سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا ئىس

ـ تۇتەك قاپلىغان ھەيۋەتلىك بىر تاغنىڭ ئۇچرىشى ۋە سىلىنىڭ سەۋر قىلىشلىرى، ئاخىرىدا ئالدىلىرىغا تاغ ئەمەس، مېۋىلىك گىياھ ئۇچرىغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ شۇ قەدەر تاتلىق، شېرىن بولۇشى — ئەگەر ئادەم سەۋر قىلىپ ئۆزىنى بېسىۋالسا، ئاچچىقىنى يەڭسە، خۇددى سىلىگە چوڭ كۆرۈنگەن تاغ بارا ـ بارا كىچىكلەپ، ئۇنىڭ ئورنىدىكى مېۋىنىڭ شۇ قەدەر شېرىن بولغىنىغا ئوخشاش ياخشى نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى، ئادەم غەزەپ-لەنگەندە ئەقىل قاچىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەشىنچى قېتىم سىلىگە ئۇچرىغان ئېشەك تاپىنىدەك بەتبۇي، سېسىق نەرسە، دەل غەيۋەت ـ شىكايەتنىڭ ئۆزىدۇر. غەيۋەت ـ شىكايەت ئېشەك تاپىنىدەك سېسىقتۇر. بۇ كىشىلەر غەيۋەت ـ شىكايەتتىن قې-چىش، غەيۋەتخورلارغا يېقىنلاشماسلىقى لازىملىقىنى، غەيۋەت ـ شىكايەتنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ، ئىناقلىق بوستانىغا غۇم ـ ئاداۋەت تېرىيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، — دەپتۇ.

سۇتۇق بۇغراخان ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ تەبىرىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. پۈتكۈل قاراخانىلار دۆلىتى تەۋەسىگە ياخشىلىق، ئۆز-ئارا ياردەم قىلىش، مادارا قىلىپ، ئازارلاشماسلىق، خەير ـ ئېھسان قىلىش، غەيۋەت ـ شىكايەت قىلماسلىق، بىر ـ بىرىگە ساداقەتمەن بولۇش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. مانا شۇنداق ئاقىل ۋە ئادىل پادىشاھنىڭ دەۋران سۈرۈشى بىلەن قاراخانىلار-دۆلىتى روناق تاپقانىكەن.

مۇللاھاجىنىڭ «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

# ئابدۇللا بۇغرا

ئابدۇللا بۇغرا سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاي دىسە ئايدىن چىرايلىق، كۈن دىسە كۈندىن چىرايلىق، ئەقىل - پاراسەتتە ئەپلاتوندەك، كۈچ - قۇدرەتتە رۇستەمدەك ئىكەن. ئات مىنىپ، ئوقيا ئېتىپ، ماھىرلىق بىلەن چەۋەندازلىق قىلىدىكەن. بۇرتى خەت تارتىپ، بالاغەتكە يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى ئۆتكۈزۈپ، دادىسىغا ھەمتاياق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بوپتۇ. رەقىبلەر ئۇنىڭ مەزمۇت چوڭ بولىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ھەسەت قىلىپ، كېچە - كۈندۈز قارغاپ، قان يۇتۇپ تۇرىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ ئاكىسى ئوسمان بۇغراخان بىلەن بىرلىكتە ئاتا - ئانىسىدىن بىسوراق ئوۋ ئوۋلاپ كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئېتىنى مىنىپ قەشقەردىكى خان ئوردىسىنىڭ شىمالىغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ۋاقىت بىلەن ھېسابلاشماي بەشكېرەم دەرياسىنى بويلاپ ئۇزاقلارغا يۈرۈپتۇ. كىم بىلسۇن، تۇيۇقسىز ھاۋا تۇتۇلۇپ، چاقماق چېقىپ، ئاسمان شىددەتلىك گۈلدۈرلەپ، يامغۇرلار شارقىراپ يېغىپ، دەھشەتلىك قىيان كېلىپ، بۇ ئىككى شاھزادىنى ۋەھىمىلىك قاينام ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئوردا نۆكەرلىرى بۇ پاجىئەنى شاھقا مەلۇم قىلىپ، تەرەپ - تەرەپنى ئىزدەپتۇ. كۆپ ئاختۇرۇپ، ھېچ يەردىن شەپىسىنى ئۇچرىتالماپتۇ. ئەتىسى كۈن نەيزە بويى ئۆرلەپ، ھۆل-يېغىن توختاپ، ھەسەنھۆسەن ئىنتايىن رەڭدار جىلۋىلىنىپ تۇرغان بىر دەقىقىدە بەش-

# قىزىلچى خېنىم

ئوردا خېنىمىنىڭ چىرايلىقتا كۈن بىلەن بەسلەشكۈدەك، ئەۋرىشىملىكتە ئايدىن قېلىشمىغۇدەك، جىگەرلىك، باتۇر بىر قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى قىزىلچى خېنىم ئىكەن.

ئوردا خېنىم خوتەنلىك كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، قىزىلچى خېنىممۇ باشقىلارنىڭ توسقىنىغا قارىماي ئۆزىنىڭ كېنىزەكلىرىنى باشلاپ، قولىغا قىلىچ، نەيزە، قالقان ئېلىپ، كۆپپارلار بىلەن جەڭ قىپتۇ.

قىزىلچى خېنىم جەڭدە ئەرچە ياسىنىۋالغانىكەن. ئۇنىڭ باھادىر ـ غەيرەتلىكلىكى، ئۇرۇشتىكى چېۋەر ـ چەبدەسلىكى ھېچبىر ئەردىن قېلىشماپتۇ. ئوردا خېنىم ئۆز قىزىنىڭ كارامەت ياخشى جەڭ قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، تەھسىن ئوقۇپتۇ. مۇسۇلمانلارمۇ بارىكاللا ئېيتىشىپتۇ. كۆپپارلار ئۇرۇش مەيدانىدا مۇنداق بىر باتۇرنىڭ بولۇشىدىن كۆپ ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ، قىزىلچا خېنىم ئۆز سىپىگە ھەر بىر قېتىم باستۇرۇپ كەلسە قىرىق قەدەم ئارقىغا شەرتسىز چېكىنىپتۇ. قىزىلچى خېنىمنى بىر ئامال قىلىپ بۇرۇنراق كۆزدىن يوقاتمىسا ئۆزلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇش مەيدانىدا غەلىبە قىلالماسلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇنىڭغا قاپقان قۇرماق بوپتۇ.

قىزىلچى خېنىمنىڭ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، كۆپپارلارنى لاغ ـ لاغ تىترىتىشى مۇسۇلمانلارنى چەكسىز شادلاندۇرغان بولسا، كۆپارلارنى قايغۇغا ساپتۇ. قىزىلچى خېنىم ئۆزىنىڭ

كېرەمنىڭ بۇچى كەنتىدىن بىر نۇر، چۇمبۇس كەنتىدىن بىر نۇر ئالتۇندەك پارقىراپ كۆزنى قاماشتۇرۇۋاتقۇدەك. كىشىلەر ئۇ يەرگە بېرىپ قارىغۇدەك بولسا بۇچىدا ئابدۇللا بۇغراخاننىڭ، چۇمبۇستا ئوسمان بۇغراخاننىڭ ئالتۇن مېيىتى ئاپپاق خەسگە رەتلىك كېپەنلىنىپ تۇرغۇدەك. ئۇنىڭدىن ئۆتكۇر بىر سېرىق نۇر چىقىپ تۇرغان. كىشىلەر بۇ كارامەت مۆجىزىدىن ئەقلى لال بولۇپ، ياقىلىرىنى چىشلەپتۇ ھەم خانلىق رەسمىيىتى بويىچە ئۆز جايىغا دەپنە قىلىپ، گۈمبەز قاتۇرۇپ، تۇغ - ئەلەملەرنى تىك- لەپ، ۋەخپە ئايرىپ، شەيخ بېكىتىپ دۇئا - تىلاۋەتلىرىدە ياد ئېتىپ تۇرىدىغان بوپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قادىر ئاخۇن مەخسۇم ھاجى، مۇھەممەد ئەيسا قازى
قەشقەر كونا شەھەر قوغان يېزىسى بۇچى ۋە قازىرىق كەنتلىرىدىن.



دۈشمەننىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۆزىد-
نى بىرەر - يېرىم دەممۇ چەتكە ئالماي، دۈشمەن سېپىگە ئۈز-
لۈكسىز ئىچكىرىلەپ كىرىۋېرىپتۇ. كۇپپارلار كۆرۈنۈشتە داجى-
غان بولۇۋېلىپ، ئىككى مەرگەن قىزىلچا خېنىمنىڭ ئىككى
قولىنى قارىغا ئېلىپ ئوق ئۈزۈپتۇ، شۇئان خۇددى ئاسماندىن
تاراقلاپ مۆلدۈر تۆكۈلگەندەك قىزىلچى خېنىمنىڭ قولىدىن قى-
لىچ، نەيزە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بىر ئاماللار بىلەن قىلىچىنى
چىشلىۋېلىپ، كۇپپارلار بىلەن يەنە بىر قەپەس ئېلىشىپ ئاستا-
ئاستا سەپتىن چېكىنىپ، ئۆز سېپىگە قايتىپ كېلىۋاتسا، كۇپ-
پارلار يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلاپتۇ.
قىزىلچى خېنىمنىڭ قولىدىكى ئوقيا ئوقلىرى زەھەر بىلەن
سۇغىرىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بەدىنىگە زەھەر ئۆتۈپ هوشسىزلى-
نىشقا باشلاپتۇ. قىزىلچى خېنىم توساتتىن ئاتتىن يىقىلىپ چۈ-
شۈپتۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ سېپى يىراقراق بولغاچقا، ئۇنى دەرھال-
لىقتا قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدىكەن، لېكىن كۇپپارلار بولسا دا-
ۋاملىق يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلاپتۇ.
قىزىلچى خېنىم كۇپپارلارنىڭ قان تېمىپ تۇرغان قىلىچىغا
ۋە ياۋۇز قىياپىتىگە قاراپ غەزەپ بىلەن هومىيىپ، ئورنىدىن
تۇرۇشقا شۇنچە كۈچىگەن بولسىمۇ، جايىدىن مىدىر - سىدىر
قىلالماپتۇ. دۈشمەننىڭ ۋەھشىي قولىغا چۈشۈپ كېتىش خەۋپى
قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىچىلىك قاپتۇ. كۇپپارلاردىن
قورقۇشنى ئۆزى ئۈچۈن نومۇس دەپ بىلگەن قىزىلچى خېنىم
نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، بىر ئاسمانغا، بىر يەرگە قاراپ، ئىلتى-
جا قىلغانىكەن، يەر بىردىنلا يېرىلىپ، قىزىلچى خېنىمنى ئۆز
قوينىغا ئاپتۇ - دە، يۇمۇلۇپ قاپتۇ. كۇپپارلار بۇ كارامەت،
مۆجىزىنى كۆرۈپ، هەيرانۇ هەس بولۇشۇپ، نېمە قىلارىنى بىل-
مەي، يەرگە قاتتىق غەزەپ بىلەن هومىيىپ قاراپ قويۇپ،
ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كېتىپ قېلىشىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ مۇسۇلمانلار قىزىلچى خېنىمنى ئۆز قويۇنىغا ئالغان يەرگە كېلىپ، دۇئا قىلىپ، مەدەت تىلىشىدىغان بولغان. ھاجەتمەنلەر ھاجىتىنىڭ راۋا بولۇشىنى تىلىگەن، كېسەلمەنلەر بىمارلىقىدىن خالاس بولۇپ كېتىشىنى تىلىگەن، تۇغماس ئاياللار پەرزەنت كۆرۈشىنى تىلىگەن. بۇ ئادەت تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىنمەكتە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قۇربان مامۇت (55 ياش)، قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيە، هاراپ يېزا پىسەن كەنتىدىن.

خاتىرىلەپ رەتلىگۈچى: غەيرەتجان ئوسمان.



# ھۇسەيىن پەيزۇللا غوجام

## 1

ھۇسەيىن پەيزۇللا غوجامنىڭ[①] ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى خۋاجە مەئما (ئەركىلەتمە ئىسمى ئەبۇل-ەتتاھ)، كىچىكىنىڭ ئىسمى ئابدۇلغاپپار بىننى ھۇسەيىن قەش-ەرى ئىكەن.

ئانا قارنىدىن يېڭىلا چۈشۈپ دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان ئەبۇلپەتتاھنى يۆيۈپ زاكىلىغاندا، ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىدە قىل-دەك ئىككى قىزىل خالنىڭ بارلىقى بىلىنىپتۇ. ئاقىل ۋە مۇ-نەججىملىكتىمۇ يېتىشىپ ئالدىنقى قاتاردا سانالغان ھۇسەيىن پەي-زۇللا غوجامنىڭ كۆڭلى ھەم خۇش بوپتۇ، ھەم غەش بوپتۇ. چۈنكى ھۇسەيىن پەيزۇللا غوجامنىڭ تەبىرىچە ئوڭ مۈرىسىدىكى قىزىل خالى ئوقۇپ ئالىم بولۇشىنىڭ، سول مۈرىسىدىكى قىزىل خالى مۇراد - مەقسىتىگە يەتمەي تۇرۇپ ئالەمدىن بالدۇر كېتىش-نىڭ بەلگىسى ئىكەن.

خۋاجە مەئما راست دېگەندەك ئوقۇپ، ئەللامە دەرىجىسىگە يېتىپ «ئىلمىي ئاتايى غوجام» دەپ نام ئاپتۇ. شان - شۆھرىتى ئاتىسىنىڭكىدىنمۇ زور بوپتۇ.

خۋاجە مەئما بالاغەتكە يەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە دەرستىن

---

① ھۇسەيىن پەيزۇللا غوجام — ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۇستازى.

پارىغ بولۇپ سەيلە قىلىشىۋېتىپ، پادىشاھ سارىيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ ۋە بۇ يەردە بىر ساھىبجامال قىزنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ قىز يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىمىزنىڭ قىزى ئىكەن. خۇاجە مەئمانىڭ بۇ قىزغا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ. شۇ كۈنى خۇاجە مەئما چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىگە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىغا بېرىش بېشارەت بوپتۇ. ئەتىسى خۇاجە مەئما سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىغا بېرىپتۇ، ئۇن كۈن ئىستىقامەتتە بولۇپ، تىلەك، مۇددىئالىرىنى ئېيتىپتۇ

ئاز كۈن ئۆتمەي بىر كۈنى، يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىم بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۆز قىزىنىڭ نىكاھىنى خۇاجە مەئماغا ئوقۇۋاتقۇدەك. ئەتىسى بۇ چۈشكە مۇنەججىملەر: «قىزىڭىز خۇاجە مەئماغا نېسىپ بوپتۇ» دەپ تەبىر بېرىشىپتۇ. يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىم قىرىق كېچە - كۈندۈز شاھانە توي قىلىپ، قىزىنى خۇاجە مەئماغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى خۇاجە مەئما ئاتىسى ھۈسەيىن پەيزۇللا غوجامىنىڭ ئالدىدا دەرس تەكرارلاپ ئولتۇرغانىكەن، خۇاجە مەئماغا شىكارغا بىللە بېرىشى ھەققىدە يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىمىنىڭ ئالدىدىن كىشى كەپتۇ. بىراق، ھۈسەيىن پەيزۇللا غوجام رۇخسەت قىلماپتۇ، ئاتىسىنىڭ بۇ يولسىزلىقىغا خۇاجە مەئمانىڭ تازا ئاچچىقى كەپتۇ، ئىلاج بولماپتۇ. ئىككىنچى قېتىم يەنە كىشى كەپتۇ. ھۈسەيىن پەيزۇللا غوجام يەنىلا ئۇنىماپتۇ. ئۈچىنچى قېتىم كىشى كەلگەندە خۇاجە مەئما ئاتىسىنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي، كىتابلىرىنى يېپىپ قويۇپ، پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە راۋان بوپتۇ. بۇ ئىش ھۈسەيىن پەيزۇللا غوجامغا ھار كەپتۇ. ئۇ ئوغلىغا قاراپ، «ئى پەرزەنت، كېتىڭ! كېتىڭ! » دەپ نەپەس قىپتۇ. خۇاجە مەئما شۇ نەپەس بىلەن بىر نەچچە قەدەم ماڭماي ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ. قەشقەر خەلقى بۇ زاتنىڭ

ئىشق پىراقىدا ماتەم تۇتۇپ، داد - پەرياد كۆتۈرۈپتۇ. ئەمما،
ھۇسەيىن پەيزۇللا غوجامنىڭ كۆزىدىن بىر قەترە ياشمۇ ئاقماپتۇ.
بەلكى، ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، جايىدىن قوپماي، يەتتە
كېچە - كۈندۈز ئولتۇرۇپتۇ. كىشىلەر: «بىزنىڭ بۇ زاتنىڭ
دەردىدە يۈرىكىمىز كاۋاپ بولۇپ، كۆز ياشلىرىمىز سەلدەك ئېقى-
ۋاتسا، ئاتا بولغۇچىنىڭ بىر قەترە ياشمۇ ئاققۇزماي، يېڭى كى-
يىملەرنى كىيىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم ئولتۇرغىنى
نېمىسى؟ دۇنيادا مۇنداقمۇ باغرى تاش ئادەم بولامدۇ؟» دەپ
مالامەت قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ مالامەتنى ئاڭلىغان ھۇسەيىن پەي-
زۇللا غوجام يارەنلىرىدىن بىرىنى تەشتەك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپ-
تۇ. ئاندىن قولىنى ئاغزىغا سالغانىكەن، قان ئاغزىدىن ئوقتەك
ئېتىلىپ چىقىپ، تەشتەك ئۈچ مەرتىۋە تولۇپتۇ. ھۇسەيىن پەي-
زۇللا غوجام مالامەت قىلغانلارغا قاراپ: «ئى يارەنلەر! مەن
پەرزەنتىمگە نېمە ئۈچۈن ھازا قىلماي؟! ھازا قىلدىم، ئەمما
سىلەرگە ئاشكارا قىلمىدىم. ئاشكارا يىغلاپ ياش تۆكۈش ئۆلگۈ-
چىگە ئاچچىقلىق ۋە ئازابتىن باشقا ھېچنېمە ھاسىل قىلىپ بېرەل-
مەيدۇ. ئىشەنمىسەڭلار ياشنى قاچىغا ئېلىپ ئىچىپ بېقىڭلار،
زەھەردىن باشقا نېمە تېتىمايدۇ. ئۆلگۈچى ئۈچۈن تۆكۈلگەن
ياشنىڭ ھەر بىر قەترىسى ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن دەريا
بولۇپ، ئۆلگۈچىنى ئۆزىگە غەرق قىلىپ ئازابقا سالىدۇ. شۇنداق
تۇرۇقلۇق مۇنداق جاپانى كىم ئۆز پەرزەنتىگە راۋا كۆرىدۇ؟»
دەپتۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، خەلق ئارىسىدىكى: «ئاتا قارغىشى-
نى ئالسا بوينى قايرىلىپ ئۆلىدۇ» دېگەن ماقال ئەنە شۇنىڭدىن
قالغانىكەن.①

## 2

ھۆسەيىن پەيزۇللا غوجام ئۆمرىدە كۆپ ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىپ ھاردۇق يېتىپتۇ. كۆپ رەنجۇ مۇشەققەتلەرنىمۇ چېكىپتۇ، شۇڭا ھاردۇقنى چىقىرىش ۋە غەم - قايغۇدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن سەپەر قىلىشنى ئىختىيار قىپتۇ. سەكسەن شاگىرتنى ئەگەشتۈرۈپ مەككە مۇكەررەمگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئىلمىي ھېكمەت جەھەتتىكى فازىل، زاھىتلىقى پۈتۈن مەشرىق، مەغرىبنىڭ ھەممىسىگە خېلى بۇرۇندىنلا مەلۇم ئىكەن. شۇڭا مىسىر ئالىملىرى ھۆسەيىن پەيزۇللا غوجامنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئالدىغا چىقىپتۇ. ئىززەت - ئىكرام بىلەن شەھەر ئىچىدىكى بىر كاتتا تەكياخانىغا[1] چۈشۈپتۇ، بىر نەچچە ۋاقىت ھەمسۆھبەت ۋە ئىلمىي مۇنازىرىدە بوپتۇ.

ھۆسەيىن پەيزۇللا غوجامنىڭ كەمتەر - كىچىك پېئىل، ئاددىي - ساددىلىقىنى كۆرگەن مىسىر دانىشمەنلىرى ئۇنىڭ «ئەللامە» لىكىگە دەرگۇماندا بولۇشۇپتۇ، سىناپ كۆرمەكچى بولۇشۇپ، ئۇنىڭدىن: «ئىمانىنىڭ ئەسلى نېمىدۇر؟» دەپ سوئال سورىشىپتۇ. بۇ سوئالنىڭ نېمە غەرەزدە سورىلىۋاتقانلىقىنى دەرھال پەملەپ يەتكەن ھۆسەيىن پەيزۇللا غوجام: «ئەي ساھىللار، ئىمانىنىڭ ئەسلىسى خامپىدىكى بىر سەر ئۇندۇر» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مىسىر دانىشمەنلىرى ئۇنى تۇزلۇكتە (بىلىمسىزلىكتە) ئەيىبلەپ مەسخىرە قىلىشىپتۇ. ھۆسەيىن پەيزۇللا غوجام بولسا «بۇ سۆزنىڭ راست - يالغانلىقىنى تاڭلا مەن بۇ شەھەردىن چىققاندىن كېيىن بىلەرسىلەر» دەپ ئەتىسى تاڭ سەھەردە مەككىگە قاراپ راۋان بوپتۇ. راست دېگەندەك بىر نەچچە ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن بۇ شەھەردە قاتتىق قەھەتچىلىك يۈز بېرىپتۇ. ئاچار-

① تەكياخانا — مېھمانخانا مەنىسىدە.

چىلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەردىدىن كىشىلەر بىر ـ بىرىنىڭ گۆشى-
گە، بىر ـ بىرىنىڭ قېنىغا زار ھەم تەشنا بولۇشۇپ، ئىمانى
خاراموش بولۇشۇپتۇ. شۇ چاغدىلا ئۇلار ھۇسەيىن پەيزۇللا غو-
جامنىڭ سۆزىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا ئىشىنىپ، قىلغانلىرىغا
پۇشايمان قىلىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەككىگىچە قوغلاپ
بېرىپ خاتا قىلغانلىقىغا ئىقرار قىلىشىپ، ئەپۇ سورىشىپتۇ ھەم-
دە مىسىرغا تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىشىپتۇ. چوڭ ـ كىچىك
ھەممە ھۇسەيىن پەيزۇللا غوجامنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ، قىز-
غىن قارشى ئېلىشىپتۇ. ھۇسەيىن پەيزۇللا غوجام بىر مەزگىل
دەرسگۇيلۇق قىپتۇ. كېيىن خەلقنىڭ رۇخسىتى بىلەن قەشقەرگە
قايتىپتۇ. ②

① («تەزكىرەئى ئۇۋەيس» ناملىق قولىيازمىدىن ئېلىندى.)

② نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرەھىم سابىت



# ھەزرىتى سەئىد ئېلى ئارسلانخان

ھەزرىتى سەئىد ئېلى ئارسلانخان قەشقەردە پادىشاھ بولۇپ تۇرغان كۈنلەردە ماچىندىكى[1] ئۇيغۇر بۇددىستلاردىن چوقتىر-شىت، نوقتىرشىتلار ئەللىك مىڭ لەشكەر بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ، قەشقەر شەھىرىنى قاتتىق قامال قىپتۇ. قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، تىرىكچىلىك قىيىنلىشىپتۇ. پادىشاھ سەئىد ئېلى ئارسلانخان يارلىق جاكارلاپ ئامباردىكى بارلىق ئاشلىقنى خالايىق-لارغا تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ. بۇنىڭ بىلەنمۇ قەھەتچىلىك بې-سىلماپتۇ. پادىشاھ سەئىد ئېلى ئارسلانخان قانداق قىلىش مەسى-لىسى توغرىسىدا ئۆلىما، ئۇمىرا، ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپ كېڭەش قىلغانىكەن، ئۇلار «ئەمدى قاراپ تۇرساق بولمايدۇ، تۇرىۋەرسەك سانسىز مۇسۇلمانىنىڭ جېنىغا زامىن بولىمىز. بۇددىستلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشايلى» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئەتىسى سەئىد ئېلى ئارسلانخان يالىۋاچ مەۋلانە مەھمۇدنى چوقتىرشىت، نوقتى-رىشتلار تەرەپكە ئەۋەتىپ ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. دۆلەتۋاغنىڭ بارگاھ دېگەن يېرىدە جەڭ مەيدانى راسلىنىپتۇ. سەئىد ئېلى ئارسلانخان چوقتىرشىت، نوقتىرشىتلارنىڭ ئەل-لىك مىڭ لەشكىرىگە روبىرو بولغان ھالدا ئەللىك مىڭ لەشكەر بىلەن جەڭ مەيدانىغا ھازىر بوپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ چېلىن-

---

[1] ماچىن — ھازىرقى خوتەن.

غان جەڭ دۇمبىقى، ناغرا، كانايلارنىڭ ساداسى ئاسمان - زېمىننى لەرزىگە ساپتۇ. سەئىد ئېلى ئارسلانخاننىڭ لەشكەر باشلىقى مۇھەممەد ئېلى زۇلپىقار مەيدانغا چۈشۈپ نام - نەسەپلىرىنى ئايان ۋە بايان قىلىپ چوقتىرىشىت، نوقتىرىشتىنىڭ مەيدانغا چۈشكەن لەشكەر باشلىقى بىلەن شىددەتلىك ئېلىشىپتۇ. چوقتىرىشتىنىڭ لەشكەر باشلىقى مۇھەممەد ئېلى زۇلپىقار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى تەڭلا مەيدانغا چۈشۈپ قاتتىق ئېلىشىپتۇ. جەڭ شۇنداق دەھشەتلىك بوپتۇكى، قىلىچ، نەيزە - ئوقيالارنىڭ بىر - بىرىگە تېگىشىدىن چاچراپ چىققان ئۇچقۇنلار جەڭ مەيدانىنى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇپتۇ. قان دەريادەك ئېقىپتۇ. جەڭنىڭ قاتتىقلىقىنى كۆرگەن يەتتە قەۋەت ئاسمان پەرىشتىلىرى تەھسىن - ئاپىرىن ئوقۇشۇپتۇ. شۇ كۈنى ھەزرىتى پادىشاھ سەئىد ئېلى ئارسلانخان چوقتىرىشتىنىڭ لەشكىرىدىن بىر مىڭ بەش يۈز كىشىنىڭ جېنىغا تالاپەت يەتكۈزۈپتۇ. مۇسۇلمانلاردىن يۈز كىشى شاھادەت شەربىتى ئىچىپ جەننەتۇلمەئۋا، پىردەۋس ئەۋلاغا تەئەللۇق بوپتۇ. مۇسۇلمانلار ناھايىتى كۆپ مال - مۈلۈك، ئەسۋاب، ياراغ - جابدۇق غەنىيمەت ئاپتۇ. بۇ كۈن چوقتىرىشىت، نوقتىرىشتىلار ئۈچۈن قىيامەت قايىم بولغاندەك، يورۇق جاھان قاراڭغۇ بولغاندەك بىلىنىپ، شەھەرنى تاشلاپ قېچىپتۇ. چوقتىرىشىت لەشكەرلىرىنىڭ بېشى قوناقنىڭ بېشى ئۈزۈلگەندەك ئۈزۈلۈپ قېنى دەريادەك ئېقىپتۇ. چوقتىرىشىت، نوقتىرىشتىلارغا ھېچقانداق ئەمىنلىك بولماپتۇ. ھەزرىتى سەئىد ئېلى ئارسلانخان جەڭگە كۆپ قېتىم يالغۇز ۋە كوللېكتىپ ھالدا چۈشكەن بولسىمۇ، بۇددىستلار نەچچە قېتىم قورشاپ كېلىپ سەئىد ئېلى ئارسلانخانغا تىغ سالغان بولسىمۇ، ئەمما تىغنى ھەرگىز ئۆتكۈزەلمەپتۇ. بۇنىڭغا ھەيران قالغان بۇددىستلار سىرنى بىلىشكە ئىنتىلىپتۇ. «قانداق كىشى سەئىد ئېلى ئارسلانخان پادىشاھقا نېمە سەۋەبتىن

تىغ ئۆتمەيدىغانلىقىنى، قانداق چاغدا ۋە قانداق قىلسا تىغ ئۆتىدى-غانلىقىنى ئاڭلاپ خەۋەر ئېلىپ كەلسە، بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بېرىمىز، مەنسەپدار بولسا بەگلەرنىڭ بېگى قىلىمىز، پۇقرا بولسا دارخان (ئەۋلادىدىن ئەۋلادىغا مىراس قالىدىغان خانلىق ھوقۇقى) قىلىمىز» دەپ خاس ئاممىغا يارلىق جاكارلاپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «ئۇج» ئاتلىق بىر لەنتى كەمپىر بار ئىكەن. بۇ ئىشنى قىلىشنى ئۇ ئۈستىگە ئاپتۇ ھەمدە ھىيلە-مىكىر بىلەن ئۆزىنى نىقابلاپ ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ. بىر نەچچە ۋاقىت ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ لەشكەر ۋە لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەل-تۈرۈۋاپتۇ. ئاخىر ئۇ ھەزرىتى سەئىد ئېلى ئارسلانخاننىڭ ئوردى-سىدا خىزمەت قىلىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى سەئىد ئېلى ئارسلانخاننىڭ تەرىتىگە سۇ ھازىرلايدىكەن، ئۆيىنى سۈپۈرۈپ، يىراقنى يېقىن قىلىدىكەن. ھەزرىتى سەئىد ئېلى ئارسلانخانمۇ بۇ لەنتى بەدرەككە بەكمۇ ئىشىنىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ھەزرىتى سەئىد ئېلى ئارسلانخان غازى پادىشاھىم جەڭدىن يېنىپتۇ. جەڭ ئەھۋالىنى خوتۇن، بالا-چاقىلىرىغا ئېيتىپ بەرگەچ، جەڭ نەتىجىسىدىن تولىمۇ خۇشال-لىنىپتۇ. پادىشاھ سەئىد ئېلى ئارسلانخاننىڭ كەيپىنىڭ خۇشلۇ-قىنى كۆرگەن ھېلىقى لەنتى كاپىر ھىيلىگەرلىك بىلەن سەئىد ئېلى ئارسلانخاننى بولۇشىغا ماختاپتۇ. ئارقىدىن:

— پادىشاھ ھەزرەتلىرىم، جەڭ قىلغاندا ئۆزلىرىگە ئەسلا تىغ كار قىلمايدىكەن. بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھەزرىتى سەئىد ئېلى ئارسلانخاننىڭ خۇشاللىقى تارقاپ قو-شۇمىسى تۈرۈلۈپتۇ. بىر ھازا تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ لەنتى كاپىرغا مۇنداق دەپتۇ: «سەن بۇ ئىشنى سورىمىساڭ بولاتتى. بوپتۇ، كۆڭلۈڭ قالمىسۇن، دەپ بېرەي، ماڭا نامازدىن باشقا ھەر قانداق چاغدا ئوق بولسۇن، تىغ بولسۇن ئەسلا كار قىلماي-

دۇ. نامازغا تۇرغىنىمدا پۈتۈن بەدىنىم سۇدەك ئېرىيدۇ. مانا شۇ چاغدا تىغ تۇگۇل، يىكەن سانجىسىمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.»

ئۇج ئاتلىق بۇ جادۇگەر سەئىد ئېلى ئارسلانخاننىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن بۇ سىرنى بىلىۋالغاندىن كېيىن بىر نەچچە كۈن سەئىد ئېلى ئارسلانخاننىڭ خىزمىتىنى ناھايىتى ياخشى قىپتۇ. پەيت تاپقان بىر كۈنى بۇ كۇپارلار ئىسلام لەشكەرلىرى ئارىسىدىن قېچىپ چىقىپ چوقتىرىشىت، نوقتىرىشىت، چىكالۇخالخال ما- چىنلار ئارىسىغا بېرىپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. چوقتىرىشىتلار بۇ مەلئۇنغا ھەددى ـ ھېسابسىز ئالتۇن ـ كۈمۈش سوۋغا قىپتۇ.

ئارىدىن كۈنلەر ئۆتۈپ، ھوشۇر ئېيىغا ئون بوپتۇ. ناماز بامداتقا ئەزان ئوقۇلۇپتۇ. مۇسۇلمانلار سەپ ـ سەپ بولۇپ ناماز- غا تۇرۇپتۇ. سۈننەتنى ئادا قىپتۇ، تەكبىر ئېيتىلىپ نامازنىڭ پەرزى باشلىنىپتۇ. «موللا ئەئلەم» ئىسىملىك بىر كىشى ئىمام ئىكەن. بۇ كىشى ئەسلىدە «سۈرە ئىننائەنتەينا» نى ئوقۇماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما تىلى سۈرە ئىننافەتەھناغا كېتىپ قاپتۇ. سۈرە يېرىملاشقاندا كۇپپارلار مەسچىتكە باستۇرۇپ كىرىپ مۇ- سۇلمانلارنى شاھادەتكە بىر ـ بىرلەپ يەتكۈزۈپتۇ. «سۈرە ۋەكە فابىللاھى شەھىدا، مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا» غا يەتكەندە ھەزرىد- تى پادىشاھىمىنىڭ باشلىرىغا تىغ تېگىپ جېنى تېنىدىن جۇدا بوپتۇ. شۇ زامان ھەزرىتى سەئىد ئېلى ئارسلانخان پادىشاھنىڭ بېشىدىن «خۇيمۇ بىغەم ئىكەنلا» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. شۇن- دىن باشلاپ ئۇ زاتى شېرىپنىڭ «موللا ئەئلەم» دېگەن مۇبارەك نامى «موللا بىغەم» گە ئۆزگىرىپ، شۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان بوپتۇ.①

(موللا ھاجىنىڭ «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنى- دى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشرى.)

---

① بۇ رىۋايەتنىڭ «گۇردا خېتىمنىڭ بېشىغا چىققان دەللى» ناملىق يەنە بىر ۋارىيانتىمۇ بار.

## نۇرئەلانۇرخان

نۇرئەلانۇرخان كىچىكىدىنلا ھەزرىتى ئەلى ھەققىدىكى جەڭ-نامىلارنى ئوقۇشقا بەكمۇ ئامراق ئىكەن. ئۇ ھەزرىتى ئەلى توغرىسىدىكى جەڭنامىلەرنى كۆپ ئوقۇپ، ئۇنىڭ ۋەسپى تەرىپلى-رىنى جىق ئاڭلاپ، ھەزرىتى ئەلىگە بولغان ئىخلاسى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى، ئۇ ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرۇپ ھەزرىتى ئەلىنى يادىغا كەلتۈرۈپتۇ ھەمدە: «ئىۋارا خۇدايا؛ مېنىڭ ۋاقتىمدا شۇنداق بىر زات ئۆتكەن بولسا، مەن شۇ زاتنىڭ جۈپتى بولغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى» دېگەنلەرنى ئويلاپ، خىيال ئىلكىدە ئۇخلاپ قاپتۇ. چۈشىدە ھەزرىتى ئەلىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بۇ چۈشتىن بەكلا سۆيۈنگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇ-نىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. بۇ ئىش ئۆز ئائىلىسىگە ئۆچمەس داغ چۈشۈرىدىغان نومۇسلۇق ئىش بولغاچقا، ئاتا - ئانىسىغا نېمىدەپ چۈشەندۈرۈش-نى بىلەلمەپتۇ. ئويلا - ئويلا، ئويلىغانسېرى قورقۇنچ بېسىپتۇ. ھامىلىنى يوقىتىشقا ھېچبىر ئامال قىلالماپتۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ قېشىدا تۇرغاندا، قورساقتىكى ھامىلە خۇددى ئىيسا ئەلەيھىسسا-لام بىبى مەريەمنىڭ قارنىدا يېتىپ تۇرۇپ قانداق سۆزلىگەن بولسا، شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەيدىكەن. بۇ ئەھۋال ئوردىدا پىتنە - پاساتنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بوپتۇ ۋە كۈنسېرى ئۇلغىيىپ، نۇرئەلانۇرخاننىڭ ئانىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئانا ئۆز قىزى-نىڭ قىلمىشىدىن باشتا غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەھۋالنى

ئۇقاندىن كېيىن، ئارتۇقچە بىر نېمە دېيىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. نۇرئەلانۇرخاننىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەرغەزەپكە كېلىپ، قىزىنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. بىراق، ئانىسى ئۇنى قاچۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھوشۇر ئېيىنىڭ ئونى — جۈمە كۈنى ئىكەن. نۇرئەلانۇرخان بېشىغا كونا بىر لىچەكنى سېلىپ، تىلەمچى ئايال سۈرىتىدە ياسىنىپ ئۆيدىن چىقىپتۇ. ئۇ شۇ يۈرگىنىچە ئاتۇش تەۋەسىدىكى بىر يولغا كىرىپتۇ. يول يېرىملاشقاندا نۇرئەلانۇرخان تەۋەللۇت قىپتۇ. بېشىدىكى لىچەكنىڭ يېرىمىنى يىرتىپ، بالىنى يۆگەپتۇ - دە، يول قىرغىقىغا قويۇپ قويغاندىن كېيىن، يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر يەرگە بارغاندا يول توسۇلۇپتۇ. ئۇ ئالدىدىكى تاغدىن ئۆتەلمەي، خۇداغا تېۋىنىپ ئىبادەت قىلىۋاتقاندا، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بىر قولىدا قىلىچ، يەنە بىر قولىدا بوۋاقنى كۆتۈرگەن ھالدا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ نۇرئەلانۇرخاندىن سوراپتۇ:

— بۇ بالا سېنىڭمۇ؟

نۇرئەلانۇرخان سۇلتان يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال غايىبتىن ئاڭلانغان ئاۋازغا ئاساسەن: «ھەئە، مېنىڭ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— دادىسى بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سۇلتان.

— ھەئە، بار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نۇرئەلانۇرخان.

— كىم؟

— ھەزرىتى ئەلى كەرىمۇللاھۇ ۋەجھۇھۇ.

— گۇۋاھ بارمۇ؟

— بار، ئەبۇ نەسىر سامانى بىلەن ئەبۇلپەتتاھ گۇۋاھ بولالايدۇ.

سۇلتان قىزىنى ئېلىپ شەھەرگە يېنىپتۇ. خالايىق يىغىلىپ-

تۇ. بۇ مەيدانغا ئەبۇ نەسىر سامانى بىلەن ئەبۇلپەتتاھمۇ ھازىر بوپتۇ. سۇلتان خالايىق ئالدىدا ئەبۇ نەسىر ساماندىن سوراپتۇ:

— سىز ھەزرىتى ئەلىنى كۆرگەنمۇ؟

ئەبۇ نەسىر سامانى: «ھەئە، ئۇرۇش مەيدانىدا بىللە بولغان» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سۇلتان بالىنى ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ قولىغا بېرىپتۇ. ئۇ بالىنى كۆرۈپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەلىنىڭ پەرزەنتى، مەندىكى ئامانەتنى ئالغىلى كەلدىڭىزمۇ؟» دەپتۇ ۋە كۆپچىلىككە قاراپ: «ئاگاھ ھەم دەنا بولۇڭلاركى، ھەزرىتى رەسۇلىللا بىر تال خورمىنى ماڭا ئامانەت بەرگەن. بۇ ئوغۇل دۇنياغا كەلگەندە ئەنە شۇ خورما بىلەن ئېغىزلاندۇرۇشۇمنى ۋە ئىسىم - شەرىپلىرىنى ئۆزىنىڭ، ئاتىسىنىڭ، بوۋىسىنىڭ ئىسمى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قويۇشۇمنى ئېيتقان. مەن بۇ خورمىنى ئاغزىمدا ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئۈچ يىل ساقلىدىم. ئەمدى ئامانەتنى تاپشۇرىمەن» دەپتۇ - دە، خورمىنى ئېلىپ بالىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويۇپتۇ. نام - شەرىپىنى «ھەزرىتى مۇھەممەد سەئىد ئېلى ئارسلانخان» دەپ قويۇپتۇ. ئاندىن ھەزرىتى رەسۇلىللانىڭ بۇ ئوغۇلنىڭ نام - ئەھۋالى ھەققىدىكى مەكتۇپىنى سۇلتانغا تاپشۇرۇپتۇ. سۇلتان مەكتۇپتىكى بېشارەتكە بىنائەن ئوغۇلنىڭ دۇمبىسىنى سىلاپتۇ. ئىككى تارغاق ئارىسىدىن نۇر بىلەن يېزىلغان تۆۋەندىكى خەت كۆرۈنۈپتۇ:

ئاناسى نۇر ئەلانۇرخان،
ئاتاسى شاھى مەرداندۇر.
خۇدا يولىدا جان بەرگەن،
شەھىدۇ ئارسلانخاندۇر.

بوۋاسى ئۇۋەيس ئەۋلىيا،
كەرەملىك شاھى سۇلتاندۇر.

بىلەي دىسەڭ ئاتى ئۇنىڭ،
ساتۇق بۇغرائى خاقاندۇر.

بۇنى ئاڭلاپ جامائەت ھەيران قاپتۇ. سۇلتان خۇرسەن بولۇپ، نەچچە يۈز قوي، كالا، تۆگە سويدۇرۇپ، يۇرتقا كاتتا نەزىر بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يۇرت خەلقىنىڭ بۇ بالىغا بولغان ئىخلاسى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ، ئېتىقادى كۈچىيىپتۇ.

(«تەزكىرەئى ئارسلانخان» دىن ئېلىندى.)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرەھىم سابىت



## يۈسۈپ قادىرخان مەلىكىسىنىڭ نىكاھلىنىپ چۈش كۆرگەنلىكى ھەققىدە

رىۋايەت قىلىنىشىچە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋاپات بو-لۇپ تەخمىنەن سەكسەن يىل ئۆتۈپتۇ. بۇ ئارىلىقتا، بەش پادىشاھ ئارقا ـ ئارقىدىن دەۋر سۈرۈپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئالتىنچى پادىشاھ يۈسۈپ قادىرخان سەلتەنەت تەختىگە ئول-تۇرۇپ ئىسلام دىنىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى ئۈ-چۈن زور تۆھپە قوشۇپتۇ. ئۇ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان ھى-جرىيە 415 ـ، 424 ـ يىللىرى خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇر-لارنىڭ خانى ياغلاقالقا لۇنى ئۆلتۈرۈپ، خوتەننى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەنمىش. ئۇنىڭ پادىشاھلىق زېمىن دائىرىسى ماۋرائۇن-نەھرگىچە كېڭىيىپتۇ، خەلق تىنچ، خاتىرجەم ياشاپتۇ، يۇرت ئاۋاتلىشىپ، ئىلىم ـ مەرىپەت گۈللىنىپتۇ، شاھ يۈسۈپ قادىر-خاننىڭ داڭقى قوشنا ئەللەردە تارقىلىپتۇ. شۇ چاغدا قەشقەردىكى «ساچىيە» مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى بولمىش ھۈسەيىن پەيزۇللا غوجام دېگەن ئالىمنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، باشقا يۇرتلاردىن نۇر-غۇن تالىپلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان بوپتۇ. ئۇز ۋاقتى-دا مەھمۇد قەشقىرىمۇ بۇ ئالىمدىن ئىلىم ئۆگەنگەنىكەن. بۇيۈك مۇدەررىس ھۈسەيىن پەيزۇللا غوجىنىڭ كىچىك ئوغلى ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇلجاپپار ھۈسەيىنمۇ «ئىلمى ئاتا غوجام» دەپ نام ئال-غان ئۆز دادىسىدىن كۆپلەپ بىلىم ئاپتۇ. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ تارىخىي ۋە دىنىي ئىلىمگە چوڭقۇر ھەۋەس قويۇپ شىجائەت بىلەن

ئۆگىنىپتۇ. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە «قەشقەر تارىخى»، «ئۇستازلارنىڭ توپلانغان يېرى» قاتارلىق مەشھۇر تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىپ تاماملاپتۇ.

ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇلجاپپار ھۇسيىن قۇرامىغا يەتكەن مەزگىلدە، دادىسىدىن دەرس ئېلىپ بولۇپ ھاۋالىنىپ كېلىش ئۈچۈن يېقىن كىشىلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە كەپتۇ. ئۇلار ئايلىنىپ يۇرۇپ يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئوردىسىغا تەۋە گۇللۇك باغنىڭ ئوردۇلىغا كېلىپ قاپتۇ. باغ ئىچىدە ئىنتايىن گۇزەل بىر ساھىبجامال قىز يۇرەرمىش. شۇ زامان ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇلجاپپار ھۇسيىننىڭ يۇرىكىگە ئوت چۇشۇپ بۇ قىزغا كۆيۇپ قاپتۇ. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قىز كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەي كۇنلىرى ئۇيقۇسىز ئۆتۇپتۇ. ئوبۇل پۇتۇھنىڭ بۇرادەرلىرى بۇ ئىش ھەققىدە ئۆزئارا قىزغىن سۆھبەتكە چۇشۇپتۇ. بەزىلىرى: «بۇ قىز يۇسۇپ قادىرخان پادىشاھنىڭ ئارزۇلۇق قىزى، سىلىگە نېسىپ بولماسمىكىن» دەپتۇ. بۇ پىكىرگە قوشۇلىدىغان بەزىلىرى: «راست، يۇسۇپ قادىرخان پادىشاھ تۇرسا، سىز ئالىمنىڭ بالىسى بولسىڭىزمۇ بەرمەسمىكىن» دەپتۇ. ئارىدىن بىرى: «بۇرادەرلەر، ماڭا بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ، ئېيتىپ باقسام» دەپتۇ. ھەمراھلىرى «قېنى سۆزلەپ بېقىڭ» دەپتۇ. ئۇ: «پادىشاھ يۇسۇپ قادىرخان ئاتۇش مەھشەدتە دەپنە قىلىنغان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ پۇشتى. ئەگەر ئۇ تەلىپىڭىزنى ماقۇل كۆرسە، سىز ئاتۇش مەھشەدكە بېرىپ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانغا قۇرئان ـ تىلاۋەت قىلىپ بۇ مەقسىتىڭىز يۇزىسىدىن ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ كۆرسىڭىز، ئاللا سىزنىڭ بۇيۇك تەلىپىڭىزنى ئىجابەت قىلسا ئەجەب ئەمەس» دەپتۇ. بۇ پىكىرگە ھەممەيلەن قوشۇلۇپتۇ. ئەتىسى ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇلجاپپار ھۇسيىن دادىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ ئاتۇش مەھشەدتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىغا بېرىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانغا قۇرئان ـ تىلاۋەت

قىلىپ تۇنەپتۇ. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئىتائەت قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى كېچىسى ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن كېلىپ يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قىزىنى ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇلجاپپار ھۈسەينگە نىكاھ قىلىپ قويۇپ، قىزنىڭ ئۈستىگە بىر تۇتام خورمىنى چېچىپ غايىب بوپتۇ. ئۇ بۇ چۈشىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ خۇداغا نۇرغۇن ھەمدۇ سانا ئوقۇپ قەشقەرگە راۋان بوپتۇ. شۇ كۈنى كېچىسى، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قىزىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش چۈش كۆرۈپتۇ. ئويغىنىپ دەرھال چىراغنى يېقىپ يۈسۈپ قادىرخانغا كىشى ئەۋەتىپتۇ. يۈسۈپ قادىرخان دەرھال قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ. قىز دادىسىغا ھۆرمەت تەزىمىنى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاتىسى ئولتۇرغان جايغا يېقىن ئولتۇرۇپ: «ئەي ئۇلۇغ شاھ ئاتا، مەن بايا ئاجايىپ چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە رەسۇلىللا نۇرغۇن ساھابىلەر بىلەن كېلىپ مېنى ھۈسەين پەيزۇللا غوجىنىڭ ئوغلى ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇلجاپپار دېگەن كىشىگە نىكاھ ئەھدە قىلىپ بىر تۇتام خورمىنى بېشىمدىن چېچىپ مۇبارەكلىدى. بۇ نېمە ئىش؟» دەپتۇ. يۈسۈپ قادىرخان ھەيران بولۇپ بۇ ئاجايىپ چۈشنى ئوردا ئالىملىرىغا ئېيتىپتۇ ۋە ئۇلاردىن مەسلىھەت سوراپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ نىكاھ ھېساب دېسە، بەزىلىرى قايتا نىكاھ قىلىش كېرەك، دەپتۇ. ئاخىر قايتا نىكاھ قىلىدىغان بولۇپ تارقىلىپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئىككى ياشنىڭ نىكاھ ئەھدىسى ئوقۇلۇپ پۈتۈن قەشقەر شەھىرىگە كاتتا توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ يۈسۈپ قادىرخاننىڭ مەلىكىسى ھۈسەين پەيزۇللا غوجامنىڭ ئوغلى ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇلجاپپار ھۈسەينگە ياتلىق قىلىنىپتۇ. ئىككى ياش مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابىدىن مەۋلىۋىن داموللا ھاجىم.

توپلىغۇچى: ئابدۇرېھىم ھاشىم

# بوۋى مەريەم خېنىم

ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ھۆسن - جامالدا ئاي بىلەن بەسلەشكۇدەك، ئەقىللىق، چېچەن بىر قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى بوۋى مەريەم خېنىم ئىكەن.

بۇ قىز ئوردىدا خاس تەربىيە ئېلىپ، بىلىملىك بولۇپ چوڭ بوپتۇ. تالا - تۈزگە كۆپ چىقماپتۇ. بالاغەتكە يېتىش ھارپىسىدا بارا - بارا سەيلە - ساياھەتنى كۆڭلى تارتىپ قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە سىرتلارغا چىقىدىغان بوپتۇ. شۇ زامانلاردىكى سۇتۇق بۇغراخان جەمەتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئاستىن ئاتۇشقا بېرىپ سەيلە قىلىدىكەن. شۇنداق سەيلە كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بەشكېرەملىك باغۋەن يىگىت مەھشەدتىكى شاھ چارباغلىرىدا باغۋەنچىلىك قىلىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ، بوۋى مەريەم خېنىمنىڭ ھۆسن - جامالىنى تاسادىپىي كۆرۈپ قېلىپ ئاشىقى بىقارار بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭدا يانغان ئىشق ئوتى ھايال ئۆتمەي مەلىكىنىڭ يۈرىكىگە بېرىپ تۇتىشىپتۇ. ئىككى ياش باغنىڭ بۇلۇڭىدا، مېۋىزارلىقنىڭ سايىسى ئاستىدا ئىما - ئىشارەتلەر ئارقىلىق قەلب سىرلىرىنى ئىزھار قىلىشىپ ۋىسال - ئارزۇلىرىغا يېتىشنى پىچىرلىشىشلار ئارقىلىق ئىپادىلىشىپتۇ.

تۇنجى ئاشىق - مەشۇقلار سىيماسىنى كۆرگەن بۇ ئىككى ياش ئۆز ئورۇن - مەرتىۋىلىرىنى، ئادەت كۈچلىرىنى ئۇنتۇشۇپ، بارا - بارا يېقىنلىشىشقا، قوللىرىنى تۇتۇشۇشقا جابدۇنۇپتۇ.

بۇ بەختىۋاش ياشلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئوردا

مەھرەملىرى ئىشىنىڭ بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ، بىرەر پېش-
كەللىكىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، پادىشاھقا ئەھۋالنى دەر-
ھال مەلۇم قىپتۇ.

پادىشاھ بۇنداق كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرغەزەپكە كېپتۇ ـ دە، شۇ زامان بۇ ئىككى ئەدەپسىز بالىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرىدىغانلىقى ھەققىدىكى شۇم خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە مەلىكە بىلەن يىگىتنىڭ كۆڭلىدىن كېچىپتۇ. ئۇلار ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، ھېچ ئىككىلەنمەستىن قول تۇتۇشقان ھالدا باغنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، قۇمال-تاغ ئارقىلىق بەشكېرەم تەرەپكە قاراپ قېچىپ كېتىپتۇ.

ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ پاك مۇھەببىتىنىڭ خاسىيىتى بىلەن تاغدىن ئىككى ئادەم پاتقۇدەك بىر يول ئېچىلىپ، ھېلىقى ياشلار-نىڭ قېچىش يولىغا كۆپ ئوڭايلىق تۇغدۇرۇلۇپتۇ. ئۇلار تاغدىن ئېچىلغان بۇ يول بىلەن كۇچىمەيلا ئۆتۈۋاپتۇ.

پادىشاھنىڭ ياساۋۇل ـ نۆكەرلىرى ئىشق (ئىت) يولىنىڭ جاكۇ (چوڭقۇر يەر مەنىسىدە) دېگەن يېرىگە كەلگەندە ئاشىقلارنى تۇتۇۋاپتۇ. تاغنى تالقان قىلغۇدەك نۆكەرلەر پادىشاھ ئەمرىنىڭ كۈچى بىلەن شۇنداق دەرغەزەپكە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ غۇنچىدەك ھۆسن ـ جامالى، نارەسىدە قەددى ـ قامىتى، سەبىي ۋە غۇبارسىز قەلبى، تەلمۈرۈپ تۇرغان خۇمار كۆزلىرى ئۇلارنىڭ ۋەھشىي قىياپىتى ۋە رەھىمسىز قەلبى-نى بىردىنلا يۇمشىتىپ، رەھىمدىللىك شارابى بىلەن مەستخۇش قىلىپ قويۇپتۇ.

نۆكەرلەر ئۆمرىمىزدە پادىشاھ تۇگۇل، ئادەتتىكى كىشىلەر-گىمۇ يالغان ئېيتمىغاندۇق، پەقەت سىلەرنىڭلا ئاجايىپ جىگەر-لىكلىكىڭلار ۋە مەسۇم قەلبىڭلار بىزلەرنى ئۇلۇغ پادىشاھىمىز-نىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلەشكە مەجبۇر قىلدى. ئەمدى بولغۇلۇق بولدى، كاللىسى كېتىش نۆۋىتى كەلسە بىزنىڭ كەتسە رازى

بولۇپ كېتەيلى، ئەمما سىلەرنى تۇتالمىدۇق دەپ مەلۇم قىلايلى، سىلەر يوشۇرۇن ياشاپ، مۇراد ـ مەقسىتىڭلارغا يېتىڭلار. ئۆمرۈڭلار كۆڭۈللۈك ۋە بەختلىك ئۆتكەي، سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز، — دەپتۇ ـ دە، ئارقىسىغا يېنىپ كېتىپ قاپتۇ.

ئاشىق ـ مەشۇقلار بەشكېرەمنىڭ بەشتوغراق دېگەن يېرىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ، ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇققان بولسىمۇ، لېكىن، سۈرۈشتۈرۈشكە ئۆمرى يار بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. لېكىن قۇمالتاغدا ئاشىقلار ئۇچۇن ئېچىلغان كەسمە يول كىشىلەر تەرىپىدىن «ئىشق يولى» (جانلىق تىلدا «ئىشت يولى» دېيىلىدۇ) دەپ ئاتىلىپ، ئاشىقلارنىڭ ئىش ئىزلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ھېكايە قىلىنىپتۇ.

پادىشاھ ئوردىسىدىكى مىرزىلار پادىشاھقا ئۇقتۇرماي مەخپىي كېلىشىپ، ئۇستۇن ئاتۇشتىن كېلىدىغان چاقماق دەرياسى (ئاقسۇ دەرياسى) سۈيىدىن بىر «قىزلىق سۇ» ئايرىپ، مەلىكە ئائىلىسىنىڭ ئىشلىتىشىگە ئاجرىتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، بەشكېرەملىكلەر «بىر قىزلىق ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىدىغانلار» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

مەلىكە ئۆمرىنى ئاخىرغىچە كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپ، شۇ يېرىدە ۋاپات بوپتۇ. ئۇنىڭ جەسىتى بەشتوغراقتا دەپنە قىلىنغان بولۇپ، مەلىكىنىڭ قەبرىسى شۇنىڭدىن باشلاپ «بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپتۇ ۋە ئەسىرلەردىن بۇيان كىشىلەر ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدىغان، ئىخلاسمەنلىك بىلەن دۇئا قىلىدىغان، ساپ دىلى بىلەن ئېتىقاد قىلىدىغان بىر مۇقەددەس جايغا ئايلىنىپتۇ. بۇ جاي ھازىرمۇ مۇھاپىزەت قىلىنىپ ساقلىنىپ كېلىنمەكتە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئېلى قاسىم، قەشقەر كونىشەھەر بەشكېرەم يېزا يېڭىئېرىق كەنتىدىن.

# رابىيە كاشغەرى

يۈسۈپ قادىرخان غوجام زامانىسىدا رابىيە كاشغەرى دېگەن بىر شائىرە ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئاجايىپ بىر ئادىتى بولۇپ، ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى نامازدىگەردىن كېيىن ئۆگزىگە چىقىپ، يۇلتۇزلارغا قاراپ، مۇناجات ئوقۇيدىكەن. تۈن نىسپى بولغاندا ھۇجرىسىغا چۈشۈپ، ئازراق غىزالىنىپ، بىردەم ئارام ئېلىپ، شېئىر يازىدىكەن. ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى ئۇستازى ئۆگەتكەن بولۇپ، يەتتە يېشىدىن باشلاپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىكەن. رابىيە رەسىدە بولۇپ، يېشى سەل ئېشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئاتا-ئانىسىنىڭ ياتلىق قىلىپ قويۇش توغرىسىدىكى تەلىپىنى رەت قىلىپ ئۇنىمايدىكەن. ئامال تاپالمىغان بىچارە ئاتا-ئانا ئىلاجىسىز ھەر قېتىم كەلگەن ئەلچىلەرنى ئىنتايىن تەسلىكتە ئۆزرە بىلەن قايتۇرىدىكەن. بۇ ئۇچۇر قانداق بولغان قازىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. قازى رابىيەنىڭ دادىسىنى چاقىرىپ قىزىڭىزغا ئوبدان نەسىھەت قىلىسىڭىز، بىزنىڭ بۇ مەملىكىتىمىزدە قىزلارنىڭ ياتلىق بولۇش قەرەلى ئېشىپ كەتسە، باشقا كىشىلەرگە گۇناھى يېتىدۇ. شۇڭا قىزىڭىزنىڭ تۇرمۇشىنى بۇرۇنراق ئۆتكۈزسىڭىز دەپتۇ. ئاتا قىزىغا كۆپ نەسىھەت قىلسىمۇ رابىيە ئەسلا قۇلاق سالماپتۇ. قازى بەلگىلەپ بەرگەن مۆھلەت ئېشىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قازى بۇ ئىشنى يۈسۈپ قادىرخانغا مەلۇم قىپتۇ.

پادىشاھ بىر كۈنى رابىيەنى ئوردىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن ياتلىق بولماسلىقنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

رابىيه «مۇشۇ دۇنيادا خوتۇن كىشىنىڭ ئىشى ناھايىتى
جىق، ئەمما ئۇنى ئەرلەر بىلمەيدۇ. مەن ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى
ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى ساناپ، ئايالالارنىڭ ئىشى بىلەن يۇلتۇز-
لارنىڭ سانى تەڭ ئىكەن دېگەن ئويغا كەلدىم. مۇبادا يۇلتۇزدىن
بىرەرى چۈشۈپ كەتسە، ئايالالارنىڭ بىر تۈرلۈك ئىشى قىسقىرى-
غاندەك تونۇشتا بولىمەن. شۇڭا، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار مۇبادا
ئازلاپ قالسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ياتلىق بولۇشنى ئويلىشىپ كۆرى-
مەن» دەپتۇ.
يۇسۇپ قادىرخان بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئەقىللىق
قىزىم رابىيە، مەقسىتىڭىزنى چۈشەندىم. ئايالالارنىڭ ئىشى ھە-
قىقەتەن كۆپ، ئەمما بۇنى ئېتىراپ قىلىدىغانلار يوق ھېسابتا.
مەن بۇ تەڭسىزلىكنى ئوڭشاش ئۈچۈن خانلىق نامىدىن يارلىق
چىقىرىمەن، سىز ئالدى بىلەن ياتلىق بولۇڭ، ئۆي تۇتۇڭ،
پەرزەنتلىك بولۇڭ، بىزنىڭ بۇ ئېلىمىزدە ھەر قانداق ئادەمنىڭ
بىر جۈپتى، ئۆيى بولۇشى لازىم. جۈپتى يوق، ماكانسىز كىشى-
لەر يىپى يوق لەگلەكتەك، تۇترۇقسىز كېلىدۇ. ياشاشقا ئىشەن-
چى تولۇق بولمايدۇ. باشقۇرۇش تەس، پەرزەنت بولمىسا، چوڭ-
لارنىڭ نام ـ نىشانى يوقايدۇ، ئېزى ئۆچىدۇ، شورى قۇرىيدۇ،
ئەل ـ يۇرت غېرىبسىنىپ، خاراب بولىدۇ، رەقىبلەرنىڭ ۋەيران
قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ خاسىيەتلىك ياتقان
جايلىرى نىجىسلارنىڭ ئايىغىدا خارلىنىدۇ» دەپتۇ.
رابىيە ئۇلۇغ شاھنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن قىلغان نەسىھىتى-
دىن تەسىرلىنىپ، ياتلىق بولۇشقا ماقۇل بوپتۇ. بۇنىڭدىن ھەم-
مەيلەن مەمنۇن بوپتۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن، يۇسۇپ قادىرخان غوجام ئىككى تۈرلۈك
يارلىق چىقىرىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ئېلان قىپتۇ. بىرى، جۈپ-
تى بولغان، تېنى ساغلام ھەر قانداق ئەركەك، بىر ھەپتىلىك
ئىش ـ ئوقىتىدىن كېيىن، ھەر پەيشەنبە كۈنى كەچتە ئايالىرىغا

پەيشەنبىلىك بېرىپ، ئاياللارنىڭ ئاشۇ بىر ھەپتىلىك ئەجرىنى ياندۇرۇشى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر قېتىمقى ھېيت - ئايەم كۈنلىرى ئەركەكلەر ئاياللىرىغا ۋە ئايال جىنسىتىكى كىشىلەرگە ھېيتلىق بېرىش، بىر يۇرۇش ياخشى كىيىملىك تەييارلاپ، ئۇس-تىۋېشىنى يېڭىلاپ بېرىش قەرز. مۇبادا كىمدەكىم «پەيشەنبى-لىك» ۋە «ھېيتلىق» بېرەلمىسە، ئۇنداق ئادەم ئەركەك ھېساب-لانمايدۇ. بۇ قائىدىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داۋاملاشتۇرۇش لازىم. ئىككىنچى، رابىيەنىڭ شېئىرلىرىنى «رابىيە كاشغەرى» نامى بىلەن كۆچۈرۈپ تارقىتىش. مۇشۇ يارلىقتىن كېيىن رابىيە كاشغەرىنىڭ نامى ئەل ئارىسىغا تارقىلىپتۇ. شېئىرلىرى ئاۋام ئارىسىدا ئوقۇلىدىغان بوپتۇ. ئەركەكلەر ئاياللارغا پەيشەنبىلىك، ھېيتلىق بېرىدىغان ئادەت بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەپتۇ. ئايال-لارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالىدىغان، ئۇلاردىن بىرەر نەرسە تەمە قىلىدىغان كىشىلەرنى «خوتۇن كىشىدىن پەيشەنبىلىك تىلەيدى-غان» دەپ مەسخىرە قىلىش شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئوسمان قاسىم



## مەھمۇد كاشغەرى ھەققىدە رىۋايەتلەر

### ئۇيچولپان

كۆنلەرنىڭ بىر كۈنى، ئوپال دىيارىنىڭ پادىشاھى شاھى ئىبراھىمنىڭ ئىجازىتى بىلەن شاھزادە ئەمىر ھۈسەيىن ھەمراھلىرىنى ئېلىپ كۈن يۇرۇش تامان ئوۋغا چىقىپتۇ. بۇك ـ باراقسان جاڭگال، تاغ ـ قاپتال، قايراقلارغا بۇركۇت قويۇپ، ئوقيا ئۈزۈپ نۇرغۇن ئولجىغا ئىگە بوپتۇ. قايتىش ئالدىدا ئازىق دارىسى تەرەپتىن بىر كېيىك كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە دەرھال كىرىچ تارتىپ ئوقيا ئۈزۈپتۇ. مەجرۇھ كېيىك قاپتالدىكى توقايغا قېچىپتۇ. كېيىكنى قوغلاپ يۈرۈپ بىر تۆپىلىككە كېلىپ قالغان شاھزادە كېيىكنى نەزەردىن قاچۇرۇپ قويۇپتىمۇ، تۆپىلىكنىڭ ئاستىدىكى يېشىللىققا پۈركەنگەن باغدىكى ئانار شاخلىرى ئارىسىدا خۇددى تىنىق كۆكتە يالتىراپ تۇرغان چولپاندەك بىر ساھىبجامالغا تىكىلىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

شاھزادىنى بۇ ھالدا كۆرگەن ھەمراھلىرى:

— نېمىگە مۇنچىۋالا زېھىن ـ زوق بىلەن قاراپ كەتتىلە؟ — دەپ سورۇشتۇرۇپتۇ.

— ئويدا چولپان كۆردۈم، — دەپتۇ شاھزادە ۋە تۆپىلىكتىن چۈشۈپ، ھېلىقى باغنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى بۇلاقنى چۆرىدەپ بەرپا قىلىنغان سۆگەتلىك بوستانلىققا كەلگەندە ئارام ئېلىپ ئوزۇقلىنىشقا پەرمان بېرىپتۇ. ئاتلارنى يول بويىدىكى قارا سۆ-

گەتلەرگە باغلاپ، بولاق بېشىدىكى چىمەنلىكتە ئورۇن راسلاۋاتـ
قان شىكارچىلارنىڭ ئۇپۇر - توپۇرىنى ئاڭلاپ، ئۇجمە شاللىرىـ
دىن ئىشلەنگەن يوغان دەرۋازىدىن چىقىپ كەلگەن باغۋەن ئېھتىـ
رام بىلەن سالام بېرىپ، ئۆزىنى موللا سەيپىدىن دەپ تونۇشتۇـ
رۇپ مېھمانلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ. شاھزادە ھۇسەيىن «بىز
شىكار قىلغۇچىلار، بۇ ھاۋاسى تولىمۇ باب يەر ئىكەن، ئارام
ئېلىپ ئۆتسەك دېدۇق، رەھمەت، بىئارام بولمىسىلا» دەپتۇ.
شاھزادە موللا سەيپىدىن ئاكىغا ئاستىدىكى تۆگە يۇڭىدىن توقۇلـ
غان پالاس ئۈستىدىكى يولۋاس تېرىسىدىن ئورۇن بېرىپتۇ ۋە
مۇلازىملىرىنى تىنىق بۇلاق سۈيىدىن ئۇسسۇزلۇق كەلتۈرۈشكە
بۇيرۇپتۇ.

موللا سەيپىدىن ئاكا «ئۇسسۇزلۇقنى ئۆزۈم كەلتۈرەي»
دەپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە كىرىپ قىزى بۇۋى رابىيەـ
گە ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇۋى رابىيە چەبدەسلىك بىلەن بىر
ئانارنى سىقىپ گۈللۈك ساپال تاۋاقنى تولدۇرۇپ خونچىسىغا
سېلىپ ئاتىسىغا بېرىپتۇ. ئاتىسى ئۇنى ئېلىپ چىقىپ شاھزادىگە
سۇنۇپتۇ. سۇ ئورنىغا ئانار شەربىتى سۇنغان بۇ ئائىلىنىڭ ئاق
كۆڭۈل، مېھماندوستلۇقى ۋە سەممىيىتىنى چۈشەنگەن ئەمىر
ھۇسەيىن يەنىمۇ چوڭقۇر سىناپ كۆرۈش مەقسىتىدە يەنە بىر
تاۋاق سۇ سوراپتۇ. بۇ چاغدا شاھزادە ھۇسەيىننىڭ كۆڭلىدىن
«بۇ ئەھۋالنى شاھ ئاتامغا ئېيتسام، رەئىگە ئانار سېلىقى سېلىنـ
سا، ئوردا ئەمىرلىرى سۇ ئورنىغا ئانار شەربىتى ئىچسەك نېمىـ
دېگەن ياخشى» دېگەن خىيال ئۆتۈپتۇ. قىزنىڭ بۇ قېتىم سىقىـ
ۋاتقان ئانىرىدىن شەربەتنىڭ كەم چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن موللا
سەيپىدىن قىزىغا: «مېھمانلار سۇ سورىغاندىكىن كۆپىنىڭ مۇزـ
دەك سۈيىدىن بەرسەك بولماسمىدى» دەپتۇ. قىز بۇنىڭدىن تەـ
ئەججۈپلىنىپ: «ئى دادا، سۇ سورىغان مېھمان ئانار شەربىتىگە
لايىق بولغانلىقتىن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قىز يەنە چوڭ بىر ئانارنى سىقىپتۇ. تاۋاق يەنىلا تولماپتۇ. ئۈچىنچى ئاناردىمۇ تاۋاق تولماي ئاران يېرىملىشىپتۇ. موللا سەيپىدىن «قىزىم، ۋاقىت ئۆتمىسۇن» دەپ تاۋاقنى خونچىسىغا ئېلىۋاتقاندا، بۇۋى رابىيە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ: «دادا، قىسمەت ئۆزگىرىۋاتىدۇ. تاۋاقنىڭ يېرىملىقى سورۇشتە قىلىنىپ قالسا، شاھزادىنىڭ كۆڭلىگە رەئىمنىڭ سېلىقىنى ئاشۇرىدىغان بىرەر خىيال كەچتىمىكىن، شەربەتتىن بەرىكەت قېچىۋاتىدۇ، دەڭ» دەپتۇ.

سۇنۇلغان شەربەتنى قولغا ئالغان شاھزادە راست دېگەندەك يېرىملىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

موللا سەيپىدىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ۋە قىزى بۇۋى رابىيەنىڭ پەرىزىنى بايان قىپتۇ، شاھزادە موللا سەيپىدىنىنىڭ سۆزىدىن كېيىن، تېخى ھېلىلا رەئىيگە ئانار سېلىقى سېلىش ھەققىدە كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەنلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ توۋا قىپتۇ. ئائىغىچە داستىخان يېيىلىپ شىكار نېمەتلىرى قويۇلۇپتۇ. موللا سەيپىدىنمۇ باغ مېۋىلىرىدىن كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلار ھەمتاۋاق بولۇشۇپ بۇۋى رابىيەگىمۇ نېسىۋە سۇنۇلۇپتۇ.

شاھزادە بۇۋى رابىيەنىڭ ئەدەپ - ھاياسى، ئەقىللىقلىقى، بىلىملىكلىكى ۋە گۈزەللىكىگە چوڭقۇر قايىل بولغان ھالدا موللا سەيپىدىن ئاكا بىلەن خوشلىشىپ ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قايتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇۋى رابىيەنىڭ مەھەللىسى «ئويچولپان» دەپ ئاتىلىپتۇ.

## ئات تويى

شاھى ئېھرام ئوغلى ھۆسەيىن بىلەن دېھقان ئەشرەپ موللا سەيپىدىن قىزى بۇۋى رابىيەنىڭ سەمىمىي مۇھەببىتى ۋىسال چەشمىسىدىن سۇ ئىچىپتۇ. ئاز ئۆتمەي ئارزۇ ئاسمىنىدا پەرزەنت

سۇبھىسى ئاقىرىشقا باشلاپتۇ. توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت، توققۇز دەقىقە تولغاندا بۇۋى رابىيە ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە ئاپتاپ تەلئەتلىك بىر ئوغۇل تەۋەللۇت قىپتۇ. شاھ ئوردىسى خۇشاللىق تەنتەنىسىگە چۆمۈپتۇ. شاھ پۈتۈن يۇرتتىكى ئۆلىما، قازىلارنى، يۇرت كاتتىلىرىنى يىغىپ قىزىل مەسچىتتىكى ئوردە-سىدا ئات تويى ئۆتكۈزۈپتۇ. شاھانە زىياپەت ئاخىرىدىكى دۇئادىن كېيىن تۈرك خاقانلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان ئاق يۆگەكلىك بوۋاقنى ئاق كىگىزگە ياتقۇزۇپ سىپاھلار ئوردا مېھمانخانىسى ئوتتۇرىسىدا كۆتۈرۈپ تۇرۇشۇپتۇ. مېھمانلا-رنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن «شاھىمىزغا مۇبارەك بولسۇن» دەپ مۇبارەكلىشىپتۇ. ئاندىن كېيىن يۇرت قازىسى ئوغۇلنى قولىغا ئېلىپ، پېشانە ۋە تاپانلىرىغا سۆيۈپ «شاھزادىمىز يەتتە ئىقلىمغا شاھ بولغاي» دەپتۇ. شاھى ئېھرام مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپتۇ. يەنە بىرى بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ «پېشانىسىنىڭ كەڭ-لىكى ۋە قۇلىقىنىڭ چوڭلۇقىدىن ئاقىل ۋە باھادىر بولۇشى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئەلۋەتتە بۇ خاسىيەت شاھزادىگە خاستۇر» دەپتۇ. باشقىلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە شاھقا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك خۇشامەت ئۈنچىلىرىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكۈشكە باشلاپتۇ. شاھ ئۆز كۆڭلىدە بۇ سۆزلەرنىڭ ھېچبىرىنى ياقتۇر-ماپتۇ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇۋى رابىيەنىڭ ئاتىسى موللا سەيپىدىن نەۋرىسىنى قولىغا ئېلىپ: «تەڭرىم بىزگە يېڭى مېھماننى ئاتا قىپتۇ. مەن مىڭ مەرتىۋە شۈكرىلەر بەجا كەلتۈرىمەن. ئاتا — ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بەخشەندە قىلىدىغان ھەر قانداق بايلىقى — ئىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگىتىشتىن ئەۋزەل ئەمەستۇر. تەڭرىم نېسىپ قىلسا، نەۋرىمىز تەربىيە كۆرۈپ ئالىم بولغاي» دېگەنىكەن، پۈتۈن سورۇندىكىلەر «باركاللا» دەپ توۋلىشىپتۇ. «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن تەكبىر ساداسى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. شاھ خۇشاللىقىدىن كۆز يېشىنى تۇختىتالماي نەۋرىسىنى قولىغا ئې-

لىپ، پېشانىسىگە سۆيگەندىن كېيىن كۆپچىلىككە قاراپ: «مەن
يەتتە ئىقلىمنىڭ شاھلىقىدىن نەۋرەمنىڭ ئالىم بولغىنىنى چوڭ
بىلىمەن. ئالىملىق ئىككىلا دۇنيانىڭ نىجادلىقى ۋە شاھلىقى-
دۇر. ۋەلىگە ئوخشاش قۇدىمىز سەيپىدىن ئاخۇن كۆڭلۈمدىكى
ئارزۇيۇمنى تاپتى. مەن بەكمۇ رازى بولدۇم. شۇڭا بۇگۈندىن
باشلاپ پۈتۈن ئەل - يۇرت بۇ كىشىنىڭ نامىنى (سەيپىدىن
ۋەلىيۇللا) دەپ ئاتىغاي» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئۇنىڭدىن
كېيىن بوۋاقىغا نېمىدەپ ئات قويۇش توغرىسىدا مەسلىھەت بوپتۇ.
ئۆلىمالاردىن بىرى: «‹مەھمۇد›، ماختانغۇچى، يەنى ياخشى
خۇلق - پەزىلەتلىرى بىلەن ماختانغۇچى دەپ قويساق. چۈنكى
بۇ ئاتنى تەشكىل قىلغۇچى بەش ھەرپ خاسىيەتلىك مەنىگە ئىگە.
‹م› (مىم) مېھىر - شەپقەت، مۇرۇۋۋەت، ماھارەت، مەمنۇنى-
يەت دېگەن مەنىلەرنى؛ ‹ھ› (ھـ) ھەمدۇسانا، ھاياتبەخش،
ھاياتلىق، ھازىر (تەييار)، ھۆر، ھېلىم (مۇلايىم) دېگەن مەنى-
لەرنى؛ ‹م› (مىم) مۇددىئا، مۇراد - مەقسەت، مۇنس (ھەم-
راھ) دېگەن مەنىلەرنى؛ ‹و› (ۋاۋ) ۋارسولئولۇم، ۋاپادار،
ۋايىغا يەتكۈزۈپ دېگەن مەنىلەرنى؛ ‹د› (دال) دىيانەتكار، دا-
دىل، دىلكوشا، دىلرەبا دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ» دەپ تەكلىپ
بېرىپتۇ. شاھى ئېھرام مېھمانلار ئالدىدا: «كۆز نۇرىمىز بولغان
نەۋرىمىزنىڭ ئېتى مەھمۇد ئىبن ھۇسەيىن بولسۇن. ئوغلىمىز
ھۇسەيىن — بۇ مۇبارەك پەرزەنت ھۇرمىتىدىن ئەمىر سۇلتان
ھۇسەيىن دەپ ئاتالسۇن. خالايىق ئىچىدە ئىلمۇ ھۇنەر شۇنداق
روناق تاپسۇنكى، ئىلىم - ھۇنەر بىلىمىگەن بىرەر كىشى سەلتە-
نىتىمىز تەۋەسىدە كۆرۈنمىگەي. ھەرقانداق كىشى ئىلىم - ئەخ-
لاق ئىگىسى بولۇپ، پەزىلىتىنى ئارتتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي
بىباھالىقىنى كۆرسەتكەي، كىمكى ئىلىم - ھۇنەر ئەھلى بولۇشقا
ئادەتلەنمەيدىكەن، مۇنداق كىشىلەر ئۆزىنى ئۆزى خار قىلغۇچى-
لاردۇر. ئۇنداقلار ھاشارغا ھەيدىلىپ سېلىقى ئېغىرلىتىلسۇن»

دېگەن پەرماننى چۈشۈرۈپتۇ.

## ئېھرامنىڭ نەسىھىتى

مەھمۇد كىچىك تۇرۇپلا خۇش چاقچاق، چەبدەس، چاققانلىقى، ئۆگىنىشتە ئەستايىدىل ۋە تىرىشچانلىقى، ئەستا ساقلاش قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن ھەممىنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپتۇ. شاھزادىلەر ئۆگىنىشى زۆرۈر بولغان ھەربىي ئىلىملەردىن ئات چېپىش، تىغۋازلىق، نەيزىۋازلىق، ئۇمۇدۋازلىق، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق جەڭ ماھارەتلىرىنى؛ دىنىي ئىلىملەردىن ناماز سۈرىلىرى، ھەپتىيەك، قۇرئان، ھەدىس، ئىلمىي شەرىئەتكەچە؛ دۇنياۋى ئىلىملەردىن ئىلمىي ھېساب، ئىلمىي ھەدىس، ئىلمىي ئەبجەد، ئىلمىي تەجۋىت، ئىلمىي سەرب، ئىلمىي نەھۋى، ئىلمىي مەنتىق، ئىلمىي نۇجۇم، ئىلمىي تېبابەت، ئىلمىي تەرىقەت، جۇغراپىيە قاتارلىق زامان ئىلمىدىن كامالى ماھارەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىگىلەپتۇ.

يېشى ئوتتۇزغا يېقىنلاشقاندا «مەدرىسەئى ساچىيە» دىن ئۇستازى ھۇسەيىن ئىبن خەلەپ قەشقەرىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، ئوپال قىزىل مەسچىتتىكى ئوردىسىغا قايتىپتۇ. شاھزادە مەھمۇدنىڭ مەدرىسىنى تۈگىتىپ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن شاھى ئېھرام نەچچە توققۇز مال سويۇپ توي ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. دادىسى ئەمىر سۇلتان ھۇسەيىن ئوغلىغا تون ـ سەرپاي يېپىپتۇ. ئانىسى بۇۋى رابىيە بەخت تىلەپ پېشانىسىدىن سۆيۈپتۇ.

زىياپەت ئاخىرىدا شاھى ئېھرام نەۋرىسى مەھمۇدنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «كۆپ ئۇستازلار ئۆز ئىلھاملىرىنىڭ نۇرى بىلەن كۆزۈڭنىمۇ، كۆڭلۈڭنىمۇ مۇنەۋۋەر قىلدى. نۇرغۇن كىتاب ئوقۇپ نۇرغۇن سىرى ـ ھېكمەتلەرنى ئۇقۇۋالدىڭ. لېكىن، سەن تېخى ئوقۇمىغان ۋە ئوقۇمىساڭ بولمايدىغان شۇنداق بىر بۈيۈك

كىتاب باركى، ئۇ بىزنىڭ بىپايان زېمىنىمىز ۋە ئۇنىڭدا ياشاۋاتقان ئۇلۇغ خەلقىمىز، بوۋىلىرىمىز «ئۆزىنى بىلمىگەن ئۆزگىنى بىلمەس» دېگەنىكەن. سەن ھەممە قەبىلە، ئۇرۇق - ئايماقلىرىمىز، تاغ - دەريا، ئورمان، يايلاق، ئېكىن - كەنت، شەھەر، قىشلاقلىرىمىزنى ئارىلاپ چىق. ئۇلارنى ئۆگەن ۋە چۈشەن» دەپتۇ. ھەممىدىن ئۇنىڭ ئىلىمدە راۋاج تېپىپ كامالەتكە يېتىشىنى تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپتۇ. «ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن سادا پۈتۈن ئوردىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتۇ.

## سەپەر

مەھمۇد كاشغەرى بوۋىسى شاھى ئىبرامنىڭ تەلىپىنى، دادىسى ھۈسەيىن بىلەن ئانىسى بۇۋى رابىيەنىڭ تىلەكلىرىنى ئىرادە ۋە كۈچ قىلىپ، ئوغۇز، چىگىل، قارلۇق، ياغما، قىپچاق، باسمىل، ياباقۇ، توخسى، ئوغراق، چارۇق، جۇمۇل، قىرغىز قاتارلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى، تىلى، تامغا، ئورانلىرى، ئۆرپ - ئادەت، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى، ئىسىملىرى، مۇراسىملىرى، ياشىغان زېمىن، تاغ، دەريا، كۆل، يايلاقلار، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئىتتىك، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي مۇناسىۋەتلىرى، ئىلمىي پەلسەپۋى چۈشەنچىلىرى، ناخشا - قوشاق، داستان، ماقال - تەمسىللىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

بىراق، ئاز ئۆتمەي ئوردىدا سۇيىقەست يۈز بېرىپ بوۋىسى ۋە ئانىسى قاتارلىق ئەڭ يېقىن دىلكەشلىرى ۋاپات بوپتۇ. سۇيىقەستچىلەر مەھمۇدنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. مەھمۇد بولسا، سۇيىقەستچىلەرگە يېقىنلىغان قەبىلىلەردىن يېقىنمىغان قەبىلىلەرگە ئۆتۈپ يۈرۈپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

خاقانىيىدىن يەتتىسۇغا، يەتتىسۇدىن ماۋرەئۇننەھرگە ئۆتۈپ-

تۇ. ئۇ يەردىمۇ ئەمىنلىك تاپالمىغان مەھمۇد قەشقەرى جەمەتى-
نىڭ ئىخلاسمەنلىرى ۋە بوۋىسىنىڭ بىر نەۋرە تۇغقانلىرىغا سېغى-
نىپ باغداتقا كەپتۇ. مۇكەممەل چۇشەنچىلىرى ۋە چوڭقۇر ئىل-
مىي ئىقتىدارى بىلەن يۈكسەك ھۆرمەت ۋە ئىناۋەتكە نائىل
بوپتۇ. بۇ كۈنلەردە باغداتتا گەرچە خەلىپە ئەرەب بولسىمۇ ئەمە-
لىي ھوقۇق ئاساسەن تۈركلەرنىڭ قولىدا ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن
تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئېھتىياج ئىكەن.
باغدات جەمئىيىتىدە تۈرك تىلىنى بىلگەنلەرنىڭ مەسىلىسى ھەل،
توققۇزى تەل، ئىناۋىتى يۇقىرى ئىكەن. ئەرز - دادىنى ئېيتىش
ئۈچۈن باغداتقا كەلگەنلەر، ئەمەل تەمەسىدىكى ئەرەب زىيالىيلى-
رى، مەنسەپ - دەرىجىلىرىنى ئۆستۈرۈش يولىدا قولتۇقىغا شوتا
قىستۇرۇپ يۈرىدىغانلارنىڭ ھەممىسى تۈركلەرگە خۇشامەت ۋە
تەۋەززۇ قىلىشىدىكەن. مۇشۇ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن مەھمۇد كا-
شىغەرى ئەرەبلەرنىڭ تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشى ۋە تۈركلەرنى
چۈشىنىشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئۆز ۋەتىنى ۋە خەلقىگە بول-
غان سېغىنىش ۋە ھۆرمەت ئىپتىخارىنى ئىپادىلەپ لۇغەتشۇناس-
لىقنىڭ تېخى مىسلى كۆرۈلمىگەن ئاجايىپ نادىر مېۋىسى سۈپە-
تىدە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق تەڭداشسىز كىتابنى يېزىپ
پۈتتۈرۈپ خەلىپە مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىپتۇ. ئۇزۇن
ۋە مۇشەققەتلىك سەپەر ۋە سەرسانچىلىقتا ئىگىلىگەن مەلۇمات ۋە
ماتېرىياللار بۇ كىتاب ئۈچۈن قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بوپتۇ.

## ئانا ۋە ۋەتەن تەشنالىقى

مەھمۇد كاشغەرى يازغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن
بۇ كىتاب مۇقتەدىگە تەقدىم قىلىنغاندىن كېيىن خەلىپىنىڭ بۇي-
رۇقى بىلەن ئوردا دىۋانخانىسىدا بىر نەچچە نۇسخا كۆپەيتىلىپ
تارقىتىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىنىڭ نام - شۆھ-

رىتىمۇ دۇنياغا پۇر كېتىپتۇ. لېكىن، نام ـ شۆھرەت، شاھانە
ئىززەت ـ ئېكراملار ئۇنىڭ قەلبىنى ئىگىلىگەن يېتىم ۋە تۇل
ئانىسى بۇۋى رابىيە ۋە تۇغۇلغان ۋەتىنىگە بولغان چوڭقۇر سېغى-
نىشىنى بەزلىيەلمەپتۇ. بۇ كۇنلەردىكى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ
پۇتۇن ئەس ـ يادى ئانا يادى، ۋەتەن يادى بىلەن بەند بوپتۇ.
يېشى ئۇلغايغانسېرى ئۆزى توپلىغان «دېھقانىنىڭ ياخشىسى چام-
غۇر تېرىيدۇ، ئادەمنىڭ ئوبدىنى ئۆز ئېلىدە قېرىيدۇ» دېگەن
خەلق ماقالى يادىدىن كەتمەس بولۇپ قاپتۇ. كۇنلەردىن بىر كۇنى
«بۇيۇك كارۋان يولى» بىلەن باغداتقا كەلگەن ۋەتەنداش سودىگەر-
لەر بىر پارچە نامە بىلەن ئانىسى بۇۋى رابىيەنىڭ پەرزەنت داغى
بىلەن باغرىنى داغلاپ، پەرزەنت يادى بىلەن كۇن ـ تۇن يىغلاپ،
پەرزەنت دەردى بىلەن كۆڭلىنى تىغلاپ، پەرزەنت ئىستىكىدە
بېلىنى باغلاپ كۆك ئارت، ئۇلۇغ ئارت، مۇق يولى (مۇرغ يولى
— قۇش يولى)، ئوپال ئارت تەرەپنى قىبلە قىلىپ، ۋەسلى
دىدارى ئۇچۇن سەدپارە بولۇۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەپتۇ.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ سېغىنىش تەشنالىقى ئوت بولۇپ يانغان
مەھمۇد كاشغەرى سودىسىنى پۇتتۇرگەن سودىگەرلەر بىلەن ۋە-
تەنگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. سەپەرداشلىرى ئۇنى ئىززەتلەپ ئەڭ
كۇچتۇڭگۇر نار تۆگە ئۇستىگە سايىۋەنلىك كۇشۇگە ياساپ بېرىپ-
تۇ. خەتەرلىك داۋان ـ ئۆتكەللەردە بولسا ھەتتا يۇدۇپمۇ ئۆتكۇ-
زۇپتۇ. تېھران، ھىرات، كۆك ئارت، ئۇلۇغ ئارت، مۇق يولى،
ئوپال ئارت بىلەن ئۇچ ئاي چامىسى يول يۇرۇپ نىھايەت تۇغۇلغان
ئانا ۋەتىنىگە قايتىپ كەپتۇ. «بۇيۇك كارۋان يولى» بويىدىكى
«كۆۋرۇك بېشى» دېگەن يەرگە كەلگەندە ھايات بۇۋى رابىيەنى
ئەمەس، پەرزەنت پىراقىدا تولا يىغلاپ كۆز يېشى قۇرۇغان،
ھىجران ئوتىدا كۆيۇپ كۆلگە ئايلانغان مېھرىبان، غەمگۇزار
ئانىسى رابىيەنىڭ قەبرىسىنى كۆرۇپ، قەبرىگە ئۆزىنى ئېتىپ،
ئانا قەبرىسىنى پەرزەنتلىك سېغىنچى يېشى بىلەن يۇيۇپتۇ. نەزىر

- چىرىغىنى ئۆتكۈزۈپ تۇپرىقىنى قاتۇرۇپتۇ.

## مەھمۇد كاشغەرى ۋە ئىخلاسمەن ئەما

مەھمۇد كاشغەرى «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» دە مۇدەررىسلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىرىدىن بىرى مەھمۇد كاشغەرىگە:

— مەن دەرگاھى ھەقتىن، دائىما ناھايىتى كاتتا نەرسىلەرنى سوراپ: «سېنىڭ ئۇلۇغ كەرەملىك دەرگاھىڭدىن ناپىسەنت نەرسە سورىغۇچىلارنىڭ كۆزلىرى كور بولسۇن» دەيمەن، — دەپتۇ.

— سېنىڭ سورايدىغان كاتتا نەرسەڭ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ مەھمۇد كاشغەرى.

—جانابلىرى، ئالدىلىرىدا تۇرغان مۇشۇ تاغنى قىپقىزىل ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بەرسىلە دېگەن ئىلتىجا ئىدى، — دەپتۇ ئۇ.

ئارىدىن ئىككى - ئۈچ يىل ئۆتۈپ ھېلىقى ئىخلاسمەن بىر چاكىرىغا ئۆزىنى يېتىلەتكىنىچە كىرىپ، سالامدىن كېيىنلا، كۆزىنىڭ ئەما بولۇپ قالغانلىقىدىن زارلاشقا باشلاپتۇ.

مەھمۇد كاشغەرى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ: «تەڭرى بىزگە يەتتە ئەزادىن ئىبارەت تۈگىمەس بايلىقنى ئېھسان قىلدى. ئۇنى چۈشىنىپ يېتىشكە سەن بىزنىڭ ئەقلىمىز كوتالىق قىلىدۇ. چۈنكى بىزگە بېرىلگەن بۇ بايلىقنى جايىدا ئىشلىتەلىسەك، دۇنيادىكى ھەممە تاغلارنىڭ ئالتۇن بولغىنىدىنمۇ چوڭراق بايلىق بولار ئىدى. مۇبادا سەن دېگەن مۇشۇ تاغنىڭ ئارزۇ قىلغىنىڭدەك ئالتۇن بولغىنىدىن كۆرە، كۆزۈڭنىڭ ئەما بولمىقى خوپراق ئىدى.

—مەن تەڭرىگە تائەت - ئىبادەت قىلىپ ئۇنىڭدىن نېمەت

سورىسام، ئۇ كۆزۈمدىن كىچىككىنە نۇرنىمۇ ئېلىۋېلىپ ئەما قىلىپ قويامدۇ؟ بۇ قانداق ئادالەت؟ — دەپتۇ ھېلىقى ئىخلاس-مەن.

— ئۇنداق دېمە، — دەپتۇ مەھمۇد كاشىغەرى، — تەڭرىم سىېنىڭ دۇئالىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئىجابەت قىلىپ ئادالەتنى زا-ھىر قىپتۇ. تاغنى ئالتۇن قىلىپ بېرىشنى تىلىگەنىدىڭ. ئۇنىڭ-دىن كاتتىراق ھەقىقىي بايلىق بولغان تەن سالامەتلىكنى بېرىپ ساڭا مەرھەمەت ئېھسان قىلدى. سەن ئۇنى توغرا ئىشلىتىپ شۇكرىلەر بەجا كەلتۈرمەي خەس دۇنيا ئارزۇسىدا بولغانسەن. سەن ئۆز تەلىپىڭدە «ناپىسەنت نەرسە سورىغۇچىلارنىڭ كۆزلىرى كور بولسۇن» دېگەنىدىڭ. بۇ دۇئا، تەلىپىڭمۇ ئىجابەت بوپتۇ. چۈنكى دەرگاھى ھەقنىڭ ئالدىدا تاغلارنى ئالتۇن قىلماقتىنمۇ ئاددىي ۋە ئاز نەرسە بولمايدۇ. . . ئەگەر سەن مەندىن: «تەڭرىگە دۇئا قىلىشىڭدىكى مەقسىتىڭ نېمە؟» دەپ سورىساڭ ئىدىڭ، مەن ساڭا: «تەڭرىگە قىلىنىدىغان ئەڭ ئالىي تىلەك تەن سالامەت-لىك، خاتىرجەملىك، ئەقىل ۋە ئىلىمگە كامالەت بەرگىن دېگەن-دىن ئىبارەت، دەپ مەسلىھەت بەرگەن بولار ئىدىم» دېگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىن ئىسمائىل ئىبراھىم، مۇھەممەت ئوسمان، مۇھەممەتئىمىن ئەمەت.
توپلىغۇچىلار: كونىشەھەر ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن ئابدۇرې-ھىم ئەخمەت، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلىدىن ھاجى ئەخمەت.

## نەۋائى

### 1

### ئەلىشىر بىلەن بۇلبۇل

ئىلگىرىكى زاماندا غىياسىدىن كىچىك دېگەن ئادەمنىڭ ئەلىشىر ئىسىملىك ئوغلى بار ئىكەن. بالا كىچىكىدىن زېرەك بولۇپ ئۆسۈپتۇ. توققۇز ياشقا كىرگەندە شېئىر يېزىشقا باشلاپتۇ. كىشىلەر ئۇ يازغان شېئىرلارنى قولاق سېلىپ ئاڭلايدىغان بوپتۇ. ئەمما، بالا يازغان شېئىرلىرىنىڭ ئاستىغا ئۆز نامىنى نېمىدەپ قويۇشنى بىلمەيدىكەنمىش.

ئەلىشىر بىر كۈنى يېڭىدىن يازغان شېئىرىنى تاماملاپتۇ-دە، باغقا چىقىپ، چىرايلىق ئاۋازى بىلەن ئوقۇشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا باغدىكى مېۋىلىك دەرەخنىڭ شېخىدا ئولتۇرغان بۇلبۇل ئەلىشىرنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ياش شائىرنىڭ گاھ قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق، گاھ تاڭ شامىلىدەك مەيىن ئاۋازى بۇلبۇلنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋاپتۇ. بۇلبۇل دەرھال ئۇنىڭ يەلكىسىگە قونۇپتۇ-دە:

— ھەي، خوش ئاۋاز شائىر، سەن ئوقۇغان شېئىرلار بۇلبۇللارنىڭ سەھەردىكى نەۋاسىدىنمۇ يېقىملىق ئىكەن، نامىڭنى بىلسەم بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

— مەن ئەلىشىر بولىمەن، — جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

—بىلدىم - بىلدىم، يېڭى يېتىشكەن شائىر ئىكەنسەن - دە، ئەمدى سەن ئۆزۈڭگە چىرايلىق بىر نام تاللاپ، شېئىرلىرىڭنىڭ ئاستىغا شۇ نامىڭنى قوشۇپ قويغىن.

ئەلشىرگە بۇلبۇلنىڭ «نەۋا» دېگەن سۆزى ياراپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يازغان غەزەللىرىنىڭ ئاستىغا «نەۋائى» دەپ يېزىپ قويىدىغان بوپتۇ.①

## دانىشمەن ئەلشىر

بىر يېزىدا راخمانقۇل دېگەن يىگىت ياشايدىكەن، راخمانقۇلنىڭ ئاتىسى ياشلىقىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، يالغۇز ئانىسى بىلەن قالغانىكەن. ئانىسى بەكمۇ قېرى ئىكەن. راخمانقۇللارنىڭ بىساتىدا بىرلا سىيىرى بار ئىكەن. راخمانقۇل جاڭگالدىن ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن. ئانىسى سىيىرنى باقىدىكەن. ئانا - بالا ئەتىدىن كەچكىچە موھتاجلىق ئىچىدە تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. نېمە سەۋەب بولدى، راخمانقۇل شېئىر يېزىشقا ھەۋەس قىلىپ قاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۇ شېئىر يېزىپتۇ - دە، ھەقەمسايىلىرىگە ئوقۇپ بېرىپتۇ. ئولتۇرغانلاردىن بىرى دەپتۇ:

—ھەي راخمانقۇل، سەن چوڭ شائىر بولىدىغان ئوخشايسەن، مۇشۇ قەدىمىڭ بىلەن ساڭا شائىرلىق يولى نېسىپ بولسۇن، ياخشىسى تاپقان - تۈگكىنىڭنى ئېلىپ، ھىرات دېگەن شەھەرگە بار. ھىرات شەھىرىدە ھەزرەت نەۋائى دېگەن شائىرلارنىڭ پىرى بار ئىمىش. ئۇ كىشى بىلەن ئۇچراشساڭ شائىرلىقنى ئۆگىنىۋالالايسەن.

بۇ گەپ راخمانقۇلغا ماقۇل كېلىپ، ھەزرەت نەۋائىنىڭ ئالدىغا بارىدىغان بوپتۇ. تاپقان - تەرگىنى تىرىكچىلىككە ئاران يېتىدىغان، بىر سومۇمۇ ئارتۇق پۇلى يوق راخمانقۇل ئويلا - ئويلا

ئاخىر سېغىن كالىسىنى ساتىدىغان بوپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان ئانىسى
قوشۇلماي:
— كالىدىن ئايرىلدىڭ — جاندىن ئايرىلدىڭ دېگەن گەپ،
- دەپ تۇرۇۋاپتۇ. راخمانقۇل ئانىسىغا:
— مەن شائىر بولۇپ قايتقاندىن كېيىن، سىزگە ئۇنداق
سىيىردىن بىر ئەمەس، بەش - ئالتىنى ئېلىپ بېرىمەن، —
دەپتۇ.
ئانىسى ئىلاجسىز رازى بوپتۇ. ئۇ سىيىرنى سېتىپ، ھىرات
شەھىرى قايدىسەن، — دەپ يولغا راۋان بوپتۇ. يول يۈرۈپتۇ،
يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ، سوراپ - سوراپ ئاخىر ھىرات شەھى-
رىگە يېتىپ كەپتۇ. ئادەملەردىن سۈرۈشتۈرۈپ نەۋائى دېگەن
شائىرلارنىڭ شائىرىنىڭ مۇشۇ شەھەردە ياشايدىغانلىقىنى بىلىپ-
تۇ. شۇ چاغلاردا نەۋائى دوستى ھۈسەيىن بايقارا بىلەن سەپەردە
ئىكەن. راخمانقۇل «كېلىپ قالار» دەپتۇ - دە، شەھەرنى تاماشا
قىلىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. ئارىدىن ئون كېچە - كۈندۈز ئۆتۈپتۇ.
ئۇنىڭ پۇلى تۈگەپتۇ. راخمانقۇل سامسىپەزگە ئوت ياققۇچى،
كىتابپۈرۈشقا شاگىرت بوپتۇ. بۇ ئىشلارنىڭ بىرەرىنى قىلالماپ-
تۇ. ئاخىر كوچا - كويلاردا تەمتىرەپ يۈرۈپ، تىلەمچىلىك
قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. بىر كۈنى ئۇ چوڭ كوچىدا تىلەمچىلىك
قىلىپ ئولتۇرسا ئالدىدىن ئىككى كىشى ئۆتۈپتۇ. ئۇلاردىن بىرى
ياشانغان ئادەم بولۇپ، ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېھتىرام
بىلدۈرىدىكەن. راخمانقۇل «ھەممە كىشى سالام بېرىۋاتقان بۇ زات
كىمدۇ؟» دەپ ئويلاپ ھەيران بولۇپ تۇرغانىكەن. بىردىن قۇلى-
قىغا «ھەزرىتىم!» دېگەن سۆز ئاڭلىنىپ قاپتۇ. راخمانقۇل
«ھەزرەت نەۋائى شۇ كىشى بولسا كېرەك» دەپتۇ - دە، ئۇنىڭ
كەينىدىن مېڭىپتۇ. نەۋائى شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر باغدا تۇرى-
دىكەن. راخمانقۇل ئەگىشىپ مېڭىۋېرىپ شائىرنىڭ يېنىغا كى-
رىپ قاپتۇ. ئەتراپىغا قارىسا باغ ناھايىتى گۈزەل، تۈرلۈك گۈل-

لەر ئېچىلغان، بولبۇل، تۇتى قۇشلار سايرىشىپ تۇرغانىكەن. ئۇ يەر - بۇ يەردە ياش تالىپلار كىتاب مۇتالىئە قىلىشىپ ئولتۇر-غانىكەن. ھەزرەت نەۋائىينى كۆرگەن تالىپلار ھۆرمەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلىشىپتۇ. نەۋائىي ئۇلار بىلەن سالاملىشىۋېتىپ كۆزى راخمانقۇلغا چۈشۈپتۇ. بۈيۈك شائىر راخ-مانقۇلغا قاراپ:

—خوش يىگىت، ماڭا بىر گېپىڭىز باردەك قىلىدۇ، تار-تىنماي ئېيتىۋېرىڭ، — دەپتۇ.

—مەن ھۇزۇرىڭىزغا بىر نىيەت بىلەن كەلگەنىدىم، ئۇ بولسىمۇ شائىرلارنىڭ پىرى بولغان سىزگە شاگىرت بولۇشتۇر، — دەپتۇ ئۇ.

راخمانقۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئەتراپتىكى تالىپلار كۈلۈ-شۈپ كېتىپتۇ، نەۋائىي ئۇلارغا قارىغانىكەن، ھەممىسى جىم بو-لۇپ ئورۇنلىرىغا قايتىپ كىتاب مۇتالىئە قىلىشقا چۈشۈپ كېتىپ-تۇ. نەۋائىي راخمانقۇلنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ نان، چاي كەلتۈرۈپتۇ. راخمانقۇل مەززىلىك ناندىن تويۇپ يەپ، چاينى قانغۇچە ئىچكەندىن كېيىن شائىرغا قاراپ سۆز باشلاپتۇ:

—يېزىدا ئوتۇنچىلىق قىلاتتىم، — دەپتۇ ئۇ، — ئانام سىيىر باقاتتى. بىر ئىلاجنى قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كېلە-ۋاتقاندۇق. نېمە سەۋەب بولدى شائىرلىققا ھەۋەس قىلىپ قال-دىم. بىر كۈنى شېئىر يېزىپ ھەقەمسايىلىرىمگە بەردىم، ئۇلار-دىن بىرى «سەن چوڭ شائىر بولىدىغان ئوخشايسەن، ياخشىسى نەۋائىي دېگەن شائىرلارنىڭ پىرى بار، شۇ كىشىنىڭ قولىدا تەلىم ئېلىشىڭ كېرەك» دېدى. «ناھايىتى ئوبدان مەسلىھەت بەردىڭ» دەپ ئۆيدىكى سىيىرنى سېتىپ، سىزنى ئىزدەپ كەلدىم، شەھەر-گە كەلسەم سەپەردە ئىكەنسىز، كەلگىنىمگە خېلى كۈنلەر بولدى، سىيىرنىڭ پۇلى تۈگىدى. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز، كۈنۈم تىلەم-چىلىككە قالدى.

نەۋائى راخمانقۇلنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپتۇ، كې-
يىن قەلەم بىلەن قەغەز ئېلىپ ئۇنىڭغا بېرىپ:
— قېنى، مۇشۇنىڭغا شېئىر يېزىپ بېقىڭ، — دەپتۇ.
راخمانقۇل ئويلاپتۇ، ئويلاپتۇ، ئېسىگە ھېچ شېئىر كەلمەپ-
تۇ.
ئۇ نەۋائىغا:
— شېئىر يازالمىدىم، ئىلھام كەلمىدى، — دەپتۇ.
— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ نەۋائى، — شائىرلارنىڭ شېئى-
رىدىن ئوقۇپ بېقىڭ.
راخمانقۇل ئويلاپتۇ، ئويلاپتۇ، ئېسىگە ھېچبىر شائىرنىڭ
شېئىرى كەلمەپتۇ.
ئۇ ھېچبىر شائىرنىڭ شېئىرىنى ئوقۇمىغانىكەن ـ دە!
— ھەزرىتىم، — دەپتۇ ئۇ نەۋائىغا قاراپ، — يادىمغا ھېچ-
بىر شائىرنىڭ شېئىرى كەلمەيۋاتىدۇ. سىز ئۆزىڭىز ئوقۇپ
بەرسىڭىز.
راخمانقۇلنىڭ بۇ سۆزىگە نەۋائى كۈلۈپ قويۇپ:
— بولمىسا بىرەر ناخشا ئېيتىڭ، — دەپتۇ.
— مەيلى ناخشا ئېيتسام ئېيتىپ باقاي، — دەپتۇ راخمانقۇل
نەۋائىنىڭ قولىدىن تەمبۇرنى ئېلىپ. ئۇ تەمبۇرنىڭ بۇ قۇلىقىنى
بۇراپتۇ، ئۇ قۇلىقىنى بۇراپتۇ، ھېچ تەڭشىيەلمەپتۇ. شۇندا نەۋا-
ئى ئۇنىڭ قولىدىن تەمبۇرنى ئاپتۇ ـ دە، بىر پەستىلا سازلاپ
يەنە راخمانقۇلغا بېرىپتۇ. راخمانقۇل ھەپىلىشىپ تەمبۇرنى چالال-
ماپتۇ. راخمانقۇلنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان نەۋائى ئۇ-
نىڭغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:
— يىگىت، شائىر بولۇش ئۈچۈن ئەڭ كېمىدە ئۈچ نەرسى-
دىن خەۋەردار بولماق زۆرۈر، ئۇنىڭ بىرىنچىسى شۇكى، كۆپ
ئوقۇماق كېرەك، بارچە ياخشى شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى يادقا
بىلمەك زۆرۈر.

— سىز بارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادقا بىلەمسىز؟
— دەپتۇ راخمانقۇل
— ھەممىسىنىڭ بولمىسىمۇ ھەر ھالدا ئېسىمدە ئانچە — مۇنچە شېئىر ساقلايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نەۋائى، — شائىر بولۇشنىڭ ئىككىنچى شەرتى، — دەپتۇ ئۇ يەنە سۆزىنى داۋام قىلىپ، — چىن يۈرىكىدىن مېھنەت قىلماقلىقتۇر، قايتا - قايتا مەشىق قىلماق شەرتتۇر. ئادەم ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن شائىر بولۇپ تۇغۇلمايدۇ، ئەمگەك ۋە مەشىق ئارقىلىقلا شائىر بولالايدۇ. شېئىرغا بولغان ھەۋەسنى كېچە - كۈندۈز دېمەي ئىزدىنىش بىلەنلا ۋايىغا يەتكۈزۈش مۇمكىن.
راخمانقۇلمۇ بوش كەلمەي دەپتۇ:
— سىزمۇ كېچە - كۈندۈز مەشىق قىلامسىز؟
— شۇنداق، — دەپتۇ نەۋائى، — شائىر بولۇشنىڭ ئۈچىنچى شەرتى شۇكى، ناخشا ئېيتىش بىلەن مۇزىكا چېلىش زۆرۈر-دۇر. ناخشا ئېيتالىغان، شېئىرنى مۇزىكىغا سالالىغان شائىر مۇكەممەل شائىر ئەمەس، — نەۋائى شۇنداق دەپتۇ - دە، خىيالغا چۆمۈپتۇ، ئاندىن سۆزىنى داۋام قىپتۇ، — سىز «جاڭگالدىن ئوتۇن كولاپ بازاردا ساتاتتىم» دېدىڭىز، شۇ ئىشىڭىز بىلەن ئادەملەرنىڭ مۇشكۇلىنى ئاسان قىلىسىز، قېنى ئەمدى، بولار - بولماس شېئىر يېزىپ ئۆزىنى شائىر ساناپ يۈرگەنلەر ئوتۇن تېرىپ، بىر غېرىبنىڭ ئۆيىنى ئىسسىتالىسا ئىدى. يىگىت، مەنىسىز شېئىرلارنى يېزىپ، كىشىلەرنى رەنجىتكەندىن كۆرە، جاڭگالدىن ئوتۇن كولاپ كۈن كەچۈرمەك مىڭ ئەلا. مانا بۇ پۇلنى ئېلىڭ - دە، ئۆز يېزىڭىزغا قايتىپ، سىىر ئېلىپ ئانىڭىزنى خۇشال قىلىڭ، ئەمگەكتىن يۈز ئۆرۈمەڭ.
نەۋائىنىڭ دانىشمەنلىكىگە قايىل بولغان راخمانقۇل ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىپتۇ - دە، شائىرلىقنى يېغىشتۇرۇپ، ئۆز يېزى-سىغا يول ئاپتۇ.①

## 2

ئىلگىرى كۈنپېتىشتا خوراسان دېگەن مەملىكەت بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆسەيىن بايقارا ئاتلىق پادىشاھى بولغانىكەن. ئۇ ئەمىر نەۋائى ھەزرەتلىرى بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئۆتىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پادىشاھ دوستى ئەمىر نەۋائى بىلەن بىر قانچە يېقىنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ھىراتنىڭ شىمالىدىكى بىر ئور- مانلىقتا ئوۋغا چىقىپتۇ. كۈن پېشىن بولغۇچە ھېچبىر ئولجا ئۇچرىماپتۇ. ئۇلار جىلى بولۇپ جىددىيلىشىپتۇ. توغراقلىق، يۇلغۇنلۇقلارغا كۆز تىكىپ ھەر بىر شەپە، ھەر بىر تىۋىشقا قۇلاق سېلىشقا باشلاپتۇ. بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن «غاق، غاق، غاق» دېگەن ئاۋاز ئىشىتىلىپتۇ. «بۇ غازنىڭ ئاۋازىغۇ، مۇشۇ ئەتراپتا كۆل بولسا كېرەك» دەپ ئويلىشىپتۇ. ياشراق بىرى توغراقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىغۇدەك بولسا كۆز ئالدى- دىكى قويۇق ئۆسكەن توغراقلار ئارىسىدا سۈيى سۈپسۈزۈك زۇم- رەتتەك بىر كۆل كۆرۈنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوۋچىلار كۆل تامان يول ئاپتۇ. كۆل چۆرىسىدە قېلىن كۆك قومۇش ۋە توغراقلار چىرمىشىپ ئۆسكەنلىكتىن ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەپتۇ. شۇ ئەس- نادا، كېلىۋاتقان شەپىدىن ئۈركۈگەن غازلار «غاق، غاق، غاق» دېگىنىچە كۆل ئوتتۇرىسىغا قاراپ ئۈزۈپ بېرىپتۇ ۋە ئاسمانغا قاراپ كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئوۋچىلار ئوقيا بىلەن بىر تالاي غازلارنى ئېتىۋاپتۇ ۋە كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ غاز كاۋىپى قىلىپ مەززە قىلىشىپتۇ.

نەۋائى ھەزرەتلىرى شۇ سورۇندا كاۋاپ قىلىنغان غازنىڭ گۆشىگە قاراپ تۇرۇپ، مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

نەۋائى ئۆتتى يولۇڭدىن پىيادە يارى بىلەن،
ھەرنەكىم بالاغا قالۇر ئۆز ئاغزى، ئۆز ئىختىيارى بىلەن.

نۆكەرلەر نەۋائىدىن بۇ بېيىتنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ

قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

نەۋائى ئېيتىپتۇكى:

ئەي يارەنلەر، ئەگەر بۇ غاز ئۆز ئاغزى بىلەن «غاق، غاق، غاق» دېمىگەن بولسا، بىز بۇ يەردە كۆل ۋە غاز بارلىقىنى بىلمەي كېتىپ قالغان بولاتتۇق. ئۆز ئايىغى بىلەن كۆل ئوتتۇرىسىغا ئۈزۈپ بارمىغان بولسا، ئۇنى كۆرمىگەن بولاتتۇق. ئۆز قانىتى بىلەن ئۇچۇپ كۆككە كۆتۈرۈلمىگەن بولسا، بىز ئۇنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ چۈشۈرەلمىگەن بولاتتۇق.

«ھەرنەكىم بالاغا قالۇر ئۆز ئاغزى، ئۆز ئىختىيارى بىلەن» دېگەن شۇ دەپ ئۆزى ئېيتقان يۇقىرىقى بېيىتنىڭ مەنىسىنى يېشىپتۇ.②

## نەۋائى بىلەن مەدىكار

بىر ياش يىگىت مەدىكارلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن. ئۇ شۇ جەرياندا ئەدەملەر ئارىسىدىكى جېدەل ـ ماجرالارنى بېسىقتۇ-رۇپ، بىرۋىنىڭ هارۋىسى لايغا پېتىپ قالسا ھە ـ ھۇ دەپ چىقىرىشىپ بېرىپ كىشىلەرگە ياردەم قىلىپ يۈرىدىكەن. يىگىت-تىكى بۇ خىسلەتلەرنى كۆرگەن نەۋائى ئۇنى ھۆرمەتلەپ قاچان كۆرسە ئۇنىڭدىن بۇرۇن سالام بېرىپ تۇرىدىكەن. يىگىت نەۋائىد-نىڭ بۇ ھۆرمىتىگە ئەجەبلىنىپ: «مەن ئەتىدىن ـ كەچكىچە كىشىلەرنىڭ جېدەل ـ ماجرالىرىنى بېسىقتۇرۇپ، لايغا پاتقان هارۋىلارنى چىقىرىشىپ بېرىپ يۈرسەم، ناماز ئوقۇمىسام، روزا تۇتمىسام، نەۋائى مېنى بۇ قەدەر ھۆرمەت قىلىدۇ، بۇنداق يۈرۈ-شۇم تازا جايىدا بولمىدى. مېنىڭ بالا ـ چاقام بولمىغاندىكىن ماڭا مال ـ دۇنيانىڭ نېمە كېرىكى بار» دەپ «پىرغا قول بېرىپ»، ھېچكىم بىلەن چاتىقى بولماي تائەت ـ ئىبادەت بىلە ئولتۇرىدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى يىگىت ئىبادەتخانىدا تەسۋى سىرىپ ئولتۇرغان

كەن، نەۋائى ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىدىن بىر يىگىت بىلەن پاراڭلىشىپ ئۆتۈپ قاپتۇ، ھېلىقى يىگىت: «نەۋائى ئاجايىپ كارامەتلىك ئادەم ئىكەن، مېنىڭ نامازخان بولۇپ تائەت - ئىبادەت قىلىدىغانلىقىمنى بۇرۇنلا بىلىپ مېنى ھۆرمەت قىلغانىكەن» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىپتۇ. نەۋائى سالامنى ئىلىك ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يىگىت «نەۋائى يېنىدىكى يىگىتنىڭ گېپىگە بېرىلىپ كېتىپ مېنى كۆرمەي قالغان بولسا كېرەك» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتە - ئۆتمەي نەۋائى يەنە ھېلىقى يىگىت بىلەن كەپلىشىپ كېپقاپتۇ. مەسچىتتىكى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ سالم بېرىپتۇ. نەۋائى يەنىلا پىسەنت قىلماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يىگىت ھەيران بولۇپ نەۋائىدىن:

—تەقسىر، كۈن بويى بېكار يۈرگىنىمدە سالام بېرىپ ئۆتەر ئىدىڭىز. ئەمدى مەن ئەتىدىن - كەتكىچە تائەت - ئىبادەت بىلەن ئولتۇرۇپ سىزگە سالام بەرسەم، ئىلىك ئالمايسىز. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ - دەپ سوراپتۇ.

—سەن لاغايلاپ يۈرگىنىڭدە خەلققە پايداڭ تېگىپ تۇراتتى. ئەمدى بولسا ئەتىگەنلىك ناشتاڭ بىلەن كەچقۇرۇنلۇق تامىقىڭنىڭ غېمىدە كۈن بويى باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ تەما بىلەن ئولتۇرسەن، سالامىڭنى ئىلىك ئالماسلىقىمنىڭ سەۋەبى شۇ، - دەپتۇ نەۋائى.

نەۋائىنىڭ بۇ سۆزلىرى يىگىتكە قاتتىق تەسىر قىلىپ يەنە ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئىشىنى قىلىدىغان بوپتۇ.[3]

① «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1996- يىل 2- ئاينىڭ 8- كۈندىكى سانىدىن ئېلىندى. ئۆمەرجان قاسىم رەتلىگەن.

② ئېيتىپ بەرگۈچى: قەشقەر شەھىرىدىن مەتىمىن ئۇستام.
رەتلىگۈچى: ئابدۇكېرىم ئەخمىدى.

③ توپلىغۇچى: ئەزىزى

# سۇلتان سەئىدخان

## 1

سۇلتان سەئىدخان خانلىق تەختكە ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن زالىملارنى يوقاتتى، ئېسىل ۋە ياخشى كىشىلەرنى تەربىيىلىدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ توپلىغان مال - مۈلكىنى خەلققە - ئەسكەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى. ھېچبىر كىشىمۇ خاننىڭ ئىنئامىدىن قۇرۇق قالمىدى. ئىمىر دايىم، ئېلى سەردار قاتارلىق بەگلەر ئابابەكرى مىرزىنى قوغلاپ باردى. قوغلاپ ماڭغان يەتتە نەپەر بەگ قاراڭغۇ تاغ دەرياسىغا بېرىپ «قىللاپ» (تارتىش جابدۇغى) تەييارلاپ مىرزا ئابابەكرى دەرياغا تۆكۈپ كەتكەن خۇرجۇنلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تارتىۋالدى. شۇنداقتىمۇ نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەرنى تارتىۋالالمىدى. باشقا نەرسىلەردىن بۆلەك بىر يېرىم پاتمان (بىر پاتمان تەخمىنەن 64 چارەك) ئالتۇن سۇلتان سەئىدخانغا تۆھپە قىلىنىپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىندى. ئابابەكرى مىرزىنىڭ چارۋا ماللىرىمۇ تەقسىم قىلىندى. جۈملىدىن يالغۇز مىرزا ھەيدەر (مەشھۇر تارىخچى، تارىخى رەشىدىنىڭ ئاپتورى) كوراگانغا ئون سەككىز مىڭ قوي تەگدى. قالغىنىنى شۇنىڭدىن قىياس قىلىش كېرەك. سۇلتان سەئىدخانغا قىسىم قىلىنغان ئالتۇن ۋە مال - مۈلۈكلەرنى خەلققە تارقىتىپ بەردى. ھەممە ئەسكەر، ئاھالە باي بولدى. سۇلتان سەئىدخان ھىممەتلىك، سېخىي، شجائەتلىك ۋە خۇش تەبىئەت، مۇسۇلمان،

ئادىل ۋە شائىر، پادشاھ ئىدى. پارس ۋە تۈركىي شېئىرلارنى ياخشى يازاتتى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ شېئىرلىرىدىن بۇ مىسرالارنى نەمۇنە قىلىپ بۇ بەتكە يازدىم:

## شېئىر

قايسى گۈلشەننىڭ يۈزۈڭدىن بىر گۈلى رەئناسى بار،
قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.
ھۆرى بىرلە جەننىتۇلمەئۋانى كۆڭلۈم نەيلىسۇن،
يارنىڭ كويىدا يۈزمىڭ جەننىتۇلمەئۋاسى بار.
لەئلىدىن خەتتى[1] بۇدۇر، ھەردەم تىرىكلىككە نىشان،
خوش نىشاندۇركى، ئىككى قاشىدىن توغرا[2]سى بار.
بىر چۈچۈك سۆز بىرلە ئۆلگەن جىسمىمە بەردىڭ ھايات،
لەئلى جان بەخشىڭدە[3] گويا كىم مەسىھى ئەنپاسى[4] بار.
يۈزى ئۈزرە كاكۇل ۋە زۇلپىن پەرىشان[5] كۆرگىلى،
ئى سەئىد ئاشىپتە[6] كۆڭلۈمنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار.

## يەنە بىر شېئىر

---

① لەئلىدىن خەتتى — يارنىڭ ئىككى لىۋىدىن ھەر تىنىقتا ھاياتقا نىشان بېرىلىدۇ.

② ئىككى قاشىدىن توغراسى ـ يارنىڭ ئىككى قېشى ئۇنىڭ ئاشىقلىرىغا ھايات بولىنى كۆرسەتكۈچى سەرلەۋھەدۇر.

③ لەئلى جان بەخشىڭدە ـ سۆيگۈنۈمنىڭ لىۋىدە ئۆلۈككە جان بېرىدىغان نەپەسلىرى بار.

④ مەسىھى ئەنپاسى ـ ئەپسانىلاردائېيتىلىشىچە ئەيسا پەيغەمبەر ئۆلگەن ئۆلۈككە كېلىپ دەم سالسا ئۆلۈك تىرىلگەندەك يارنىڭ لەۋلىرىدە يارنىڭ ئىشقىدا ئۆلگەن كىشىنى تىرىلدۈرىدىغان دىمى بار.

⑤ يارنىڭ يۈزىدە چاچلىرى تال ـ تال چېچىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈشكە سەئىدنىڭ كۆڭلى پەرشان

⑥ ئاشىپتە — زارلانغان، ھەددىدىن ئاشقان، نالە قىلغان.

شۈكۈرلىللا ھالىتىم زاھىر بولۇپتۇر يارغا،
ئەمدى يار ئالدىدا ئۆزنى كۆرسىتەي ئەغيار[1]غا.
سەير ئۈچۈن كىرسە گۈلىستان ئىچرە ئول سەرۋى راۋان،
بەندە بولسۇن سەرۋى ئازات ئول قەدۇ رەپتار[2]غا.
نازىلە تا ئاتلىنىپ شەھرى ئىچىدە سالدى دۇستۇقىز[3]،
جان بىلە بەردىم كۆڭۈل ئول دىلبىرى ئەييار[4]غا.
دوستلار ئەيىب ئەتمىگىز قان يىغلىسام مەن زارنى،
بەسكىلا ئالمام نىتەي بۇ دىدە ئى خونبار[5]غا.
ئى سەئىدى ئول ياردىن تاپتىڭ مۇرادىڭنى تامام،
بارچىسى بولدى مۇيەسسەر شۈكۈر برۇبار[6]غا.

## 2

سۇلتان سەئىدخان بەدەخشانغا ئىككى قېتىم ئەسكەر يۇرگۈزدى. بەدەخشان ھاكىمى مىرزىخان سۇلتان سەئىدخانىنىڭ تاغىسى خان مىرزىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئابابەكرى مىرزا بەدەخشاننىڭ تولىسىنى مىرزىخاندىن تارتىۋېلىپ ئۆزى باشقۇرغانىدى. سۇلتان سەئىدخان ئابابەكرى مىرزىنى يوقىتىپ تەختكە چىققاندىن كېيىن مىرزىخان سۇلتان سەئىدخاندىن روخسەت ئالماي بەدەخشانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. بۇ سەۋەبلىك سۇلتان

---

① ئەغيار — يات ياكى باشقىلار.
② رەپتار — مېڭىش، يۈرۈش فىگورىسى.
③ دۇستۇقىز — قوزغىلاڭ، غوۋغا.
④ ئەييار — ئۆزىگە كىشىنى تارتىۋالغۇچى.
⑤ دىدەئى خونبار — قانلىق كۆز، يەنى ئۇ كۆزنىڭ ئىشقى ئاشىقلىرىنىڭ كۆزىدىن قان ئاققۇزىدۇ.
⑥ شۈكۈر بىرۇ بار — خۇداغا شۈكرىكى ھەممە ئىشلىرىم ئاسان ۋە ئوڭۇشلۇق بولدى.

سەئىدخان مىرزىخانغا ئەدەب بېرىپ ئۇنىڭ قولىقىنى تارتىش ئۈچۈن 1 - قېتىم ئەسكەر يۈرگۈزدى ۋە خان ئۆزىمۇ بىللە باردى. بەدەخشان ھاكىمى مىرزىخان سۇلتان سەئىدخانغا يارلىق ئەكىرىپ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلدۈردى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ تۇغقانچىلىق كۆڭلى ئۇنى رەھىم - شەپقەتكە كەلتۈرۈپ بەدەخشاننى مىرزىخانغا بېرىپ قايتىپ كەلدى. 2 - قېتىم قوشۇن ئېلىپ بېرىشىنىڭ سەۋەبى مىرزىخان ۋاپات بولۇپ ئۇنىڭ سۇلايمان شاھ ئىسىملىك 16 — 17 ياشلاردىكى بىر ئوغلى قالغانىدى. بۇ پەيتتە بابۇر پادىشاھ (شۇ زاماندا ئافغان شاھى) سۇلايمان شاھ مىرزىنى كابۇلغا ئېلىپ كېتىپ بابۇر پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئوغلى ھۇمايۇن پادىشاھنى بەدەخشانغا ئەۋەتتى. بۇ ئەھۋالنى سۇلتان سەئىدخان ئاڭلاپ بەدەخشانغا قوشۇن ئەۋەتكەنىدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ قوشۇن ئېلىپ بەدەخشانغا كەلگەنلىكىنى كابۇلدا بابۇر پادىشاھ ئاڭلاپ دەرھال ئادەم ئېلىپ ئۆز ئوغلى ھۇمايۇن پادىشاھنى كابۇلغا ئېلىپ بېرىپ مىرزىخاننىڭ ئوغلى سۇلايمان شاھنى بەدەخشانغا ئەۋەتتى. سۇلتان سەئىدخانغا خەت يېزىپ: «ئۆزبېكلەر بەدەخشانغا يېقىن بولغانلىقتىن بەدەخشانغا تاجاۋۇز قىلمىسۇن دېگەن مەقسەت بىلەن ئوغلۇمنى ئەۋەتكەنىدىم. ئەمدى سۇلايمان شاھ مىرزىنى ئەۋەتتىم. بۇنىڭغا ياردەم قىلىش سۇلتان سەئىدخانغا ۋە ماڭا لازىم، لېكىن مۇنداق ئالماشتۇرۇپ قويۇشنىڭ يامان بولۇشىنى بىلمىدىم» دەپ ئۆزرە بىلدۈردى. سۇلتان سەئىدخان قوبۇل قىلىپ بابۇر پادىشاھقا سوۋغات تۆھپىلەر بىلەن سالام يوللاپ بەدەخشاننى سۇلايمان شاھ مىرزىغا بېرىپ قايتىپ كەلدى. سۇلتان سەئىدخان بۇ سەپەردە ئوغلى ئابدۇرېشىدخان ۋە تارىخىي رەشىدىنىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر كوراگانلارنى (يەركەنت ھاكىمى ئىدى) بولۇر[1]غا ئەۋەت-

---

① بولۇر — لادىخ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەر.

تى. ئابدۇرېشىدخان بولۇرنى ئىشغال قىلىپ قايتتى. ئەمما،
يەركەنتكە كەلمەي بەدەخشاندىكى باشباشتاق، گەدەنكەش مىرزىلار-
نى بويسۇندۇرۇپ دۆلەت غەلىبىسى بىلەن ھەزرىتى سۇلتان سە-
ئىدخاننىڭ خىزمىتىگە يەكەنگە كەلدى.

3

سۇلتان سەئىدخان يەكەندە خان بولۇپ شەۋكەت، ھەشەمەت
پەيدا قىلغاندىن كېيىن، مەنسۇرخانغا ۋەھىم، ئەندىشە چۈشتى.
خۇاجە تاجىددىن سۇلتان ئەھمەتخاننىڭ پىرى (تەرىقەت ئۇستا-
زى) ئىدى. ئەھمەتخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەنسۇرخان خان
بولۇپ خۇاجە تاجىددىنغا مۇرىت بولدى. خۇاجە تاجىددىن كىشى-
لەردىن كەلگەن نەزىر - سەدىقە قاتارلىق نەرسىلەرنى قوبۇل
قىلمايتتى. پەيغەمبەرنىڭ يولى بويىچە تىجارەت قىلاتتى. تىجا-
رەت بىلەن كۆپ باي بولغانىدىكى، ناھايىتى كۆپ مال - مۈلۈك
توپلىدى. دېمەك، بۇ خۇاجە يەكەنگە بېرىپ سۇلتان سەئىدخانغا
كۆپ سۇزلەرنى سۆزلەپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ مەنسۇرخان بىلەن
دوستلۇق ئورنىتىشقا ئېلىپ كەلدى. خۇاجەنىڭ دالالىتى بىلەن
سۇلتان سەئىدخان مەنسۇرخاننى كەچۈرۈپ دوست بولۇشنى قو-
بۇل قىلدى.

مەنسۇرخان ئۆز ئىنىسى ئىمىن خۇاجە سۇلتاننى ئۆلتۈرگەن-
لىكتىن كۆپ ھەسرەتلەنگەنىدى. ياركە بەگ ئەھۋالدىن ۋاقىپ
بولۇپ ئەرز قىلىپ مەنسۇرخانغا: «مەن قۇللىرى يارلىققا خىلاپ-
لىق قىلىپ ئىمىن خۇاجە سۇلتاننى تىرىك ئاسرىغانىدىم» دېدى.
مەنسۇرخان خۇشال بولۇپ ئىمىن خۇاجە سۇلتاننى ئالدۇرۇپ
كېلىپ سۇلتان سەئىدخاننىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ئىمىن خۇاجە
سۇلتان بېرىپ ئاكا - ئىنى بىر - بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ،
خۇشال - شاد بولۇشتى. ئىمىن خۇاجە سۇلتان ئۆتكەنكى داغ



(ئاداۋەت) لەرنى يېشىلدى. لېكىن، سۇلتان سەئىدخان سالماق-
لىق - ئېغىرلىق قىلىپ مەنسۇرخان ئاكىمىز بولسا ئۇلۇغ
(چوڭ)، بىز كىچىك (ياش)، بىزدىن خاتالىق ئۆتكەندۇر،
دېدى. نەتىجىدە ئاقسۇنىڭ ئارىسى «ئاربات» (ئاۋات دېگەن يەردە
كۆرۈشۈشنى بەلگىلىدى. مەنسۇرخاننىڭ ھۇزۇرىدىن جاپپار بەر-
دى بەگ كەلدى. ئاقسۇ تېخى ئانچە ياخشى ئاۋات بولمىغانىدى.
بۇ چاغدا جوراس قەبىلىسىدىن شەھباز مىرزا ئۇچ (ئۇچتۇرپان)
نىڭ ھاكىمى ئىدى. ئۇچنى ئاۋات قىلغانىدى. ئىمىن خۇاجە
سۇلتان ھەزرىتى سۇلتان سەئىدخان بىلەن ھەمراھ بولۇپ كەل-
دى. جاپپار بەردى بەگ بولسا مەنسۇرخاننىڭ بەگلەر بېگى (باش
قوماندانى) بولۇپ، جاپپار بەردى بەگنىڭ سىڭلىسى ساھىب
دۆلەت خېنىمدىن مەنسۇرخان تۇغۇلغانىدى (جاپپار بەردى بەگ
مەنسۇرخاننىڭ تاغىسى ئىدى). بۇ ئىككى خان ساناپ تۇرۇپ ھەر
بىرى ئۆزىگە ئوتتۇز نەپەردىن ئادەم ھەمراھ ئېلىپ ئۇچرىشىشقا
بەلگىلەنگەن يەرگە كەلدى. مەنسۇرخاننىڭ ئانا بىر تۇغقىنى بابا-
چاق مەنسۇرخاننىڭ ئەسكەرلىرىگە قوماندان بولۇپ، مەسئۇل
بولۇپ تۇردى. ئىمىن خۇاجە سۇلتان ھەزرىتى سۇلتان سەئىدخان-
نىڭ لەشكىرىنى باشلاپ تۇردى. مىرزا ھەيدەر دوغلات مەنسۇر-
خاننىڭ قوشۇنىغا بېرىپ گۆرۈ (كاپالەت ئۈچۈن) تۇردى. مەن-
سۇرخاننىڭ ئانىسى ساھىب دۆلەت خېنىم سۇلتان سەئىدخاننىڭ
قوشۇنىدا گۆرۈگە تۇرۇپ تۇردى. ئىككى خان چېدىرغا يېتىپ
كېلىش بىلەن سۇلتان سەئىدخان مەنسۇر خاننى تەكلىپ بىلەن
ئولتۇرغۇزۇپ سۇلتان سەئىدخان تارتىق پېشكەش (تۆھپە قو-
يۇپ) ئولجاپ بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلدى. مەنسۇر خان ھەم ئور-
نىدىن قوپتى. سۇلتان سەئىدخان: «لازىم ئەمەس، (ئورنىڭىز-
دىن قوپماڭ)» دەپ مەنئى قىلدى. مەنسۇر خان: «گەرچە ياشقا
مەن چوڭ بولساممۇ سىز تۆرگە ئۇلۇغ» دەپ قولىدىن تۇتۇپ
ياندىشىپ ئولتۇردى. سۇلتان سەئىدخان: «ئاكا ئاتا ئورنىدا

تى. ئابدۇرېشىدخان بولۇرنى ئىشغال قىلىپ قايتتى. ئەمما،
يەركەنتكە كەلمەي بەدەخشاندىكى باشباشتاق، گەدەنكەش مىرزىلار-
نى بويسۇندۇرۇپ دۆلەت غەلىبىسى بىلەن ھەزرىتى سۇلتان سە-
ئىدخاننىڭ خىزمىتىگە يەكەنگە كەلدى.

## 3

سۇلتان سەئىدخان يەكەندە خان بولۇپ شەۋكەت، ھەشەمەت
پەيدا قىلغاندىن كېيىن، مەنسۇرخانغا ۋەھىم، ئەندىشە چۈشتى.
خۋاجە تاجىددىن سۇلتان ئەھمەتخاننىڭ پىرى (تەرىقەت ئۇستا-
زى) ئىدى. ئەھمەتخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەنسۇرخان خان
بولۇپ خۋاجە تاجىددىنغا مۇرىت بولدى. خۋاجە تاجىددىن كىشى-
لەردىن كەلگەن نەزىر - سەدىقە قاتارلىق نەرسىلەرنى قوبۇل
قىلمايتتى. پەيغەمبەرنىڭ يولى بويىچە تىجارەت قىلاتتى. تىجا-
رەت بىلەن كۆپ باي بولغاندىكى، ناھايىتى كۆپ مال - مۈلۈك
توپلىدى. دېمەك، بۇ خۋاجە يەكەنگە بېرىپ سۇلتان سەئىدخانغا
كۆپ سۆزلەرنى سۆزلەپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ مەنسۇرخان بىلەن
دوستلۇق ئورنىتىشقا ئېلىپ كەلدى. خۋاجەنىڭ دالالىتى بىلەن
سۇلتان سەئىدخان مەنسۇرخاننى كەچۈرۈپ دوست بولۇشنى قو-
بۇل قىلدى.

مەنسۇرخان ئۆز ئىنىسى ئىمىن خۋاجە سۇلتاننى ئۆلتۈرگەن-
لىكتىن كۆپ ھەسرەتلەنگەنىدى. ياركە بەگ ئەھۋالدىن ۋاقىپ
بولۇپ ئەرز قىلىپ مەنسۇرخانغا: «مەن قۇللىرى يارلىققا خىلاپ-
لىق قىلىپ ئىمىن خۋاجە سۇلتاننى تىرىك ئاسرىغانىدىم» دېدى.
مەنسۇرخان خۇشال بولۇپ ئىمىن خۋاجە سۇلتاننى ئالدۇرۇپ
كېلىپ سۇلتان سەئىدخاننىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ئىمىن خۋاجە
سۇلتان بېرىپ ئاكا - ئىنى بىر - بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ،
خۇشال - شاد بولۇشتى. ئىمىن خۋاجە سۇلتان ئۆتكەنكى داغ



(ئاداۋەت) لەرنى يېگىلىدى. لېكىن، سۇلتان سەئىدخان سالماق-
لىق - ئېغىرلىق قىلىپ مەنسۇرخان ئاكىمىز بولسا ئۇلۇغ
(چوڭ)، بىز كىچىك (ياش)، بىزدىن خاتالىق ئۆتكەندۇر،
دېدى. نەتىجىدە ئاقسۇنىڭ ئارىسى «ئاربات» (ئاۋات دېگەن يەردە
كۆرۈشۈشنى بەلگىلىدى. مەنسۇرخاننىڭ ھۇزۇرىدىن جاپپار بەر-
دى بەگ كەلدى. ئاقسۇ تېخى ئانچە ياخشى ئاۋات بولمىغانىدى.
بۇ چاغدا جوراس قەبىلىسىدىن شەھباز مىرزا ئۇچ (ئۇچتۇرپان)
نىڭ ھاكىمى ئىدى. ئۇچنى ئاۋات قىلغانىدى. ئىمىن خۋاجە
سۇلتان ھەزرىتى سۇلتان سەئىدخان بىلەن ھەمراھ بولۇپ كەل-
دى. جاپپار بەردى بەگ بولسا مەنسۇرخاننىڭ بەگلەر بېگى (باش
قوماندانى) بولۇپ، جاپپار بەردى بەگنىڭ سىڭلىسى ساھىب
دۆلەت خېنىمدىن مەنسۇرخان تۇغۇلغانىدى (جاپپار بەردى بەگ
مەنسۇرخاننىڭ تاغىسى ئىدى). بۇ ئىككى خان ساناپ تۇرۇپ ھەر
بىرى ئۆزىگە ئوتتۇز نەپەردىن ئادەم ھەمراھ ئېلىپ ئۇچرىشىشقا
بەلگىلەنگەن يەرگە كەلدى. مەنسۇرخاننىڭ ئانا بىر تۇغقىنى بابا-
چاق مەنسۇرخاننىڭ ئەسكەرلىرىگە قوماندان بولۇپ، مەسئۇل
بولۇپ تۇردى. ئىمىن خۋاجە سۇلتان ھەزرىتى سۇلتان سەئىدخا-
نىڭ لەشكىرىنى باشلاپ تۇردى. مىرزا ھەيدەر دوغلات مەنسۇر-
خاننىڭ قوشۇنىغا بېرىپ گۆرۈ (كاپالەت ئۇچۇن) تۇردى. مەن-
سۇرخاننىڭ ئانىسى ساھىب دۆلەت خېنىم سۇلتان سەئىدخاننىڭ
قوشۇنىدا گۆرۈگە تۇرۇپ تۇردى. ئىككى خان چېدىرغا يېتىپ
كېلىش بىلەن سۇلتان سەئىدخان مەنسۇر خاننى تەكلىپ بىلەن
ئولتۇرغۇزۇپ سۇلتان سەئىدخان تارتىق پىشكەش (تۆھپە قو-
يۇپ) ئولجاپ بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلدى. مەنسۇر خان ھەم ئور-
نىدىن قوپتى. سۇلتان سەئىدخان: «لازىم ئەمەس، (ئورنىڭىز-
دىن قوپماڭ)» دەپ مەنئى قىلدى. مەنسۇر خان: «گەرچە ياشقا
مەن چوڭ بولسامۇ سىز تۆرگە ئۇلۇغ» دەپ قولىدىن تۇتۇپ
ياندىشىپ ئولتۇردى. سۇلتان سەئىدخان: «ئاكا ئاتا ئورنىدا

بولىدۇ» دەپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، خۇتبىدە ئاۋۋال مەنسۇر خاننى، كېيىن ئۆز ئىسمىنى ئوقۇتتى. ئىككى خان بىر ـ بىرلىرىگە ئاجايىپ ھۆرمەت ـ رىئايە قىلىشتى. جاپپار بەردى بەگدىن تۆرىلەرنىڭ دەرىجىسىنى سورىدى. بارلاس بىلەن دوختۇينىڭ ئورۇن مەرتىۋىلىرىنى سورىغاندا، جاپپار بەردى بەگ دوختۇينىڭ مەرتىۋىسى بارلاستىن ئارتۇق، دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ئۇچرىشىشتا سۇلتان سەئىدخان باي بىلەن كۇچانى مەنسۇرخانىنىڭ خانلىقىغا قوشۇپ بېرىپ خوشلىشىپ قايتتى. ئىككىنچى يىلى ئاكا ـ ئىنى يەنە يۈز كۆرۈشتى، ئىتتىپاقلاشتى. نەتىجىدە سۇلتان سەئىدخان بىلەن مەنسۇرخانىنىڭ زامانىسىدا قۇمۇلدىن بەدەخشانغىچە ئۆيدىن ـ ئۆيگە مېھمان بولۇپ يول ئوزۇقى ئالماي بارىدىغان بولدى. سۇلتان سەئىدخانىنىڭ غازات (كۇرەش) كە خاھىشى كۆپ ئىدى. يەتتە مىڭ ئەسكەر ئېلىپ غازات ئۈچۈن تىبەتكە باردى. تىبەتنىڭ بىر نەچچە قەلئەسىنى ئېلىپ، ئىشغال قىلىپ، ئورساڭ تىبەت بىلەن قالماق قەبىلىسىگە بارغىچە سۇلتان سەئىدخانغا ئىس تېگىپ بالتىغا قايتىپ كەلدى. ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن مىرزا ھەيدەر كوراگاننى ئورساڭ (لەھاسا) غا يۈرگۈزدى. بۇ سەپەردە سۇلتان سەئىدخان ئىس ئۆرۈپ كەتكەن سەۋەب بىلەن يولدا كېلىۋېتىپ ۋاپات بولدى.

## 4

سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى ھىجرىيىنىڭ 939- يىلى (مىلادى 1533 ـ يىلى) ئىدى. سۇلتان سەئىدخان يىگىرمە يىل پادشاھلىق قىلدى. ئومۇمەن قىرىق يىل ئۆمۈر كۆردى. مەرھۇم سۇلتان سەئىدخاندىن تۆت ئوغۇل قالدى. ئۇلار: 1. ئابدۇرېشىدخان، 2. ئىسكەندەر سۇلتان، 3. مۇھىس سۇلتان، 4. ئىبراھىم سۇلتان. سەئىدخانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن

بۇ چاغدا ئابدۇرېشىدخان ئاقسۇغا ۋالىي ئىدى. مىرزا ئېلى تاغايد-
ىنىڭ كۈيئوغلى مىرزا يادىكار مۇھەممەدنى خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈ-
چۈن ئاقسۇغا ئەۋەتتى. سىيىد مۇھەممەد مىرزا قەشقەر ۋالىيسى
ئىدى. ئۇنىڭغا كىشى ئەۋەتتى. خاننىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى
ئىسسىق كۈنلەر بولغىنى ئۈچۈن خاننىڭ جەسىتىنى ئوردىنىڭ
ئىچىدە بىر ئۆيگە دەپنە قىلدى. خۋاجە شاھ، مۇھەممەد ۋەزىر،
مىرزا ئېلى تاغايى باشلىق ھەممە بەگلەر تەزىيە تۇتۇپ تۇرغاندا
قەشقەردىن سىيىد مۇھەممەد مىرزا يېتىپ كەلدى. ئاۋۋال خې-
نىملارغا تەزىيە بىلدۈرۈپ، خاننىڭ جەسىتىنى تاۋاپ قىلىپ
ھازىدار بولۇپ تۇرغاندا، ئاقسۇدىن ئابدۇرېشىدخان يېتىپ كەل-
دى. سىيىد مۇھەممەد مىرزا بارلىق ئەربابلارنى، ئەمەلدارلارنى
ئابدۇرېشىدخاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى ۋە بۈگۈن شەھەرگە كىرمەي،
ھايال قىلسۇنلەر، ئەتە يىل بېشىدۇر ھەمدە پەيشەنبە كۈنى ياخ-
شىدۇر، دەپ خەۋەر چىقاردى. ئەربابلار، بەگلەر، ئەمەلدارلار
ئابدۇرېشىدخاننىڭ ئالدىغا باردى، كۆرۈشتى. مىرزا ئېلى تاغايى
زامانىنىڭ پىتنىخورلىرىدىن بولۇپ، ئابدۇرېشىدخانغا مەخپىي
جايدا: «سىيىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ خىيالى باشقىچە تۇرىدۇ،
سۇلتان سەئىدخانمۇ ھەم سىيىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن مىرزا
ھەيدەر كوراگان تەرغىب قىلىپ، سېنى زورمۇزور تىبەتكە ئې-
لىپ باردى، گوياكى ئۇلار ماڭا ئۆچلۈك قىلىپ قىساس قىلدى.
ئوغلۇم ئابدۇرېشىدخان، ئۇلار تۇرۇپ خان بولالماس دېگەندى»
دېدى. ئابدۇرېشىدخاننىڭ كۆڭلىگە بۇ سۆزلەر تاشقا ئويۇلغان
خەتتەك ئورنىدى. تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 940 ـ يىلى (مىلادى
1534 ـ يىلى) مۇھەررەم (يانۋار) نىڭ بىرىنچىسى، پەيشەنبە
كۈندە ئابدۇرېشىدخان يەكەن ئوردىسىغا كەلدى. ئابدۇرېشىدخان
ئاتلىق يۈرۈپ دەيۋانخانا (خانلىق ئوردا) نىڭ ئىشىكىگىچە كەل-
دى. سىيىد مۇھەممەد مىرزا قارا سەللە يۆگەپ، ياقىلىرىنى
يىرتىپ تەزىيە تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئابدۇرېشىدخاننى كۆرۈپ

ئايىقىغا يىقىلىپ يىغلىدى. ئابدۇرېشىدخان: «تۇتۇڭلار!» دېدى. ئەتراپتىن قىلىچلار يالىڭاچلىنىپ سەيىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ بېشىنى كەستى. ئېلى سەيىد كۆكۆلداشنى ھەم ئۆلتۈردى. خان ئوردا ئىچىگە كىرىپ خېنىملارغا تەزىيە بىلدۈردى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلدى، چوڭ - كىچىك ھەممە كىشىلەر يىغلىپ قەدىمكى قائىدە بىلەن بەيئەت قىلىپ ئابدۇرېشىدخاننى خانلىق تەختكە چىقىرىپ مۇبارەكلىدى.

(مەھمۇد جوراسنىڭ «تارىخى رەشىدى» (زەيلى) ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.)





# ئابدۇرېشىدخان

## 1

ئابدۇرېشىدخان خۇش تەبىئەت، شېرىن سۆزلۈك، شائىر ۋە مەردانە پادىشاھ ئىدى. سۇلتان سەئىدخاندىن كېيىن، ئابدۇرېشىدخاندەك تىرئەنداز (ئوق ئېتىشقا ئۇستا) كىشىنى كۆرمىدىم دەپ، مىرزا ھەيدەر ئالاھىدە تەرىپلەيدۇ. ئابدۇرېشىدخاننىڭ ئاتقان ئوقى ھەرگىزمۇ خاتا كەتمەيتتى، مۆلچەرگە تېگەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ شىجائەتلىك، جەسۇر، قولى ئوچۇق، سېخىي، مەرد ئىدى؛ مۇزىكا ئىلىملىرىنى ياخشى بىلەتتى، بەلكى مۇزىكا ئىلمىنىڭ مۇسەننىپى (ئۇستازى) ئىدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى يىراق - يېقىنغا ئاڭلاندى. چالىش (قاراشەھەر) تۇرپاندىن مەنسۇرخان ئاقسۇغا ئىككى قېتىم ئەسكەر يۈرگۈزدى. بۇ سەۋەبلىك ئابدۇرېشىدخان يەكەندىن ئاقسۇغا باردى. مەنسۇرخان ئابدۇرېشىدخاننىڭ كېلىش خەۋىرىنى ئاڭلاپ ھايال قالماي قايتىپ كەتتى. ئابدۇرېشىدخاننىڭ ئون ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن ئۈچ نەپىرى ئابدۇرېشىدخان ھايات ۋاقتىدا ۋاپات بولدى. توققۇز ئوغلى خاندىن كېيىن قالدى. ئوغۇللىرى ئىچىدە ئابدۇللەتىپ سۇلتان ھەممىدىن چوڭ ئىدى، بۇنى ئاقسۇغا ۋالىي قىلدى. ئۇ قازاق خانى ھەزەرخاننى باستۇرۇپ، نۇرغۇن ئولجا - غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ قايتتى. قازاق

ئايىقىغا يىقىلىپ يىغلىدى. ئابدۇرېشىدخان: «تۇتۇڭلار!» دېدى. ئەتراپتىن قىلىچلار يالىڭاچلىنىپ سىيىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ بېشىنى كەستى. ئېلى سىيىد كۆكۆلداشنى ھەم ئۆلتۈردى. خان ئوردا ئىچىگە كىرىپ خېنىملارغا تەزىيە بىلدۈردى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلدى، چوڭ - كىچىك ھەممە كىشىلەر يىغلىپ قەدىمكى قائىدە بىلەن بەيئەت قىلىپ ئابدۇرېشىدخاننى خانلىق تەختكە چىقىرىپ مۇبارەكلىدى.

(مەھمۇد جوراسىنىڭ «تارىخى رەشىدى» (زەيلى) ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.)





# ئابدۇرېشىدخان

## 1

ئابدۇرېشىدخان خۇش تەبىئەت، شېرىن سۆزلۈك، شائىر ۋە مەردانە پادىشاھ ئىدى. سۇلتان سەئىدخاندىن كېيىن، ئابدۇرېشىدخاندەك تىرئەنداز (ئوق ئېتىشقا ئۇستا) كىشىنى كۆرمىدىم دەپ، مىرزا ھەيدەر ئالاھىدە تەرىپلەيدۇ. ئابدۇرېشىدخاننىڭ ئاتقان ئوقى ھەرگىزمۇ خاتا كەتمەيتتى، مۆلچەرگە تېگەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆپ شىجائەتلىك، جەسۇر، قولى ئوچۇق، سېخىي، مەرد ئىدى؛ مۇزىكا ئىلىملىرىنى ياخشى بىلەتتى، بەلكى مۇزىكا ئىلمىنىڭ مۇسەننىپى (ئۇستازى) ئىدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى يىراق - يېقىنغا ئاڭلاندى. چالىش (قاراشەھەر) تۇرپاندىن مەنسۇرخان ئاقسۇغا ئىككى قېتىم ئەسكەر يۈرگۈزدى. بۇ سەۋەبلىك ئابدۇرېشىدخان يەكەندىن ئاقسۇغا باردى. مەنسۇرخان ئابدۇرېشىدخاننىڭ كېلىش خەۋىرىنى ئاڭلاپ ھايال قالماي قايتىپ كەتتى. ئابدۇرېشىدخاننىڭ ئون ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن ئۈچ نەپىرى ئابدۇرېشىدخان ھايات ۋاقتىدا ۋاپات بولدى. توققۇز ئوغلى خاندىن كېيىن قالدى. ئوغۇللىرى ئىچىدە ئابدۇللىتىپ سۇلتان ھەممىدىن چوڭ ئىدى، بۇنى ئاقسۇغا ۋالىي قىلدى. ئۇ قازاق خانى ھەزەرخاننى باستۇرۇپ، نۇرغۇن ئولجا - غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ قايىتتى. قازاق

بىلەن بىر تۈركۈم قىرغىزلار بىرلىشىپ ئارقىدىن باستۇرۇپ كەلدى. قاراۋۇلدا قويغان بېلىقچى ئايماقىنىڭ باشلىقى بۇتەمىشە-نىڭ خىيانەت قىلىشى بىلەن ھەق نەزەرخان كېچىسى يوشۇرۇن ئۆتۈپ، سۇلتان ئابدۇللەتىپ خاننىڭ ئەسكىرىنى باسۇرۇق قىلدى. نەتىجىدە ئابدۇللەتىپ خان شېھىت بولدى. ئابدۇللەتىپ خاننىڭ شېھىت بولغانلىق خەۋىرى ئابدىرېشىدخانغا ئاڭلاندى. ھەق نەزەرخان ۋە نورۇز ئەھمەتخان ئابدۇرېشىدخانغا ئىتائەت قىلاتتى. مەھمىدى بەگنى ئەھۋالدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىش ئۇ-چۇن ئابدۇرېشىدخاننىڭ قېشىغا تاشكەنتكە بېرىپ، ئابدۇرېشىد-خاننىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى ر ئوشۇنىغا قاتنىشىشنى تەكلىپ قىلدى. نورۇز ئەخمەتخان ئابدۇرېشىدخاننىڭ يارلىقىغا بويسۇنۇپ قوشۇنغا كەلدى. ھەق نەزەرخان قالغان ئالتە تۆرە بىلەن جارۇن - چىلەك دېگەن يەردە بىللە ئىكەن دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

ئابدۇرېشىدخاننىڭ 12 نەپەر ئوغلى تۆۋەندىكىلەر ئىدى: 1. ئابدۇللەتىپ سۇلتان، 2. ئابدۇكېرىم خان، 3. ئابدۇرېھىم خان (خاننىڭ ھايات ۋاقتىدا ۋاپات بولدى)، 4. سۇلتان ئىبرا-ھىم (مەشھۇر سۇفى سۇلتان)، 5. مۇھەممەتخان، 6. ئەبۇسە-ئىدسۇلتان (بۇ ئالتە نەپەر شاھزادە چۇچۇك خانىمدىن تۇغۇلغان-دى)، 7. قۇرەيش سۇلتان، 8. مۇھەممەت باقى سۇلتان (بۇ شاھ خاننىڭ قىزى خۇپ نىگار خانىمدىن تۇغۇلغانىدى، قالغانلى-رىنىڭ ئانىسى مەشھۇر ئەمەس)، 9. شاھ مۇھەممەت سۇلتان، 10. ئابدۇللا سۇلتان، 11. يۇنۇس سۇلتان، 12. ئابدۇرېھىم خان (تىبەت ئۇرۇشىدا شېھىت بولغانىدى).

ئابدۇللەتىپ سۇلتان شېھىت بولغاندىن كېيىن ئابدۇكېرىم خاننى ئاقسۇ ئۇچىغا خان قىلىپ تۇرغۇزدى، لېكىن ئابدۇكېرىم خان قوبۇل قىلمىدى، يېڭى ھېسارنى تىلىدى.

ئابدۇرېشىدخاننىڭ ئەخلاقىي جۇملىسىدىن بولغان خۇسۇسە-

يەتلىرى: ئابدۇرېشىدخان پاك كۆڭۈللۈك، خۇش قىياپەت، چىد-
رايلىق، خۇشخۇي، مەردانە ئىدى. مىرزا ھەيدەر تارىخىي رەشى-
دىدە بايان قىلىشىچە: ئۆزبېك ۋە قازاق، چاغىتاي ۋە باشقا
موڭغۇل ئۇلۇسلىرى ئىچىدە مەرھۇم سۇلتان سەئىدخاندىن كې-
يىن ئابدۇرېشىدخاندەك ئوقنى ياخشى ئاتار كىشى يوق ئىدى.
ھەرگىز ئوقى خاتا كەتمەيتتى. شۇنىڭدەك ھەر بىر ئىشتا تەڭدى-
شى يوق ئىدى. مۇزىكىدا ئۇستاز ئىدى. جۇملىدىن «ئىشرەت
ئەنگىز»① (خۇشاللىق قوزغاش) دېگەن بىر مۇقام ئىجاد قىلدى.
بۇ مۇقام ئالدىدا بارلىق ئەھلى ساز تەسلىم بولدى. چارتار،
دۇتار، ساتار، قالۇن، راۋاپ، ئۇد ۋە غىجەكلەرنى ياخشى چالات-
تى. سۇلتان ئابدۇرېشىدخان ساز چالغاندا ھەر قانداق بى مازاق
(زوق - شوقى يوق) كىشى بولسىمۇ تەسىر قىلاتتى ۋە تەسىرلىك
ھالەت پەيدا قىلاتتى. ئابدۇرېشىدخان خۇش نەۋس (خەتنى چىراي-
لىق يازاتتى)، پارس ۋە تۈركىي شېئىرلارنى ئىجاد قىلىشتا
كامىل شائىر ئىدى. سۇلتان ئابدۇرېشىدخاننىڭ شېئىرلىرىدىن
بۇ يەردە ئۈچ تۈركىي غەزەل، بىر رۇبائىي رەقەم قىلىندى.

## پارسچە شېئىردىن پارچە

گەر قەدەترا سەرۋى گۇيەم سەرۋىرارە پىتارنىست
گەر لەبەترا غۇنچە خۋانەم غۇنچە راگوتپارنىست

تەرجىمىسى: (گەر بويۇڭنى سەرۋى دېسەم سەرۋىنىڭ يوق
مېڭىشى، گەر لېۋىڭنى غۇنچە دېسەم غۇنچىنىڭ يوق سۆز-
لىشى.)

---

① «ئىشرەت ئەنگىز» — مۇزىكانت، مۇقامشۇناس ئامانىساخان (سۇلتان ئابدۇرېشىدخاننىڭ خانىشى) نىڭ بولۇپ، ئابدۇرېشىدخانغا تەئەللۇق قىلىپ قويۇلغان.

(تۈركىي شېئىرلىرىدىن رۇبائىي)

ئى پەيك سابا مېنىڭ سالامىم يەتكۈر،
يارىمغا نىياز ئىلە سالامىم يەتكۈر.
گەر سۇبھى ۋە شام قېشىغا يەتسەڭ،
ئەلۋەتتە دۇئايى سۇبھى ۋە شامىم يەتكۈر.

تەرجىمىسى (ئى سەھەرنىڭ شامىلى، يارىمغا مېنىڭ كۆ-
ڭۈلدىكى سىرلىرىمنى يەتكۈزگىن،
يارىمغا مېنىڭ كەمتەرلىكىم بىلەن سالىمىمنى ھەم يەتكۈزگىل،
ئەگەر سەھەر، كەچقۇرۇنلاردا يارىمنىڭ قېشىغا بېرىپ قالساڭ،
مېنىڭ كېچە ۋە سەھەرلەردە يارىمنى يادلىغان نالەلىرىمنى يەتكۈزگىن.)

(مەھمۇد جوراسىنىڭ «تارىخى رەشىدى» (زەئلى) ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.)



# ئامانىساخان

مۇقامنىڭ ئون يەتتىنچى پىرى مەلىكەئى ئامانىسا خېنىم ئىدى. بۇ خېنىم سۇلتان ئابدۇرېشىدخاننىڭ خانىشى ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانە شائىرەسى بولۇپ، «دىۋان نەفسى» (نەفىسى شېئىرلىرى توپلىمى) ناملىق شېرىن بىر كىتابنى يازغاندى. خەتتاتلىقتا ئۇستۇن ماھارەتكە ئىگە ئىدى، مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەت ئىگىسى ئىدىكى، سۇلتان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيارسىز شەيدا بولغانىدى. سۇلتاننىڭ بۇ مەلىكىنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ۋەقەسى مۇنداق بولغانىدى: سۇلتان ئۆز ۋەزىر - ئەمىر ۋە لەشكەرلىرى بىلەن پايتەختى يەكەندىن ئاتلىنىپ چىقىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ، تەكلىماكان دەشتىگە شىكارغا يۈزلەندى ۋە نەچچە كۈن شۇ ئەتراپتا بولدى. سۇلتاننىڭ كېچىلىرى دېھقانچە ساددا كىيىملەرنى كىيىپ قونۇچى مۇساپىر سۈپىتىدە سەھرا ياقىلىرىدىكى ئۆيلەردە غېرىبانە قونىدىغان ۋە شۇ يول بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ رەئىيەلەرگە زۇلۇم - سىتەم قىلغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بىر كۈنى سۇلتان شۇ يوسۇندا ئەكرەم ئاتلىق بىر مەھرىمى بىلەن بىر خارابە ئۆيگە قونۇچى سۈپىتىدە كىردى. بۇ ئۆي مەھمۇت ئاتلىق بىر ئوتۇنچىنىڭ ئۆيى ئىدى، بۇ مەلىكە بولسا شۇ مەھمۇتنىڭ قىزى ئىدى. سۇلتان ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان بىر تەمبۇرنى كۆرۈپ قېلىپ مەھمۇتتىن تەمبۇر چېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەھمۇد: «مەن تەمبۇر چېلىشنى بىلمەيمەن. مۇشۇ قىزىم ماڭا تەمبۇر ئېلىپ بەر دەپ خاپا قىلىپ ئالدۇرغان، قىزىم چالىدۇ» دەپ

جاۋاب بەردى. سۇلتان: «ئەمىسە، قىزنىڭىز چېلىپ بەرسۇن» دېدى. مەھمۇد قىزىغا ئەمر قىلدى. قىز تەمبۇرنى ئېلىپ پەنجىگاھ مۇقامىغا شۇنداق چالدىكى، سۇلتان ھەيران قالدى، بولۇپمۇ قىز ئۆزى يازغان بىر شېئىرنى مۇقامغا سېلىپ ئوقۇغاندا، سۇلتان قىزنىڭ مۇھەببىتىدە كۆيۈپ، بىھوش بولۇپ كەتتى. شېئىرنىڭ باشلانما بېيىتى مۇنداق ئىدى. (مەنىسى):

خۇدا ساڭا يۈز شۈكرى، بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ،
پېقىر - مىسكىنگە ئابدۇرېشىتخاننى پاناھ قىلدىڭ.

بۇ غەزەلنىڭ چۈشۈرگە بېيىتى مۇنداق باغلانغانىدى (مەنىسى):

ئەي نەفىسى، ئۇلۇغ تەڭرىگە كېچە - كۈندۈز دۇئا قىلغىن،
ئەگەر شاھ ھەققىدە دۇئا قىلمىساڭ، قاتتىق گۇناھ قىلغان بولىسەن.

غەزەل تامام بولۇشىغا سۇلتان ئالدىراپ: «نەفىسە دېگەن شائىر كىم؟ سىز بۇ غەزەلنى نەدىن ئۆگەنگەن؟» دەپ سورىغاندى. قىز: «خەقنىڭ غەزىلىنىمۇ ياد ئېلىپ يۈرەمدىكەن، مەن نەۋائىي، فۇزۇلى، زەلىلىنىڭ شېئىرلىرىدىن باشقىنى ئوقۇمايمەن. بۇ غەزەل ئۆزۈمنىڭ، نەفىسى مېنىڭ تەخەللۇسۇم» دەپ جاۋاب بەردى. سۇلتان ئۇنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى سورىدى. ئاتىسى: «ئون ئۈچ ياشقا كىردى» دەپ جاۋاب بەردى. سۇلتان تېخىمۇ ھەيران بولدى. ئاڭغىچە، ئامانىسا خېنىم قوپۇپ ئۆزى يازغان بىرنەچچە شېئىرلارنى ئەكىلىپ كۆرسەتتى. خېتىنىڭ ھۆسنى ئۆزىنىڭ ھۆسنى بىلەن بەسلىشەتتى. پادىشاھنىڭ بۇ خەتنى شۇنچە كىچىك نارەسىدىنىڭ يازغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي: «قېنى ئەمىسە، مەن قاراپ تۇراي، بىر شېئىر يېزىپ بېقىڭ» دېگەنىدى، قىز دۇۋەت - قەلەم ۋە قەغەز ئېلىپ كېلىپ

تۆۋەندىكى بېيىتنى يازدى (مەنىسى):

خۇدا، بۇ بەندە ماڭا تولىمۇ گۇمانلىق كۆزدە قارىدى،
گويا بۇ ئۆيدە بۇگۈن ئاخشام مەن ئۈچۈن بىر تىكەن ئۈندى.

سۇلتان كۇلۇپ: «ئىشەندىم، مېنى مەسخىرە قىلماڭ» دې-
دى ۋە مەھرىمى بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ: «بىز ھېلى كېلىمىز»
دەپ كېتىپ قالدى. ئۇ لەشكەرگاھىغا بېرىپ، ۋەزىر - ئەمىر-
لەرگە بولغان ئەھۋالنى بايان قىلدى. بېشىغا تاج كىيىپ، ئۇس-
تىگە دەۋاج ياپتى. دەرھال ئۇن قوي ۋە شايى - ئەتلەسلەر
تەييارلاندى، تۇن يېرىمىدا قىرىق كىشى مەھمۇتنىڭ ئۆيىگە كې-
لىپ مەقسەتنى بايان قىلدى. پادشاھ ئۆزىنى ئاشكارا قىلىپ،
توي قىلىپ قىزنى نىكاھىغا ئالدى. بۇ مەلىكە يىگىرمە يىل
پادشاھنىڭ نىكاھىدا تۇردى. خۇدايىتائالا بۇ قىزغا شۇنداق ئە-
قىل - پاراسەت ئاتا قىلغانىدىكى، تەرىپلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجى-
تى يوق. «دىۋان نەفىسى» نى يازدى، خوتۇن - قىزلارغا نەسى-
ھەت قىلىش مەزمۇنىدا «ئەخلاقى جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق)
ناملىق بىر كىتابنى يازدى. «شورۇھولقۇلۇپ» (قەلبلەر شەر-
ھى) ناملىق بىر رىسالە يازدى. شائىرلىق، نەغمىچىلىك ۋە
خەتتاتلىق توغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كىتاب ئاز. «ئىشرەت
ئەنگىز» (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق بىر مۇقامنىمۇ بۇ مەلىكە
ئىجاد قىلغانىدى. كۆچلۈك رەشك يۈزىسىدىن سۇلتان بۇنى ئۆز
نامىدا قىلىۋالغان ۋە شۇ بويىچە نەغمىچىلەرگە ئۆگىتىلگەن. بۇ
مەلىكە ئوتتۇز تۆت يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغان دېيىلىدۇ.
مەلىكە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، سۇلتان ئۆزىنى ئۆلتۈرگۈ-
دەك ھالەتكە يېتىپ، سەۋدايىلىق كېسىلىگە مۇپتىلا بولدى.
سۇلتان ئاخىر يىغلاپ ئالەمدىن ئۆتتى دېيىلىدۇ.

(مۆجىزىنىڭ «تارىخى مۇسقىيۇن» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.)

## مىرزا ھەيدەر

مىرزا ھەيدەر پادىشاھنىڭ پەرمان بىلەن مەدەت بېرىشى
ئارقىسىدا كەشمىرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ ئاللانىڭ ياردىمگە
تايىنىپ كەشمىر داۋانلىرىغا يېقىنلاشتى. لېكىن، پادىشاھ ئۇ-
نىڭغا قوشۇپ بەرگەن ئەمىرلەرنىڭ ئارىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا بو-
لۇشقا باشلىدى. جۈملىدىن خوجا كالان بەگ ئۆز خاھىشى بىلەن
ياكى كامىران مىرزىنىڭ تەرغىبى بىلەن كەشمىرگە بېرىشتىن
ۋاز كېچىپ، مىرزىدىن ئايرىلدى ۋە كامىران مىرزىغا بېرىپ
قوشۇلدى. مۇزەپپەر توپچى سارىكپۇر تېغىغا قېچىپ كەتتى.
قىسقىسى، پادىشاھ قوشۇپ بەرگەن بىرقانچە كىشى ۋە مىرزا
ھەيدەرنىڭ بۇرۇنقى ئادەملىرى ئىچىدىكى بىر قانچە كىشىدىن
باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مىرزا ھەيدەرنى تاشلاپ، ھەر تەرەپ-
كە تارقىلىپ كەتتى.

لېكىن بۇ چاغ كەشمىرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ ۋە
غەليان پەيدا بولۇپ، تەرتىپ قالايمىقانلاشقان بىر ۋاقىت ئىدى.
شۇڭا مىرزا ھەيدەر 947 ـ يىلى[1] رەجەپ ئېيىنىڭ 22 ـ كۈنى
پۇنۇچ داۋىنىدىن ئۆتۈپ كەشمىرنى ئۇرۇشسىز ئىشغال قىلدى.
چۈنكى يەنە يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنىڭ ئۈستىگە، خېلى ۋاقىتلار-
دىن بېرى كەشمىردە ھاكىم يوق بولۇپ، ھەرقايسى ئەمىرلەر ھەر
تەرەپتە ئۆزى بىلگەنچە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ۋاپا-
سىزلىق ۋە ۋەدىگە ئەمەل قىلماسلىق، ھىيلە ـ مىكىر كەشمىر-

---

① مىلادى 1540 — 1541 ـ يىللار.

لىكلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەر قاچان تېپىلاتتى. كاجى چەك مىرزا
ھەيدەرنىڭ كەشمىرنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىگىلىۋالغانلىقىنى
كۆرۈپ، خىيانەت ۋە ھىيلە يولىغا قەدەم قويۇشنى ئويلاپ كەش-
مىردىن چىقىپ شىرخاننىڭ يېنىغا كەتتى. ئەسلى كاجى چەكنىڭ
مىرزا ھەيدەرگە ئۇزۇلدۇرمەي خەتلەرنى ئەۋەتىپ تۇرۇشتىن مەق-
سىتى، ئۆز غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، كېيىن
ئۇ مەقسىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ئېھتىمالىنىڭ يوقلۇقىدىن،
بەلكى ئىش ئۇنىڭ كۆتكىنىدىن باشقىچە بولۇپ چىقىۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ، مىرزا ھەيدەردىن يۈز ئۆرۈدى ھەمدە ئالدامچىلىق ۋاسى-
تىسى بىلەن ئۇنىڭ قەستىگە چۈشتى. نەتىجىدە كاجى چەك
مۇھەممەد شاھنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنىڭ سىڭلىسىنى شىرخانغا
ئېلىپ بەردى. بۇ ۋاستە ئارقىلىق ئۇ شىرخاننىڭ ئىشەنچىسىگە
ئىگە بولۇۋالدى. ئاندىن كېيىن كاجى چەك شىرخاننى قۇترى-
تىپ، ئۇنىڭدىن كەشمىرنى ئېلىش ئۈچۈن ئەھدە تۈزۈپ ياردەم
تىلىدى. شىرخان ئۇنىڭ سۆزىگە ماقۇل بولۇپ، ئادىلخان ۋە
ھۈسەيىنخان شىرۋانى باشلىق بىرقانچە ئەمىرنى ئىككى مىڭ
لەشكەر بىلەن كاجى چەككە قوشۇپ بەردى. كاجى چەك بۇ ئادەم-
لەرنى باشلاپ كەشمىرگە يېتىپ كەلدى.

كاجى چەك كەشمىرگە يېتىپ كەلگەن كۈنى ئۇنىڭ ئىشەنچ
قىلىپ كەلگەن يۆلەنچۈكى ئابدال ماكرى ئىستىقا كېسىلى بىلەن
ئالەمدىن ئۆتتى.

مىرزا ھەيدەر كاجى چەكنىڭ ياردەمگە ئىگە بولۇپ كەلگەنلى-
كىدىن خەۋەر تېپىپ، ئەھلى - ئاياللىرىنى «ئەندەر كۆل» دېگەن
مۇستەھكەم جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى قەلئەنى مۇداپى-
ئە قىلىشقا تۇتۇش قىلدى. لېكىن، كەشمىر خەلقى مىرزا ھەي-
دەرنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئازلا ئادەم قال-
دى. ئاخىر، 948 - يىلى[1] رەببىيەلئاخىرنىڭ يىگىرمىسى دۈ-
شەنبە كۈنى جەڭ باشلاندى. مىرزا ھەيدەر ئاللانىڭ مەدىتى بىلەن

---

① مىلادى 1541 — 1542 - يىللار.

شۇنداق قەھرىمانلىق كۆرسەتتىكى، ئاخىرىدا دۇشمەنلەر تەلتۆكۈس يەڭ‑
لەلمەي مەغلۇپ بولدى. ئۇلارنىڭ كۆپى رەھىمسىز تىغ ئاستىدا
ھالاك بولدى. قالغانلىرى پۈتۈنلەي مىرزا ھەيدەرنىڭ قولىغا
ئەسىر چۈشتى.

مىرزا ھەيدەرنىڭ ئادەملىرى ئاز، دۇشمەننىڭ لەشكىرى
كەشمىرلىكلەر بىلەن قوشۇلۇپ بەش مىڭ ئاتلىقتىن كۆپرەك
بولسىمۇ، لېكىن دۇشمەنلەرنىڭ ئىشى ئەسلى ۋاپاسىزلىق ۋە
تۆز‑ كورلۇقتىن كېلىپ چىققانلىقى سەۋەبلىك كۆتكەن يېرىدىن
چىقمىدى. كەشمىر ۋىلايىتى قايتىدىن مىرزا ھەيدەرنىڭ ئىگىدار‑
چىلىقىغا تولۇق ئۆتتى. كەشمىرنىڭ خەتىبى[1] مەۋلانە جالالىددىن
مۇھەممەد يۇسۇپ بۇ قېتىمقى غەلىبىنىڭ تارىخىنى «فەتھى مۇ‑
كەررەر» (تەكرار غەلىبە) دېگەن سۆز بىلەن ئىپادە قىلدى.

مىرزا ھەيدەر بۇ قېتىمقى غەلىبىدىن كېيىن، ئون يىل
كەشمىر ۋىلايىتىنىڭ تىنچلىقى ۋە ئاۋاتلىقى ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ
تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. كەشمىر ئەسلىدە بىر خارابىلىككە
ئايلىنىپ قالغانىدى. مىرزا ھەيدەر ئۇنى شەھەر قىياپىتىگە كىر‑
گۈزدى. ھەرخىل ھۈنەرۋەن ئۇستىلارنى ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىن
ئالدۇرۇپ كېلىپ ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى. قىسقىسى، مىرزىنىڭ
تىرىشچانلىقى بىلەن ئون يىل ئىچىدە كەشمىر ۋىلايىتى تولۇق
روناق تېپىپ مەمۇرچىلىق ۋە ئاۋاتلىقتا كامالەتكە يەتتى. 958
‑ يىلىغا كەلگەندە[2] كەشمىرلىكلەر بىر كېچىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم
قىلىپ مىرزا ھەيدەرنى شېھىت قىلدى.

بۇ ۋەقە مۇنداق بولدى: كەشمىر خەلقى ھىيلە ‑ مىكىرنى
ئەزەلدىن تارتىپ ئۆز ۋۇجۇدىغا سىڭدۇرگەن بىر خەلق بولۇپ،
تەبىئىتى پۈتۈنلەي ھىيلە ‑ خىيانەت بىلەن تولغانىدى. ئۇلار ئۆز
تەبىئەتلىرىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ھېچبىر سەۋەبسىزلا مىرزا ھەي‑
دەرنى قەستلەش كويىغا چۈشتى. ئۇلارھىيلە ‑ مىكىر ئىشلە‑

① خەتىبى — خۇتبە ئوقۇغۇچى، نۇتۇق سۆزلىگۈچى.
② مىلادى 1551 ‑ يىلى.

تىش يولى بىلەن مىرزا ھەيدەرگە ئۆزلىرىنى دوست كۆرسىتىپ ماھىيەتتە دۈشمەنلىك پىلانىنى تۈزۈشكە باشلىدى. قىسقىسى، ئۇلار مىرزىنى قايمۇقتۇرۇپ، توغرىدەك كۆرۈنگەن بىرقانچە مەسلىھەتلەر بىلەن مىرزىنى ماقۇلغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ يارامىلىق باتۇرلىرى ۋە لەشكەرلىرىنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇردى. بىرقانچە باتۇر بىلەن نەچچە يۈز ئادەمنى تىبەت تەرەپكە، نەچچە يۈز ئادەمنى بىكار تەرەپكە، يەنە نەچچە يۈز ئادەمنى راجۈرى تەرەپكە ئەۋەتىۋەتتى. ئەبدىرىنا، ئابدال ماكىرىنىڭ ئوغلى ھۈسەيىن ماكىرى، خوجا ھاجى باققال كەشمىرى قاتارلىقلار بولسا مىرزا ھەيدەرنىڭ مۇھىم سەكەردىلىرى ئىدى. بۇلارنىمۇ مۇناپىقلار ئازدۇرۇپ ئۆزلىرىگە قوشۇۋالدى. غازىخان، مۇلك دۆلەتچەكلەرمۇ كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن كەشمىرلىكلەر توپلىشىپ، مىرزا ھەيدەرنىڭ ئۇستىگە يۈرۈش قىلدى. سىرىنكىر كەشمىرنىڭ ھاكىملىرى تۇرىدىغان جايدۇر. ھىرەپۇر بىلەن سىرىنكىرنىڭ ئارىلىقىدىكى چانپور دېگەن يەردە كەشمىرلىكلەر مىرزا ھەيدەرگە كېچىدە ھۇجۇم قىلدى. مىرزا ھەيدەر قاماقتىكى قارا باتۇرنى قاماقتىن بوشىتىش ئۈچۈن چانپوردىكى خوجا ھاجىنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدى. دېمەك، كەشمىرلىكلەر دەل شۇ يەرگە كېچىدە كېلىپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. مىرزا ھەيدەر كامال ژىرىنىنىڭ قولىدا شېھىت بولدى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە شۇ كۈنى قاراڭغۇ كېچىدە مىرزىنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى دۈشمەنلەرگە ئوق ئېتىۋاتاتتى. ئويلىمىغان يەردىن بىر ئوق خاتا كېتىپ مىرزىغا كېلىپ تەگدى. مىرزا ئۆز ئادىمىنىڭ ئوقى زەربىسىدىن شېھىت بولدى ـ دېيىلىدۇ.

(مۇھەممەد نىياز بىننى ئابدۇغوپۇرنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يازغان «قىسسەسۇل غەرايىپ» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.)

# ئىپارخان

ھىدايىتۇللا (ئاپاق غوجا) تەرىپىدىن ئۇچتۇرپانغا قوغلىنىۋېتىلگەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەردارى ئەمىر مۇھەممەتخاننىڭ نۇرئەلانۇرخان ئىسىملىك بىر نەۋرىسى بولۇپ، ئۇ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئىكەن. بۇ پەرىزات سۈپەتلىك قىزنىڭ بويىدىن تەبىئىي ئىپار پۇراپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىسمىنى كىشىلەر «ئىپارخان» دەپ ئاتاشقانىكەن. ئىپارخان ئاتقا مىنىشكە ماھىر بولۇپ، جەڭدە ئاجايىپ باتۇر ئىكەن. ئۇ بىر قېتىم ئىشىنكرۇ① لەشكەرلىرى بىلەن بولغان جەڭدە ئەسىرگە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇنى بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىپ خانغا كۆرسىتىپتۇ. ئىشىنكرۇ خان ئىپارخاننى بىر كۆرۈپلا ئاشىق - بىقارار بولۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىزنى مەجبۇرىي مەلىكەلىككە قوبۇل قىپتۇ. ئىپارخاننىڭ رايىنى تارتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىلمىغان خۇشامىتى قالماپتۇ. نېمە تەلەپ قىلسا شۇنى دەرھال بېجىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. لېكىن، ئەل - يۇرت پىراقىدا باغرى كۆيۈپ ئاتەش بولغان ئىپارخان خاننىڭ بۇ ئىلتىپاتلىرىغا قىلچە پىسەن قىلماي، ھەمىشە مۇڭلىنىپ غەمكىن ئۆتۈپتۇ. بۇ ھالنى سەزگەن ئىشىنكرۇ خان ئىپارخاننىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ يەكەندىكى ئۇرۇق - تۇغقان، يۇرتداشلىرىنى بېيجىڭغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئۇردا يېنىدىن مەخسۇس

---

① ئىشىنكرۇ — مانجۇ خانلىرىنىڭ فامىلىسى، بۇ يەردە پادىشاھ چيەنلۇڭ كۆزدە تۇتۇلغان (1711 — 1799)، چيەنلۇڭنىڭ ئۆز ئىسمى ئىشىنكرۇ خۇنراي ئىدى.

مەھەللە ئاجرىتىپ، ئۇلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇپتۇ ۋە بۇ قېرىنداش-
لىرى بىلەن ئىپارخانىنىڭ ھال - مۇڭ بولۇپ ئۆتۈشكە شەرت
ھازىرلاپ بېرىپتۇ. بىراق، خانىنىڭ بۇ «ئىلتىپاتى» ئىپارخانىنىڭ
مىسكىن كۆڭلىنى كۆتۈرەلمەپتۇ. بۇ مەلىكە يەنىلا خانغا كۆڭلى-
نى بەرمەي، خاپىچىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋېرىپتۇ. ئامالسىز قالغان
خان ئىپارخانىنىڭ يېنىغا كىرىپ: «ئى، مەلىكەم! سىزگە بارلىق
شاپائىتىمنى كۆرسەتتىم. مەندەك بىر شانۇ شەۋكەتلىك خانغا
خانىش بولغىنىڭىزغا پەخىرلەنمەي، يەنە نېمىشقا ئۆزىڭىزنى مۇڭ-
چۇلا ئاۋارىچىلىككە سالىسىز؟ چىرايىڭىز كۈنسېرى سارغىيىپ
كېتىۋاتىدۇ، سىزگە يەنە نېمە لازىم؟ ئېيتىڭ، مەن بەجا كەلتۈ-
رىمەن» دەپ سوراپتۇ. شۇندا ئىپارخان يەنە خانغا غەزەپ بىلەن
تىكىلىپ: «مېنىڭ يۇرتۇمدا مېۋىسى ئالتۇن، يوپۇرمىقى كۈ-
مۈش، شېخى پولات، ھىدى ئىپار بولغان بىر دەرەخ بار ئىدى،
شۇنى سېغىندىم» دەپتۇ. «بۇ قانداق دەرەختۇر؟» دەپ ھەيران
قالغان خان دەرھال لەشكەر بېشى سۇچىڭ بىلەن ھاكىم بەگ
ئەبەيدۇللاغا مۇشۇنداق دەرەخنى دەرھال ئوردىغا كۆچۈرۈپ كې-
لىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. سۇچىڭ بىلەن ھاكىم بەگ خان
تەلەپ قىلغان بۇ خاسىيەتلىك دەرەخنىڭ جىگدە ئىكەنلىكىنى
قارارلاشتۇرغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۇچتۇرپان خەلقىگە سېلىق
چۈشۈرۈپ، يۈز ياغاچ تۇڭغا جىگدە كۆچىتى كۆچۈرۈپ بېيجىڭغا
يۆتكەش بۇيرۇقىنى ساپتۇ. مەجبۇرىي ھالدا نەچچە مىڭلىغان
يوقسۇل دېھقانلارغا جىگدە كۆچۈرۈلگەن يولغا ياغاچ تۇڭلارنى
كۆتۈرگۈزۈپ، ئۇچتۇرپاندىن ھەيدەپ مېڭىپتۇ. مەھبۇسلار ئۇس-
سۇزلۇق ۋە ئاچلىق ئازابىدا بىر كېچە - كۈندۈز يول يۈرگەندىن
كېيىن، بىر قونالغۇدا مەسلىھەت قىلىشىپتۇ: «خانىنىڭ بۇ يار-
لىقى ھەممىمىزنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. مەنزىلگە يېتىپ بار-
غۇچە ھەممىمىز ئۆلۈپ تۈگەيمىز. يېتىپ ئۆلگۈچە ئېتىپ ئۆل
دەپتىكەن. جاننى بۇنداق قىيىنغۇچە يا ئۆلۈم - يا كۆرۈم دەپ
بىراقلا قوزغىلايلى» دەپ ۋەدىلىشىپتۇ. پىغانى تاشالماي ئاران

# ئىپارخان

ھىدايىتۇللا (ئاپاق غوجا) تەرىپىدىن ئۇچتۇرپانغا قوغلىنىۋېتىلگەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەردارى ئەمىر مۇھەممەتخاننىڭ نۇرئەلانۇرخان ئىسىملىك بىر نەۋرىسى بولۇپ، ئۇ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئىكەن. بۇ پەرىزات سۈپەتلىك قىزنىڭ بويىدىن تەبىئىي ئىپار پۇراپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىسمىنى كىشىلەر «ئىپارخان» دەپ ئاتاشقانىكەن. ئىپارخان ئاتقا مىنىشكە ماھىر بولۇپ، جەڭدە ئاجايىپ باتۇر ئىكەن. ئۇ بىر قېتىم ئىشىنكرۇ[1] لەشكەرلىرى بىلەن بولغان جەڭدە ئەسىرگە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇنى بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىپ خانغا كۆرسىتىپتۇ. ئىشىنكرۇ خان ئىپارخاننى بىر كۆرۈپلا ئاشىق - بىقارار بولۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىزنى مەجبۇرىي مەلىكىلىككە قوبۇل قىپتۇ. ئىپارخاننىڭ رايىنى تارتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىلمىغان خۇشامىتى قالماپتۇ. نېمە تەلەپ قىلسا شۇنى دەرھال بېجىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. لېكىن، ئەل - يۇرت پىراقىدا باغرى كۆيۈپ ئاتەش بولغان ئىپارخان خاننىڭ بۇ ئىلتىپاتلىرىغا قىلچە پىسەن قىلماي، ھەمىشە مۇڭلىنىپ غەمكىن ئۆتۈپتۇ. بۇ ھالنى سەزگەن ئىشىنكرۇ خان ئىپارخاننىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ يەكەندىكى ئۇرۇق - تۇغقان، يۇرتداشلىرىنى بېيجىڭغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئۇردا يېنىدىن مەخسۇس

① ئىشىنكرۇ — مانجۇ خانلىرىنىڭ فامىلىسى، بۇ يەردە پادىشاھ چيەنلۇڭ كۆزدە تۇتۇلغان (1711 — 1799). چيەنلۇڭنىڭ ئۆز ئىسمى ئىشىنكرۇ خۇنراي ئىدى.

مەھەللە ئاجرىتىپ، ئۇلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇپتۇ ۋە بۇ قېرىنداشلىرى بىلەن ئىپارخاننىڭ ھال - مۇڭ بولۇپ ئۆتۈشكە شەرت ھازىرلاپ بېرىپتۇ. بىراق، خاننىڭ بۇ «ئىلتىپاتى» ئىپارخاننىڭ مىسكىن كۆڭلىنى كۆتۈرەلمەپتۇ. بۇ مەلىكە يەنىلا خانغا كۆڭلىنى بەرمەي، خاپىچىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋېرىپتۇ. ئامالسىز قالغان خان ئىپارخاننىڭ يېنىغا كىرىپ: «ئى، مەلىكەم! سىزگە بارلىق شاپائىتىمنى كۆرسەتتىم. مەندەك بىر شانۇ شەۋكەتلىك خانغا خانىش بولغىنىڭىزغا پەخىرلەنمەي، يەنە نېمىشقا ئۆزىڭىزنى مۇڭ-چۇۋالا ئاۋارىچىلىككە سالىسىز؟ چىرايىڭىز كۈنسېرى سارغىيىپ كېتىۋاتىدۇ، سىزگە يەنە نېمە لازىم؟ ئېيتىڭ، مەن بەجا كەلتۈرىمەن» دەپ سوراپتۇ. شۇندا ئىپارخان يەنە خانغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ: «مېنىڭ يۇرتۇمدا مېۋىسى ئالتۇن، يوپۇرمىقى كۈمۈش، شېخى پولات، ھىدى ئىپار بولغان بىر دەرەخ بار ئىدى، شۇنى سېغىندىم» دەپتۇ. «بۇ قانداق دەرەختۇر؟» دەپ ھەيران قالغان خان دەرھال لەشكەر بېشى سۇچىڭ بىلەن ھاكىم بەگ ئەبەيدۇللاغا مۇشۇنداق دەرەخنى دەرھال ئوردىغا كۆچۈرۈپ كېلىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. سۇچىڭ بىلەن ھاكىم بەگ خان تەلەپ قىلغان بۇ خاسىيەتلىك دەرەخنىڭ جىگدە ئىكەنلىكىنى قارارلاشتۇرغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۈچتۇرپان خەلقىگە سېلىق چۈشۈرۈپ، يۈز ياغاچ تۈڭغا جىگدە كۆچەتى كۆچۈرۈپ بېيجىڭغا يۆتكەش بۇيرۇقىنى ساپتۇ. مەجبۇرىي ھالدا نەچچە مىڭلىغان يوقسۇل دېھقانلارغا جىگدە كۆچۈرۈلگەن يولغا ياغاچ تۈڭلارنى كۆتۈرگۈزۈپ، ئۈچتۇرپاندىن ھەيدەپ مېڭىپتۇ. مەھبۇسلار ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىق ئازابىدا بىر كېچە - كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر قونالغۇدا مەسلىھەت قىلىشىپتۇ: «خاننىڭ بۇ يارلىقى ھەممىمىزنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. مەنزىلگە يېتىپ بارغۇچە ھەممىمىز ئۆلۈپ تۈگەيمىز. يېتىپ ئۆلگۈچە ئېتىپ ئۆل دەپتىكەن. جاننى بۇنداق قىينىغۇچە يا ئۆلۈم - يا كۆرۈم دەپ بىراقلا قوزغىلايلى» دەپ ۋەدىلىشىپتۇ. پىغانى تاشالماي ئاران

تۇرغان يىگىتلەر شۇئان ئاۋاز قوشۇپ ھەرىكەتكە كېلىپ، جىگدە
قاچىلانغان ھەممە تۇڭلارنى چېقىپ تاشلاپتۇ. قولىغا تاياق ـ
توقماق ئالغان قوزغىلاڭچىلار شۇ كېچىدىلا ئون مىڭغا يېتىپتۇ.
سۇچىڭ ۋە ھاكىم بەگنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ چېرىكلىرىنىڭ راسا
ئەدىبىنى بېرىپتۇ. بۇ «جىگدە يېغىلىقى» دەپ ئاتىلىپتۇ. خان-
نىڭ جىگدە كۆچۈرۈش پەرمانى بەربات بولغاندىن كېيىن، ئى-
شىنكىرۇ خان قەھرى ـ غەزەپكە كېلىپ، ئىپارخاننى قاتتىق
ۋاستىلەر بىلەن قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
بىر كۇنى ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇپ، ئىپارخاننىڭ
ھۇجرىسىغا كىرىپ زورلۇق ئىشلەتكەنىكەن، بۇ ئىپپەتلىك قىز
قارشىلىق كۆرسىتىپ، قونجىدىكى پىچاق بىلەن خاننى يېنىك
يارىلاندۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلسىمۇ، ھىيلىگەر خان پەرىزات قىز-
دىن زادى كۆڭلىنى ئۈزەلمەپتۇ. «بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن
بوزۇلۇپ قالار» دەپ ئىپارخاننى ئاپىسىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى باشقا
جايغا ساياھەتكە كېتىپتۇ. ئوردىنى باشقۇرۇپ تۇرغان ئىشىنكىرۇ
خاننىڭ ئانىسى ئۆز ئەتراپىدىكى خۇسۇمەتچى مەلىكە، خانىشلار
بىلەن: «ئىشىنكىرۇ دۆلەت خانى تۇرۇقلۇق نەسەبسىز بىر ئاددىي
ئايالغا پۇتۇنلەي ئەسىر بولۇپ كەتتى. ناۋادا ئۇنىڭدىن پەرزەنت
كۆرۈپ قالسا، خانلىق تەختىمىزنىڭ ۋارىسى بولۇپ قالىدۇ، ئۇ
چاغدا بىزنىڭ نەسەبىمىز ئۈزۈلىدۇ. شۇڭا بۇ ئايالنى دەرھال
كۆزدىن يوقىتىش كېرەك» دەپ سۇيىقەست پىلانلاپتۇ. نەتىجىدە
بىر ئامال تېپىپ، ئىپارخانغا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئى-
شىنكىرۇ خان قايتىپ كەلگەندە ئوردا خانىشلىرى بىرلىكتە:
«ئىپارخان زەھەر ئىچىپ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالدى» دەپ
مەلۇم قىلىشىپتۇ. ئىپارخاننىڭ ئىشق ـ پىراقىدا كۆيگەن خان
قاتتىق ئازاب ئىچىدە قاپتۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي كۆيۈك دەردىدە
ئۆلۈپتۇ. ئىپارخاننىڭ جەسىتى ئاشۇ جايدىكى خانلىق قەبرىستان-
لىقىغا دەپنە قىلىنغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇرېشىت ئىسلام، 1983 ـ يىلى خاتىرىلەن-
گەن.

# ئابدۇكېرىمخان

خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللا كۆنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۈچ مىڭ نەپەر سوپىسىنى ئەگەشتۈرۈپ جەھر سۆھبەت بىلەن (ئوچۇق - ئاشكارا) غوۋغا كۆتۈرگەن ھالدا يەركەنتكە كىرىپ كەپتۇ. بۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇكېرىمخان (ئادىل خان) نىڭ دەۋرى ئىكەن. ئابدۇكېرىمخان جەھرى سۆھبەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئوردا بەگلىرىنى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئوردا بەگلىرى مەقدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ. ئابدۇكېرىمخان خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللاغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىپتۇ. ئەمما، خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللا «كېيىنچە بارۇرمىز» دەپ خاننىڭ تەكلىپىنى رەت قىپتۇ. ئابدۇكېرىمخان: «ھالا، بۇ كۆنلەردە بىزنىڭ سۆزىمىزنى دەرۋىش كىشلەرمۇ تىڭشىمايۋاتسا قانداق بولىدۇ» دەپ خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللادىن قاتتىق رەنجىپتۇ.

خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ ئابدۇكېرىمخانغا نىسبەتەن باشقىچە قارىشى بار ئىكەن. شۇڭا ئۇ يەركەنتتە توختىماي ئۇدۇل قەشقەرگە كەپتۇ. قەشقەر ھاكىمى مىرزا مۇھەممەدنى، يەركەنت ھاكىمى ھاۋاز بەگنى، ئابدۇرېشىدخاننىڭ يەتتىنچى ئوغلى سوپى سۇلتاننى چاقىرىپ ئابدۇكېرىمخاندىن تەخت ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ھەققىدە مەسلىھەت قىلىشىپتۇ. مەسلىھەت پىشقاندىن كېيىن ئۇن بەش مىڭ كىشىنى قوراللاندۇرۇپ، سوپى سۇلتاننى

باش قىلىپ ئابدۇكېرىمخانغا قارشى يەركەنتكە ئاتلاندۇرۇپتۇ. بۇ ئىشتىن ئابدۇكېرىمخان ئاللىقاچان خەۋەر تاپقانىكەن، شۇڭا ئۇ بەش مىڭ كىشى بىلەن چارەكىنىڭ «قارا قۇم» دېگەن يېرىدە خوجا ئىسهاق ۋەلىيۇللا قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ. جەڭ ئون تۆت كۈن داۋاملىشىپ نۇرغۇن كىشى ئۆلۈپتۇ. ئابدۇكېرىمخان خوجا ئىسهاق ۋەلىيۇللانىڭ ئۈچ مىڭ ئادىمىنى ئەسىر ئېلىپ ئۆز لەشكەرلىرىگە قوشۇپتۇ. مىرزا مۇھەممەد بىلەن هاۋاز بەگنى دارغا ئېسىپ، سوپى سۇلتاننى هىندىستانغا سۈرگۈن قىپتۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن خوجا ئىسهاق ۋەلىيۇللا ئابدۇكېرىمخاندىن قورقۇپ، تولىمۇ ئەندىشىگە چۈشۈپ قاپتۇ.

خوجا ئىسهاق ۋەلىيۇللا ئەندىشە ئىچىدە يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر باغقا كىرىپتۇ. بۇ باغ دۇنيادىكى باشقا باغلارغا ئوخشىمىغۇدەك، خۇددى جەننەتنىڭ ئۆزىمىش. باغدا پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام بىلەن ئاتىسى مەقدۇم ئەزەم تۇرغۇدەكمىش. خوجا ئىسهاق ۋەلىيۇللا مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام بىلەن ئاتىسى مەقدۇم ئەزەمگە سۇلتان ئابدۇكېرىمخان ئۈستىدىن شىكايەت قىپتۇ. شىكايەتنى ئاڭلىغان مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام خوجا ئىسهاق ۋەلىيۇللاغا بىر تەرەپنى كۆرسىتىپ، ئىشارەت قىلىپ «قاراڭ» دەپتۇ. خوجا ئىسهاق ۋەلىيۇللا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپتۇ. قاراپ بىر دەرەخنىڭ ئۈستىدە بىر لەگلەكنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. مەقدۇم ئەزەم خوجا ئىسهاق ۋەلىيۇللاغا لەگلەكنى «ئۇرۇڭ» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. خوجا ئىسهاق ۋەلىيۇللا ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن لەگلەكنى قولىدىكى هاسىسى بىلەن بىرنى ئۇرغانىكەن، لەگلەك پاچاق - پاچاق بولۇپ كېتىپتۇ.

خوجا ئىسهاق ۋەلىيۇللا بۇ چۈشنى ئەتىسى سوپىلىرىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە مۇھەممەدخاننىڭ ئاقسۇدىن نۇر-

غۇن لەشكەرلەر بىلەن ئابدۇكېرىمخان ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلەۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر كەنتكە ئاڭلىنىپتۇ. سۇلتان ئابدۇكېرىمخان مۇھەممەدخانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن لەشكەرلەر بىلەن ئاقسۇ تامان ئاتلىنىپتۇ. مارالۋېشىنىڭ تۇمشۇق دېگەن يېرىگە كەلگەندە توختاپ ئەسكەرلەرنى رەتكە ساپتۇ. ئۇلارغا نۇرغۇن ئىنئاملارنى ئېھسان قىلىپ قونالغۇلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. شۇ كۈنى پەيشەنبە چىقار، جۈمە كىرەر كېچىسى ئىكەن. سۇلتان ئابدۇكېرىمخان قۇرئان تىلاۋەتكە مەشغۇل بوپتۇ. ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ ئالدىن يوشۇرۇنۇۋالغان ئون نەپەر سوپىسى تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كىرىپ سۇلتاننى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۆلۈكنى كىگىزگە يۆگەپ، چېدىردىن يوشۇرۇنچە ئېلىپ چىقىپ بىر ھاڭغا تاشلىۋېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئوردا ئەمەلدارلىرى چېدىردىكى قاندىن سۇلتان ئابدۇكېرىمخاننىڭ يوشۇرۇنچە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلەۋاپتۇ. ئەمما، جەسەتنى تاپالماپتۇ. لەشكەرلەر تەرەپ - تەرەپنى ئاختۇرۇپتۇ. ئىز - دېرىكى بولماپتۇ. جۈمە چىقار، شەنبە كىرەر كېچىسى سۇلتان ئابدۇكېرىمخاننىڭ جەسىتىنىڭ ھاڭغا تاشلىۋېتىلگەنلىكى ئالىملاردىن مەۋلانە مۇراد ئەئلەمنىڭ چۈشىگە ئايان بوپتۇ. ئەتىسى ئەسكەرلەر سۇلتان ئابدۇكېرىمخاننىڭ جەسىتىنى راست دېگەندەك بىر ھاڭدىن تېپىپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن لەشكەرلەر غەيرەتكە كېلىپ جەڭ قىلىپ ئابدۇللىتىپخان ئوغۇللىرىنى ئارقىسىغا قايتۇرۇپتۇ، سۇلتان ئابدۇكېرىمخاننىڭ جەسىتىنى بولسا يەكەنگە قايتۇرۇپ ئەكىلىپ، «ئالتۇنلۇق» قا دەپنە قىپتۇ.

(XVIII ئەسىردە يېزىلغان «تارىخى ئىسھاقىيە» ناملىق قولىيازمىدىن ئېلىندى.)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرەھىم سابىت

# ياقۇپبەگ

## 1

ياقۇپبەگ قوشۇن تارتىپ خوتەنگە قاراپ يولغا چىققاندىن كېيىن گۇمىدا ھەبىبۇللا ھاجىغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ: «مېنىڭ خوتەننى بېسىۋېلىش نىيىتىم يوق. مەن ھاجى ئاتامنىڭ شاراپىتى بىلەن ئىمامى جەئپىرى سادىق پادىشاھىمغا تاۋاپ قىلغىلى كەل-دىم» دەپتۇ. ھەبىبۇللا ھاجى خوتەن چېگرىسىغا ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا بارغاندا، ھەبىبۇللا ھاجىنى ئۆلتۈرۈپ خوتەننى بېسىۋاپ-تۇ. ئاندىن ئىمامى جەئپىرى سادىق مازىرىغا بىرنەچچە قېتىم بېرىپ تاۋاپ قىپتۇ. ئۇمۇ يوللارنى بەلگىلەپ، مازارغا چىقىدىغان يەرگە بىر دەرۋازا جازىسى ئورناتقۇزغانىكەن. مەسچىتنى رەسمىي خانىقا ۋە مەدرىسە قىلىپ، پىششىق كېسەك بىلەن ھەيۋەتلىك قىلىپ سالدۇرۇپ، تاملىرىغا ئايەت ۋە نەقىشلەرنى ئىشلەتكۈزگە-نىكەن. ئەپسۇسكى، بۇ ئاسار ئەتىقە تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئوتتۇ-رىسىدا بولۇشىغا قارىماي «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا تەلتۆ-كۈس ۋەيران قىلىۋېتىلدى.

ياقۇپبەگ ئۆز ۋاقتىدا يەنە دۇئا - تىلاۋەت ئۆيلىرى يېنىدا نەزىر - چىراغ ئۆيى بىنا قىلدۇرۇپ، بۇ يەرگە بىر چوڭ داشقا-زان تەقدىم قىلغان. بۇ قازان ئىچى گىرۋىكىگە مۇنداق بىر كۇپلېت غەزەل نەقىشلەنگەن:

«تەقدىم قىلدى بۇ قازاننى مۇھەممەت ياقۇپ،

نە ئەيلەيىن دۇنيا ئېلى خاكى مەرغۇب.①»

بۇ قازان ئالتۇندىن ياسالغان بولۇپ، ئوتتۇز - قىرىق چارەك گۈرۈچتە پولۇ قىلغىلى بولاتتى.

## 2

ياقۇپبەگ قوقەندىكى ئارامگاھىدا شۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتۇ: ئۆيىنىڭ تەرەپ - تەرىپىدىن يوغان قۇرتلار لۆمشۈپ كېلىپ ياقۇپبەگنىڭ بەدىنىگە يامىشىپتۇ. بەدۆلەت قۇرتلارنى بىر تالدىن تېرىپ تاشلىغان بولسىمۇ، ئەكسىچە قۇرتلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى چىرماپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ياقۇپبەگ ئامالسىزلىقتىن دېمى سىقىلىپ قاتتىق ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. بالا - چاقىلىرى ئەنسىرەپ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ. بۇ قاباھەتلىك چۈشتىن قورقۇپ ئويغىنىپ كەتكەن ياقۇپبەگ ئاران دېگەندە ھوشىغا كېلىپ، بالا - چاقىلىرىدىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سوراشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ.

ئەتىسى ياقۇپبەگ ئوردىدىكى چۈشكە تەبىر بەرگۈچى ھۆكۈمالاردىن ئىككىنى چاقىرتىپ ئوردا ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا چۈشىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. لېكىن، تەبىرچىلەر دەرھال جاۋاب بەرمەپتۇ ھەم چۈشىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئېيتىشقا پېتىنالماپتۇ.

بەدۆلەت غەزەپلىنىپ:

— ئىككى كۈنلۈك مۆھلەت بېرىمەن. چۈشۈمگە تەبىر بېرەلمىسەڭ كاللاڭلارنى ئالىمەن، — دەپتۇ.

ئىككى كۈنلۈك مۆھلەت توشۇپتۇ. تەبىرچىلەر ياقۇپبەگنىڭ

---

① مەرغۇب - خۇش كۆرۈلگەن، ئارزۇ قىلىنغان؛ سۆيەتلىك، ئەلا؛ راۋان، قىزىق؛ يېقىشلىق.

ئالدىغا كەپتۇ. ئوردا ئەمەلدارلىرى، ياساۋۇل، نۆكەرلەرمۇ يە-
غىلىپتۇ.

تەبىرچىلەر ئارىسىدا دانا، ھەقىقەتنى سۆزلەيدىغان، ئىلىمدە
كامالەتكە يەتكەن بىر تەبىرچى بار ئىكەن. ياقۇپبەگ ئالدى بىلەن
شۇ كىشىگە چۈشكە تەبىر بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

بىرىنچى تەبىرچى: «غوجام، سىلىنىڭ چۈشلىرى پېشكەل-
لىكتىن دېرەك بېرىدۇ. كۆپ ئىشتا ئېھتىيات قىلغانلىرى تۇ-
زۇك» دەپ جىم تۇرۇپتۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىل، — دەپتۇ
ياقۇپبەگ.

— ئۆزلىرىنى چۆل - باياۋاندا قۇرت يەپ كېتىدىكەن، —
دەپتۇ تەبىرچى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ياقۇپبەگ دەرغەزەپ بولۇپ
تەبىرچىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇپتۇ. بىر جاللات دەرھاللا
بىرىنچى تەبىرچىنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ.

ئىككىنچى تەبىرچى كۆز ئالدىدىكى ۋەقەدىن ساۋاق ئاپتۇ- دە:

— غوجام ئالىيلىرى، سىلىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى،
مال- ۋارانلىرى، بايلىقلىرى كۆپ بولىدىغان ئوخشايدۇ، —
دەپتۇ. بەدۆلەت بۇنىڭدىن خېلى تەسەللى تېپىپ ئۇنىڭغا كۆپ
ئىنئام بېرىپتۇ.

كېيىن ياقۇپبەگ ئالتە شەھەرگە بەگ بوپتۇ. ياقۇپبەگ تازا
سەلتەنەت بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىللەردە، ئالتە
شەھەرنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ۋە ئوردىدىكى ئەمەلدارلارنى يىغىپتۇ
— دە، شۇ سورۇندا ھېلىقى چۈشىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ
ۋە بىر قۇرئاندازنىڭ كاللىسى ئېلىنىغانلىقىنىمۇ سۆزلەپتۇ. ئۇ-
نىڭدىن كېيىن: «پۈتۈن ئالتە شەھەر خەلقى مېنىڭ بەدىنىمگە
ئۇلاشقان قۇرتقا ئوخشايدۇ. قۇرت بەدىنىمنى يەپ ئۇزۇق ئالغاد-
دەك ئالتە شەھەر خەلقىمۇ مېنىڭ دۆلىتىمدە، شاپائىتىمدە جان

بېقىۋاتىدۇ» دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەمەلدارلار: «بەرھەق، ئالتە شەھەر خەلقىنى سىلى بېقىۋاتىلا. سىلى كارامەت چۈش كۆرۈپلا» دەپ تەبرىكلەپتۇ. لېكىن، بەدۆلەت ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا مالىمانچىلىقتا قەستكە ئۇچراپ چۆلدە ۋاپات بولغانىكەن، ئۇنىڭ بەدىنىنى قۇرت - قوڭغۇزلار يەپ كېتىپتۇ.

(«قەشقەر كونىشەھەر خەلق چۆچەكلىرى» ناملىق توپلامدىن ئېلىندى.)



# چالا تۇڭچى

بەدۆلەت (ياقۇپبەگ) 1878 ـ يىلى مەنچىڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ قاچقان ئەسكەرلىرى ئوپالغا بېرىپ «ئىماملىرىم» دېگەن مازارغا چۇشۇپتۇ. ئارقىسىدىن قوغلاپ چىققان ياڭ تۇڭ باشچىلىقىدىكى مەنچىڭ ئەسكەرلىرى ئوپالغا بېرىپ بىر دېھقاننى ئۇچرىتىپ «ئوغرىلار نەگە چۇشتى؟» دەپتىكەن، ئۇ دېھقان «ئىماملىرىمغا چۇشتى» دەپتۇ. تۇڭچىسى «ئىماملارنىڭ ئۆيىگە چۇشۇپتۇ» دەپ تەرجىمە قىپتۇ. يۇرت ئاقساقاللىرى بەگ، يۈزبېشىلارنى يىغىپ «ئوپالدىكى داڭلىق ئىماملارنى يىغ» دەپ بۇيرۇق قىلىپ ئۆز ئەسكەرلىرىنى بىللە قوشۇپتۇ. ئىماملىرىمغا چۇشكەن بەدۆلەت ئەسكەرلىرى خەۋەر تېپىپ تاغقا قېچىپ كېتىپتۇ. لېكىن، ئوپالدىكى قىرىق بىر ئىمامنى يىغىپ كەپتۇ. ئوپالنىڭ قۇمباغ كەنتىگە چىققان چېرىك بىلەن بىللە ماڭغان دوغا توختى موللام بوتۇلاق دېگەن كىشىنى كۆرسىتىپ: «مۇشۇمۇ ئىمام» دەپتۇ. ئۇ چېرىك موللا توختى بوتۇلاق موللامنى باغلاي دېگەندە كېلىشتۇرۇپ بىر ئۇرۇپتىكەن، تىك چۇشۇپتۇ. ئۇ چېرىك ئورنىدىن تۇرۇپ موللامنىڭ قارنىنى قىلىچ بىلەن يېرىۋېتىپتۇ. شۇ كۈنى قىرىق ئىمامنى كۆكچى ئارالدىكى ئوبۇلكا چوڭنىڭ قورۇقىدىكى بېدىلىككە يىغىپ قاتار ئولتۇرغۇزۇپ: «ئوغرى سېنىڭ ئۆيۈڭدىمۇ؟» دەپتىكەن. باشتا ئولتۇرغاندىن بىرى: «ياق، بۇ نېمە دېگەن؟» دەپتۇ. بۇنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇتتۇز سەككىز ئىمامنىڭ كالللىسىنى ئاپتۇ. ئىمامدىن ئىككىسى قالغاندا، ئۆمەر داموللامنىڭ چوڭ دادىسى ئابدۇتاھىر ئاخۇنۇم ئەينى ۋاقىتتا ئوپالدا بار بولغان گۆرۈكەش، ئۇيغۇرچە بىلىدىغان خەنزۇ ئادەمنى باشلاپ كېلىپ: «توختا، سەن دېگەن ئوغرى ئىماملىرىم دېگەن مازارغا چۈشۈپتىكەن. سېنىڭ تۇڭچاڭ ئىماملارنىڭكىگە چۈشۈپتۇ دەپ ئۇقتۇرۇپتۇ. بىگۇناھ ئىماملارنى چېپىپ تاشلىساڭ قانداق بولىدۇ؟ ساڭا پۇقرا لازىممۇ، يوق؟» دەپتۇ.

ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇققان ياڭ تۇڭ نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرغاندا، خەلق توپى غەزەپلىنىپ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىشكە باشلاپتۇ. قورققان ياڭ تۇڭ تىلماچىنىڭ تىلىنى كېسىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

ئابدۇتاھىر ئاخۇنۇمنى يول باشلاپ بەرگىن دەپ مۇشتقا ئۆتۈپ مۇشتا ئېتىۋېتىپتۇ. بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر دەپ يۇرۇپ بۇ رىۋايەت ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە.

(«قەشقەر كونىشەھەر خەلق چۆچەكلىرى» ناملىق توپلامدىن ئېلىندى.)



# سادىر پالۋان

## ئىبراھىم بىلەن قاسىمنى قۇتقۇزۇش

ئۈچتۇرپاندا ئىبراھىم، قاسىم ئىسىملىك ئىككى ياش بار ئىكەن. ئۇلار پەم ـ پاراسەتلىك، قاۋۇل، قورقۇمسىز ئىكەن. ئۇلار تەڭلا ياش قۇرامىغا يېتىپتۇ. ئىبراھىم توپاقنى كۆتۈرۈپ «ئىبراھىم توپاق»، قاسىم تۆت ياشلىق قوتازنى كۆتۈرۈپ «قاسىم قوتاز» دەپ ئاتىلىپ، ئەل ئىچىدە داڭقى چىقىپتۇ.

كېيىن ئىبراھىم بىلەن قاسىم ئۈچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، دۈشمەنگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، كۆپىنىڭ ئېغىزىدا «باتۇر» ئاتىلىپتۇ. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىبراھىم بىلەن قاسىم تۇتۇپ كېلىنىپ، ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىپتۇ.

ئىبراھىم بىلەن قاسىم ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن ئىلى جاڭجۈنى تەرىپىدىن قارىلىنىپ ئۆلۈمگە بۇيرۇلۇپتۇ.

چېرىكلەر جاللاتلارنى باشلاپ ئىبراھىم بىلەن قاسىمنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا يولدا سادىر كۆرۈپ قاپتۇ. سادىر شۇنداق بىر قاراپلا گۇناھسىزلارنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ «بۇلار ئالتە شەھەردىن چىققانلار ئىكەن، ئۇلار ياخشى ئادەملەر، ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزايلى» دەپ ۋارقىراپتۇ. ھەمدە ئېرىق بويىغا بېرىپ، تىكىلگىنىگە ئىككى يىل بولغان

كۆچەتنى بىر تارتىپ يۇلۇۋېلىپ، كۆچەت بىلەن چېرىكلەرنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋېتىپتۇ، ئىبراھىم بىلەن قاسىمنىڭ بويىندىكى تاقاقنى ئۇرۇپ چېقىپ، ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قاپتۇ.
سادىرنىڭ پەيداكارلىقىدىن خۇش بولغان ئىبراھىم بىلەن قاسىم:
— قېرىنداشىم، ئاتاڭغا رەھمەت، بىز سېنىڭدىن ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا رازى. ناۋادا بېشىڭغا كۈن چۈشسە، بىزنى ئىزدەپ ئاشۇ كۆرۈنگەن تاغقا بارغىن، — دەپ تاغقا چىقىپ كېتىپتۇ.

## «ئىتمۇ ئۇخلاپ قالىدىكەن»

سادىرنىڭ يۇرتلۇقلىرىدىن بىرىنىڭ بەك يامان بىر ئىتى بار ئىكەن. ئۇ دائىم «مېنىڭ ئىتىم قىل قىمىرلىسا سېزىدىغان سەزگۈر، مەيلى كۈندۈزى، مەيلى كېچىسى بولسۇن يات كىشىنى پەقەت ھويلىغا كىرگۈزمەيدۇ، بۇنىڭ خاسىيىتىدىن قورۇقدىن يېپ - يېگىنىمىزمۇ يىتۇپ باقمىدى» دەپ كۆرۈنگەنلا كىشىگە داڭلايدىكەن.
بىر كۈنى سادىرغىمۇ ئىتىنى ئېغىزى تالغۇچە ماختاپ بېرىپتۇ. سادىر ئۇنىڭ ئەخمەقلىقىدىن كۈلۈپ:
— مەن سىلەرنىڭ قورۇغا تۈيدۇرماي كىرسەم قانداق قىلىسەن؟ — دەپتىكەن، ماختانغۇچى:
— قورۇدا نېمە بولسا شۇنى ئېلىپ چىقىپ كەت، — دەپتۇ.
سادىر بىر كۈنى كېچىدە راسا يوغان بىر سېۋەت توقۇپ ئىچىگە گۆش تاشلاپتۇ. ئەلىياتقۇ مەزگىلى بولغاندا، سېۋەتنى ئېلىپ، ھېلىقى ماختانچاقنىڭ تېمىنىڭ تۈۋىگە بېرىپتۇ. سېۋەتنى دەرەخنىڭ شېخىغا ئىلىنغان ئارغامچىغا باغلاپ تامدىن ئارتىلدۇرۇپ قورۇنىڭ ئىچىگە چۈشۈرۈپتۇ. گۆشنىڭ پۇرىقىنى سەزگەن ھېلىقى «يامان» ئىت كېلىپ، سېۋەتنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ،

ھەدەپ گۆشنى يېگىلى باشلاپتۇ. بۇنى بايقىغان سادىر شاپپىدە ئارغامچىنى تارتقانىكەن، ئىت سېۋەت بىلەن بىللە كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئاندىن ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى دەرەخنىڭ تۈۋىگە باغلاپ قويۇپتۇ، ئىت سېۋەت بىلەن بىللە ئېسىلىپ قاپتۇ.

سادىر خاتىرجەم ھالدا قورۇنىڭ ئىچىگە كىرسە، تازا سېمىز بىر توپاق كۆشەپ ياتقانىكەن. سادىر باشقا نەرسىلەرگە تەگمەي، يالغۇز توپاقنى يېتىلەپ چىقىپ ئۆيگە ئاپىرىپ باغلاپ قويۇپتۇ. ئەتىسى كوچىغا چىقىپ بايقىغۇدەك بولسا، ھېلىقى ماختانچاق ھەر كىمگە «بۈگۈن كېچە مېنىڭ بىر توپىقىمنى ئوغرى ئېلىپ كېتىپتۇ» دەپ يۈرگۈدەك. سادىر بۇنى ئاڭلاپ ئاتايىن ئۇنى ئىزدەپ بارغانىكەن، سادىرغىمۇ توپاقنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىپتۇ. سادىر چاندۇرماستىن:

- سېنىڭ يېنىپ - يېڭىنىمۇ ئالدۇرمايدىغان خاسىيەتلىك ئىتىڭ بار ئىدىغۇ، يەنە قانداق قىلىپ توپىقىڭنى ئوغرى ئېلىپ كېتىدۇ؟ — دەپتۇ. ئۇ يەرگە قاراپ تۇرۇپ:

— ئىتمۇ ئۇخلاپ قالىدىكەن، — دەپتۇ.

(«غۇلجا ناھىيە خەلق چۆچەكلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.)



# سائادەت بەگ

بۇرۇنقى زاماندا دولانلىقلارنىڭ سائادەت بەگ① دەپ بىر ھاكىمى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ تۇرىدىغان جايى «سائادەت بەگنىڭ لەمپىسى»② دەپ ئاتىلىدىكەن. دولانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىكەن.

سائادەت بەگ بولسا، خەلق بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتىدىكەن. دۈشمەنلىرىگە بولسا، ئىنتايىن رەھىمسىز ئىكەن. رەقىبلەرنى جازالىماقچى بولسا ئىشتانىنىڭ ئىچىگە قوم تولدۇرۇپ پۇشقىقىنى بوغۇپ، ئۇنى جازالىغۇچىنىڭ بويىنىغا ئارتىپ تىكىپ، يەكەن دەرياسىغا تاشلىۋېتىدىكەن. شۇڭا سائادەت بەگنىڭ نامى يۇرت - يۇرتلارغا تارقاپ، باشقا يۇرت بەگلىرى ئۇنىڭ

---

① سائادەت بەگ — دولانلىقلارنىڭ 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا دەۋرلىرىدە ئۆتكەن ھاكىمى. ئۇ 1755 - يىلى بۇرھانىدىن خوجىغا قوشۇلۇپ يەكەنگە قوشۇن تارتىپ، ئابدۇللا خوجا بىلەن قانلىق جەڭ قىلغان. ئۇنىڭ قەبرىسى يەكەن دەرياسى بويىدىكى «ئوتتۇز كېمە» خارابىسىنىڭ جەنۇبىدىكى «ئاچپوللى كۆل» دېگەن چۆللۈكتىكى زاراتگاھلىقتا (ھازىرمۇ بار). مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان» نىڭ موللا ئىبراھىم ئىبن نورۇز تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قوليازما (57 - بەتلەرگە قاراڭ).

② سائادەت بەگنىڭ لەمپىسى — ئاۋات ناھىيىسىنىڭ «ياسۇق» ئورمان مەيدانىغا قاراشلىق بىر جاينىڭ نامى. سائادەت بەگ ئەينى ۋاقىتتا ئاشۇ ئەتراپتىكى «تاپسا» «يىرىندا تام»، «ئوتتۇز كېمە» دېگەن جايلارنى ئوردا قىلغانىكەن. بۇ جايلار ئاۋات ناھىيىسى بىلەن مارالبېشى ناھىيىسى ئارىلىقىدىكى دەريا ۋادىلىرىدا. خارابىلىرى ھازىرغىچە ساقلانغان.

غەزىپىدىن قورقۇپ دولانلىقلارغا چېقىلالمايدىكەن.

سائادەت بەگ مۇشۇنداق يۇرت سوراپ يۈرگەن زامانلاردا ئۇ يەر - بۇ يەردىن غوجا، ئىشانلار دولان دىيارىغا كېلىپ مۇرىت توپلاپ، بەگلىك ئىشىغا ئارىلىشىۋېلىپ سائادەت بەگنىڭ چىشىغا تېگىپتۇ. بۇ ئىشتىن سائادەت بەگ بەكمۇ خاپا بولۇپ «خەپ» دەپ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى سائادەت بەگ ئادەملىرىنى باشلاپ يۇرت ئارىلاپ دېھقانلارنىڭ هال - كۈنىنى ئۇقۇشماقچى بولۇپ بىر مەھەللىگە كەلسە، ئېتىز - ئېرىقتا بىرمۇ ئادەم يوقمىش. بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلسە بىر قېرى كىشى ئولتۇرۇپتۇ. سائادەت بەگ ئۇنىڭدىن:

— بۇ مەھەللىدە ئادەم كۆرۈنمەيدۇ، ئۇلار نەگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم جاۋاب بېرىپ:

— بۈگۈن قىرىق كۈن بولدى، غوجام كەلگەنىدى. ئۇ يالغۇز بىر گەمىگە كىرىۋېلىپ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. بۈگۈن ئۇنىڭ ئېتىكاپتىن چىقىدىغان كۈنى ئىكەن. كۆپچىلىك شۇ زاتنى زىيارەت قىلىپ، «دۇئا» ئالغىلى كەتتى، — دەپتۇ.

سائادەت بەگ بۇنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ، ئادەملىرىنى باشلاپ غوجام چۈشكەن جايغا بارسا بىر گەمە تۇرۇپتۇ. سائادەت بەگنىڭ گەمىگە يېتىپ بېرىشى بىلەن غوجامنىڭ گەمىدىن چىقىشى تەڭ كېلىپ قاپتۇ. سائادەت بەگ قارىسا، كاللىسىغا قازاندەك سەللە-نى ئوراپ، قولىدا تەسۋى تۇتقان بىر ئادەم گەمىدىن چىقىۋاتقۇ-دەك. سائادەت بەگ ئۇنى كۆرۈپلا دەرھال ئۆلتۈرۈشكە پەرمان قىپتۇ ۋە شۇ زامان غوجىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇ جايغا جامائەت توپلاشقانىكەن، ئۇلار، سائادەت بەگنىڭ بۇ ئىشىدىن نارازى بو-لۇپ غۇلغۇلا قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇنى سەزگەن سائادەت بەگ دەر-ھال بىر تەدبىر ئويلاپ تېپىپتۇ - دە، جەسەتنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئەستەغپۇرۇللا! بۇ نېمە كارامەت، ھېلىلا بۇ كىشى مې-

نىڭ كۆزۈمگە تۆت كۆزلۈك ئىت كۆرۈنگەنىدى. مەن شۇ ئىتنى ئۆلتۈرۈڭلار دېگەنىدىم. بۇ بىر ئۇلۇغ زات ئىكەن ئەمەسمۇ، خەير، خۇدانىڭ تەقدىرى شۇنداق ئىكەن، مېنىڭ نېمە ئىلاجىم. بۇ ئىش تەقدىردىن بولمىغان بولسا، ئۇ ماڭا ئىت سۈرىتىدە كۆرۈنمەيتتى. ئاللانىڭ رۇخسىتىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، ئۇنىڭ ئەجىلى مېنىڭ قولۇمدا ئىكەن، ماڭا دۇچار بوپتۇ، ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن، كېلىڭلار، نامىزىنى چۈشۈرۈپ دەپنە قىلايلى، — دەپ جامائەتنى تەكلىپ قىپتۇ. سائادەت بەگنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كىشىلەر ئىشىنىپ، غەزىپى يېنىپ پەسكويىغا چۈشۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ خوجىنىڭ ئۆلۈكىنى شۇ يەرگە كۆمۈپتۇ.①

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ خەۋەر يۇرت - يۇرتقا ئاڭلىنىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ خوجا مەقسەتلىك كەلگەنىكەن. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەممە سوپى - ئىشانلارنى لەرزىگە سېلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن خوجا ئىشانلار دولان يۇرتىغا خالىغانچە كېلەلمەيدىغان بوپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇراخمان موللا، ئاۋات ناھىيىسىدىن.

خاتىرىلىگۈچى: مۇھەممەت ئوسمان.



① خوجا كالان ئىبادەت قىلغان جاي ئاۋات بىلەن مارالۋېشى ناھىيە ئارىلىقىدىكى جاڭگالدا بولۇپ، بۇ جاي ھازىرمۇ «خوجام چۈشتى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

# شاھ مەشرەپ

## 1

رىۋايەت قىلىنىشىچە، شاھ مەشرەپ ئۆزبېكىستاننىڭ نەمەنگان شەھىرىدە تۇغۇلغانىكەن. ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ئالتە ئايلىق بولغان چاغدا بىر كۈنى ئانىسى بازارغا بېرىپ بازارگان (سودىگەر) دىن بىر قانچە جىڭ ئۈزۈم سېتىۋاپتۇ. بازارگان ئۈزۈمنى جىڭلاپ خالتىغا سالغاندا ئۈزۈم خالتىغا پاتماي يەرگە تۆكۈلۈپتۇ. ئانىسى تۆكۈلگەن ئۈزۈم بىلەن يەنە جىڭلانمىغان ئازراق ئۈزۈمنى قوشۇپ، خالتىغا سېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئاندىسى يېرىم يولغا بارغاندا ئۇنىڭ قورسىقىدىن: «ئانا، سىز جىڭلانمىغان ئۈزۈمنىڭ پۇلىنى تۆلىمىسىڭىز مەن قورسىقىڭىزدىن غايىب بولىمەن» دېگەن سادا ئاڭلىنىپتۇ. بۇ سادا ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىپتۇ، ئانىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئارقىسىغا يېنىپ ئۈزۈمنى قايتا جىڭلىتىپتۇ، ئۈزۈم ئەسلىدىكىدىن كۆپ چىقىپتۇ، ئانىسى ئارتۇق ئالغان ئۈزۈمنىڭمۇ پۇلىنى تۆلەپ ئۆيگە قايتىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئانىسىنىڭ ئاي كۈنى توشۇپ ئوغۇل پەرزەنت تۇغۇپتۇ، ئاتا - ئانىسى ئىسمىنى شاھ مەشرەپ قويۇپتۇ، بالا سەككىز ياشقا كىرگەندە ئۇنى مەدرىسكە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. بالا ناھايىتى زېرەك ئىكەن. بىر قانچە كۈن «ا» (ئەلىپ)،

«ل» (لام) دىن ساۋاق ئالغاندىن كېيىن، بىر كۈنى شاھ مەش-
رەپ داموللىغا: «ا» بىلەن «ل» نىڭ مەنىسى نېمە دەپ سوئال
قويۇپتۇ. داموللا دۇدۇقلاپ جاۋاب بېرەلمەپتۇ. شاھ مەشرەپ
ئورنىدىن تۇرۇپ:

يەك ئېلىپتەك تۈز بولساڭ،
ھېچ بالا يوقتۇر ساڭا.
لام ئېلىپتەك ئەگرى بولساڭ،
بار بالا باردۇر ساڭا.

دەپ ئىككى مىسرا شېئىر ئارقىلىق «ب» ۋە «ل» نىڭ مەنىلىرىنى
يېشىپ بېرىپتۇ. داموللا بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ بالىنى
مەدرىستىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شاھ مەش-
رەپ تا قۇرامىغا يەتكۈچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق بىلى-
مىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپتۇ. كېيىنچە ئۇ ئۆز بىلىمى ئارقىلىق
جاھانغا مەشھۇر كىشى بولۇپ تونۇلۇپتۇ ۋە كىشىلەر ئۇنى ئەۋلىيا
دەپ چوقۇنۇپتۇ.

* * *

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ شاھ مەشرەپ زەرەپشان دەرياسى بويى-
دىكى بىر كەنتكە كېلىپ قاپتۇ، قارىغۇدەك بولسا بۇ يەردىكى
كىشىلەر ئېرىق چېپىۋاتقانىكەن. ئۇ دېھقانلاردىن ئۆزىنى زەرەپ-
شان دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. دېھقانلار:

— سەندەك بەتبەڭگىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈشكە كىمنىڭ چو-
لىسى، يولۇڭغا ماڭ، — دەپتۇ. شاھ مەشرەپ:

— ئەرلىرىڭلار ئاش، ئاياللىرىڭلار تاش توشۇش بىلەن
ئۆمرۈڭلارنى ئۆتكۈزگەيسىلەر، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر، — دەپ

ئۇلارنى قارغاپ يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۇ بېشىغا كولا، ئۇچىسىغا جەندە كىيىپ، ئۇشتىنىسگە تالقان ئارتىپ، قولىغا ھاسا تۇتۇپ، بىر كەنتكە كەپتۇ. بۇ يەردىكىلەر شاھ مەشرەپنى «بەڭگە قەلەندەر» دەپ مازاق قىپتۇ.

شاھ مەشرەپ بۇ يەردىن كېتىپ يەنە بىر يەرگە كەلسە، بىر ئايال ئوسما قويۇپ ئولتۇرغۇدەك، بۇ ئايالمۇ ئۇنى مازاق قىپتۇ. شاھ مەشرەپ ئۇنى كۆرۈپ: «كۆزۈڭلار جىرتاق بولۇپ قالسۇن» دەپ يولىغا راۋان بوپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ كەنتكە ياز كۈنلىرى قىيان كېلىپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى تىندۇرۇپ بۇزۇپ تۇرارئىمىش، ئۇ يەردىكىلەر ھوسۇل ئالالماي ئەرلىرى باشقا يەرلەردىن ئاشلىق توشۇسا، ئاياللىرى تاش توشۇپ توسما ياساپ، ئېرىق چاپارئىمىش، شۇنداقلا ئۇ يەردىكى كۆپىنچە ئاياللارنىڭ كۆزى جىرتاقمىش.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: بۇ كەنتتىكى كىشىلەر شاھ مەشرەپنى دەريادىن ئۆتكۈزۈشكە ئۇنىمىغاندىن كېيىن ئۇ دەريا بويلاپ مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ بىر قېرى ئادەم «بۇ بەڭگەقەلەندەر دەريادىن قانداق ئۆتەركىن» دەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ، قارىسا شاھ مەشرەپ دەريا بويىغا كەلگەندىن كېيىن قولىدىكى ھاسىسىنى بىر سىلكىپتىكەن، ئۇ بىر ئاق غازغا ئايلىنىپتۇ ـ دە، شاھ مەشرەپ ئۇنىڭغا مىنىپ دەريادىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ قېرى كىشى دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ شاھ مەشرەپنىڭ دەريادىن قانداق ئۆتكەنلىكىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. باشقىلار بۇنى ئاڭلاپ ئۇنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويمىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ.

شاھ مەشرەپ دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن تاشقورغاننىڭ زەرەپشان بويىدىكى تاغلىق يېزىغا كەپتۇ. شۇ يەردىكى خەلق ئېرىق ياساۋاتقانىكەن. شاھ مەشرەپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا

ئۆزىنى داۋاندىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ. دېھقانلار
ئۆزلىرى چېپىشۋاتقان ئېرىقنىڭ بىر تىك قىياغا ئۇدۇل كەلگەنلە-
كىنى، ئۇنىڭدىن سۇنى قانداق ئۆتكۈزۈشكە ئەقلى يەتمەيۋاتقانلى-
قىنى ھەمدە ئۇنى ئادەم قوشۇپ داۋاندىن ساق - سالامەت ئۆتكۈ-
زۈپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شاھ مەشرەپ ئۇلارنىڭ ياخشى
كۆڭلىدىن خۇرسەن بوپتۇ ھەم ئۇلارغا «سىلەر غەم قىلماڭلار،
سۇنى قىيادىن مەن ئۆتكۈزۈپ بېرەي» دەپتۇ - دە، ھاسىسى
بىلەن قىيانى بىر ئۇرغانىكەن، قىيا ئوتتۇرىسىدىن بۆلۈنۈپ سۇ
راۋان ئېقىشقا باشلاپتۇ. شاھ مەشرەپ ھاسىسىنى ئېرىق بويىغا
تىكلەپتىكەن، ئەتىسى ئۇ بىر تۈپ تېرەك بولۇپ كۆكلەپ چىقىپ-
تۇ. قىيانىڭ ئوتتۇرىدىن ئېلىنغان ئېرىق ۋە ھېلىقى تېرەك تا
ھازىرغىچە شۇ يەردە بار ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن دېھقانلار ئۇ-
نىڭغا ئادەم قوشۇپ داۋاندىن ساق سالامەت ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ.
ئەسلىدە بۇ كەنتتىن تاشقورغانغا بارىدىغان يول يوق ئىكەنمىش،
شاھ مەشرەپ تۇنجى سەپەر قىلغاندىن كېيىن يول ئېچىلىپتۇ.
مەشرەپ بىلەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ماڭغان دېھقان قارا بادرەك
دېگەن داۋانغا قاراپ ئۆرلەپ داۋان بېشىغا چىققاندىن كېيىن،
ئولتۇرۇپ داستىخان سېلىپ ئوزۇق - تۈلۈك چىقىرىپ غىزالى-
نىپ بولغاندىن كېيىن داستىخاننى قېقىپتىكەن، شامال نان
ئۇۋاقلىرىنىڭ كۆپرەكىنى ۋاچا تەرەپكە، ئازراقىنى بورۇمسال
تەرەپكە ئۇچۇرتۇپتۇ. شۇڭا قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ۋاچىدا
ئاشلىق كۆپ بولىدىكەن، بورۇمسالدىن ئاشلىق ئاز چىقىدىكەن.
مەشرەپ داستىخان يايغان ھېلىقى ئېگىزلىكتە ھەرقانچە كۆپ قار
ياغسىمۇ، قار بېسىۋالمايدىكەن ھەم شۇنىڭدىن باشلاپ ۋاچىغا
بارىدىغان يول ئېچىلىپتۇ. بۇ يول ئېگىز، مۇشكۇل ۋە تاشلارنىڭ
رەڭگى قارا بولغانلىقى ئۈچۈن شاھ مەشرەپ بۇ يەرگە «قارا
بەدرەك» دەپ نام قويۇپتۇ.

## 2

شاھ مەشرەپ ئاپاق خوجا ئوردىسىدىن قوغلىنىپ جاھان كېزىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان شەھەردىكى بىر كاتتا زەردار باينىڭ ئۆيىدە توي بوپتۇ.

شاھ مەشرەپ بامداتتىن يېنىپ جامائەتنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئۈچىسىدىكى ئادەتتىكى كىيىمى بىلەنلا ھېلىقى تويغا بېرىپتۇ. جامائەت بىلەن بىللە تويغا كېلىۋاتقان بىر قەلەندەرنى كۆرگەن مېھمان كۈتكۈچى دەرھال بايغا خەۋەر قىپتۇ. جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن ئۇزۇن مەللە ماتا چاپان، ئۈستى - ئۈستىگە ياماق چۈشكەن كەش كىيىپ، ماتا بەلباغ باغلىۋالغان قەلەندەرنى كۆرگەن باينىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپتۇ. مېھمان كۈتكۈچى باينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇنى ھويلىدا توختىتىپ، بىر ساپال تاۋاقتا پولۇنىڭ كۆيۈپ كەتكەن قىسمىقىدىن ئاچىقىپ «بۇنى يەپ دەرھال چىقىپ كەت» دەپتۇ.

شاھ مەشرەپ بۇ ئاھانەتتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ ۋە شۇ شەھەردىكى بىر قەلەمكەش ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئازادە كىيىملىرىنى ئارىيەت ئېلىپ ھېلىقى تويغا يەنە بېرىپتۇ.

يەنە شۇ مېھمان كۈتكۈچى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ مۇشۇ ئۆي تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان بىر سۆلەتلىك كىشىنى كۆرۈپ دەرھال بايغا خەۋەر قىپتۇ. قاپقارا مەخسۇمچە چاپان، پارقىراپ تۇرغان مەيسە - كالاچ، سەرپىش تۇماق كىيىپ بېلىگە چاسا باغلىغان مېھماننى كۆرگەن باي، بۇنداق مېھماننىڭ ئۆز ئۆيىگە كېلىشىنى ئالاھىدە ئىناۋەت ھېسابلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپتۇ ۋە ئەڭ ئازادە مېھمانخانىدىكى ئەتلەس كۆرپە ئۈستىگە

باشلاپ، دۇئادىن كېيىن تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ هامان يەنە هېلىقى كۈتكۈچى ئاپتۇۋا - چىلاپچا كۆتۈرۈپ كىرىپ، مېهماننى قول يۇيۇشقا تەكلىپ قىلىپ «تەق-سىر قول چاقىسىلا» دەپتۇ. مېهمان ئالدىرىماي بېلىدىكى چاسى-نى يېشىپ چىلاپچا ئۈستىگە قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن مېهمان كۈتكۈچى مەڭدەپ كېتىپ تىلى كالۋالاشقان هالدا «تەق... تەقسىر، قول چايقىسىلا» دەپتۇ. شاه مەشرەپ ئەمدى بېشىدىكى سەرپىش تۇمىقىنى ئېلىپ چىلاپچا ئۈستىگە قويۇپتۇ. كۈتكۈچى يەنە بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالماي چىقىپ كېتىپ بولغان ئەهۋالنى بايغا خەۋەر قىپتۇ. باي ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ: «بۇ مېهماندا بىر خىسلەت بولسا كېرەك، ئۇنى ئالاهىدە كۈتۈڭ-لار» دەپتۇ. كۈتكۈچى قايتىپ كىرىپ چىلاپچا ئۈستىدىكى چاسا بىلەن تۇماقنى ئاۋايلاپ ئېلىپ مېهماننىڭ ئالدىغا ئېلىپ قويۇپ داستىخان سېپتۇ. سىنچايدىن كېيىن گۆش بېسىلغان بىر لىگەن پولۇ كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئاڭغىچە بايمۇ داستىخان ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، پولۇ ئۈستىدىكى گۆشنى ئۇششاق توغراپ بولۇپ تەقسىر ئاشقا باقسىلا» دەپ ئالاهىدە ئىززەت - ئىكرام بىلەن مېهماننى ئاشقا تەكلىپ قىپتۇ.

مېهمان ئالدىدىكى ئاشقا بىر قاراپ، بايغا ۋە هېلىقى كۈتكۈ-چىگە بىر قارىۋېتىپ، ئالدىدىكى تۇماق بىلەن چاسا بەلبېغىنى لىگەندىكى پولۇ ئۈستىگە قويۇپ «يە تۇماق، يە بەلباغ» دەپتۇ ۋە چاپىنىنىڭ بىر پېشىنىمۇ پولۇغا تەگكۈزۈپ قويۇپتۇ. باي بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ «نېمە، ساراڭ بولسا كېرەك» دەپ ئويى-لاپ: «تەقسىر، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟» دەپ سوراپتۇ. شاه مەشرەپ ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ: «ئەتىگەن ئىشىك ئالدىدا توخ-تىتىلىپ ساپال تاۋاقتا قىسماق يېيىشكە مەجبۇر بولغان مېهمان مەن بولىمەن. ئالدىمدىكى بۇ زىيابەت ماڭا ئەمەس، تۇماق،

بەلباغ ھەم چاپاننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن كەلتۈرۈلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ زىياپەتنى چاپان، بەلباغ، تۇماق يېسۇن» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە بايغا، ھېلىقى كوتكوچىگە، داسخان ئۈستىدە بولۇۋاتقان بۇ غەيرىي قىلىقلارنى پەگادا تۇرۇپ كۆرۈۋاتقان باينىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا قاراپ:

ئادەمدە خىسلەت ئوندۇر،
توققۇزى توندۇر.
بىرى تەندۇر.

دەپ پولۇ ئۈستىدىكى تۇماق ۋە چاسىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

## 3

بابا رەھىم مەشرەپ ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى، سەئىد دەپ ئاتىغان ئاپاق خوجىغا مۇرىت بولغانىكەن. ئۇ خوجا ئالدىدىكى ساداقەتلىك بىلەن قىلغان خىزمىتىگە مۇناسىپ «شاھ» مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپتۇ. كېيىنچە ئۇ ئاپاق خوجىدىن ئازار يەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ قەلەندەرچە ياسىنىپ خوتەن سەپىرىنى باشلاپتۇ. ئۇ خوتەن يەرلىرىنى كېزىپ ماچىن دۆلىتىنىڭ پايتەختى «شەھىرى تىلسىمات» خارابىسىگە كەپتۇ. بۇ يەردە ئۇلۇغلىرىمىز توغرىسىدىكى جەڭنامە، رىۋايەتلەرنى، ئىمامى جەئپىرى سادىق مازىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئاڭلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئىمامى جەئپىرى سادىق يۈرگەن يول» دېيىلگەن دۆڭنى بويلاپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ بۇ دۆڭنىڭ بېشىغا ئاز قالغاندا يولدىن چەتلەپ كېتىپ قاپتۇ. ئورمانلىقتا يا بىرەر ئادەمنى ياكى يولنى تاپالماي، تېنەپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئاخىر دار راسلاپ ئېسىلىپ ئۆلۈشكە تەرەد-

دۆت قىلىپ، «ئەي خۇدا، يا جېنىمنى ئال، ئىمامى جەئپىرى
سادىقنىڭ نامۇ نىشانىنى ئاشكارا قىل!» دەپ خۇداغا مۇناجات
قىلىپ، توغراق ئۈستىگە چىقىپ، ئارغامچىنىڭ ھالقىسىنى بوي-
نىغا سېلىپ، يەرگە سەكرەپتۇ. ئەسلىدە مەشرەپ ئېسىلىپ
ئۆلۈشى كېرەك ئىكەن، لېكىن توغراقنىڭ شۇنچە توم پۇتىقى
ئاجايىپ سادا چىقىرىپ، يەرگە ئېگىلىپ، مەشرەپنىڭ پۇتى يەر-
گە تېگىپ قاپتۇ. مەشرەپ بۇنى خۇدادىن كەلگەن كارامەت دەپ
ئويلاپ، توغراق ئۈستىگە چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، يىراقتا چوق-
چىيىپ تۇرغان دۆڭنى، يەنە ئۆزى مېڭىپ كەلگەن دۆڭنىڭ
باشلىنىش نۇقتىسىنى كۆرۈپتۇ. «مانا ئىمامى جەئپىرى سادىق-
نىڭ نامۇ نىشانى ئايان بولدى» دەپ، شۇ يەردە «ئىمامى جەئپە-
رىم سادىق» دېگەن مۇخەممەسنى ئوقۇپ، سوپىلىرى بىلەن ھەلقە
تۈزگەن پېتى ئىمامى جەئپىرى سادىق مازىرىغا قاراپ سۈرۈلۈشكە
باشلاپتۇ. مازارغا يېتىپ بارغان چاغدا بىر تالدىن خادىنى تىكلەپ-
تۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تاۋاپ قىلغۇچىلار بۇ مازارغا بىر خادا،
ھېچبولمىسا بىر تال ياغاچ ياكى بىر تال قىرلىق تاشنى تىكلەش
ئادەتكە ئايلىنىپتۇ. مەشرەپ ئېسىلغان ھېلىقى توغراق تاۋاپچىلار
مازارغا كېلىشتىن ئىلگىرى تاۋاپ قىلىدىغان جايغا ئايلىنىپتۇ.
ناھەقچىلىككە ئۇچراپ، ئۆز رەقىبىدىن ئۆچ ئېلىشقا قۇربىتى
يەتمىگەن كىشى مۇشۇ توغراق تۈۋىگە كېلىپ، شېخىغا ئېسى-
لىپ، خۇداغا مۇناجات قىلسا، ھاجىتى راۋا بولارئىمىش. پۇتى-
قىنى يىرسا كۈشەندىسى ئۆلەرئىمىش.

مەشرەپ بۇ يەردىكى كۈنلىرىدە بىر گەمە قازدۇرغان ۋە بۇ
يەردە «چىن ـ ماچىن» دېگەن غەزەلنى يازغانىكەن، بىر گۈلخان
ئۆيى ياستىپ، ئۆزى ئوت يېقىپ چىن ـ ماچىن دېگەن غەزەلنى
ئاھاڭغا سالغانىكەن. ئۇنى تەمبۇر، داپ، ساپايى، يالغۇزەك
(نەي) لەرنىڭ كۈي ساداسىغا تەڭكەش قىلىپ «ھۆكمەت» قىل-

غان، مۇرىتلىرى ساما سالغان، بۇ گۇلخانىنىڭ ئوتى يېقىلغاندىن
مازىرغىچە يانغىنى ئۆچۈرۈپ قويۇلمىغان. «چىن ماچىن» «مەن
باراي»، «ئىمامى جەئپىرىم سادىق» قاتارلىق غەزەل - مۇخەم-
مەسلەر ھەر كۈنى گۇلخان ئەتراپىدا ئوقۇلۇپ، ساز ۋە «ئاللاھۇ»
تەڭكەش سادالىرى ئارقىسىدا زىكرى - سۆھبەت قىلىش، تا
مازىرغىچە ئادەت بولۇپ كەلگەن. سەيلە - ساياھەت توختاپ
قالغان كۈنلەردىمۇ ئۆزىنى مەشرەپكە مۇرىت ھېسابلايدىغانلار گە-
مىدە قونۇپ، گۇلخان ئۆيىدە نەغمە - ناۋا قىلىپ، «ھۆكمەت»
ئوقۇپ، گۇلخاننى ئۆچۈرمەي كەلگەن. بۇ گۇلخان مەشرەپ زاما-
نىدىن تا بۇ دەۋرگىچە يېنىپ تۇرغانمىش.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قادىر ئەمەت
خاتىرىلىگۈچى: رازىيە قادىر
خاتىرىلىگۈچى: ھېسامىدىن ئەزىز.



# مۇسابايوف

## 1

باھاۋۇدۇن باي بىلەن ھۇسەن باينىڭ ئاتىسى مۇسابايوف ئەسلىدە نامرات بىر يىگىت ئىكەن. بىراق ئۇنىڭ قولى كەڭ، چېھرى ئوچۇق، لىللا گەپ قىلىدىغان ئادىل يىگىت ئىكەن. مۇسا بىر كۈنىسى ھويلىدىكى ئاق ئۈجمىنىڭ تۈۋىدە يېتىپ سەھەردە بىر چۈش كۆرۈپتۇ:

ئاپئاق ساقاللىق ئۈچ كىشى ئۇنى ئىشىك ئالدىغا كېلىپ تۈۋلاپتىمىش، ئۇ چىققاندىن كېيىن ئىگەر ـ جابدۇقلۇق بىر ئاتقا مىندۈرۈپ قەشقەر شەھىرى تەرەپكە ئېلىپ مېڭىپتۇدەك. يولدا بارغۇچە ئاقساقاللاردىن بىرى سوئال قويۇپ:

— ئوغلۇم، ئانىڭىزنى قانداق نېمەتلەر بىلەن بېقىۋاتىسىز؟ ـ دەپتۇ. مۇسا مېھرىبان ئانىسىنى پاقلان گۆشى، كالا سۈتى، توخۇ، ئۆردەك تۇخۇمىدا بېقىۋاتقانلىقىنى، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ راۋاج تېپىپ، ھوسۇلنىڭ ياخشى بولۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— مۇندىن كېيىن، — دەپتۇ ئاقساقاللارنىڭ بىرى، — دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى مەھەللىدىكى بۇرادەرلىرىڭىزگە ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئۆزىڭىز سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىڭ، چۈنكى سودا ـ سېتىق ئىشلىرى ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرى،

ئاندىن قالسا ئورمانچىلىق ئىشلىرى بىلەن كىشىنىڭ قەدىمى ئىلگىرى باسىدۇ. پەقەت دېھقانچىلىق ئىشلىرىغىلا قارىۋالسا ئاشلىق دېگەن ئاز بولسا يېتىدىغان، كۆپ بولسا كېتىدىغان نېمە، — دەپتۇ.

— سودىگەرلىكنىڭ سەرمايىسىنى نەدىن تاپىمەن؟ — دەپتۇ مۇسا ئېھتىرام بىلەن.

— ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، — دەپتۇ ئۇچىنچى كىشى، — مەن سىزنى ئۇچمىراۋاندىكى بىر تاشنىڭ تۆۋگە باشلاپ بارىمەن. تاشنىڭ ئاستىدا بىر كوزا ئالتۇن بار، ئۇنى ئىشلەتسىڭىز ھەرقانداق سەرمايىگە يېتىپ ئاشىدۇ، — دەپتۇ. مۇسا ئۇلار بىلەن «ئۇچمىراۋان» غىچە بىرلىكتە بېرىپتۇ. ئاقساقاللار ئاتتىن چۈشۈپتۇ. ئۇچىنچى كىشى قامچىنىڭ دەستىسى بىلەن يوغان بىر تاشنى ئىرغىتىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تاشنىڭ ئاستىدا تۇرغان ساپسېرىق ئالتۇنلار كۈن نۇرىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ كېتىپتۇ. مۇسانىڭ كۆزلىرى چاقناپتۇ. «پاھ!» دەپ ۋارقىراپتۇ ھاياجىنىنى باسالماي، شۇنىڭ بىلەن ئويغىنىپ كېتىپتۇ.

— نېمە بولدى بالام؟ — دەپتۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئويغاق ياتقان ئانىسى مۇسانىڭ ۋارقىرىشىدىن ئەنسىرەپ.

— ئانا! — دەپتۇ مۇسا ھاياجىنىنى باسالماي، — خاسىيەتلىك چۈش كۆرۈۋېتىپ ئويغىنىپ كەتتىم.

— ياخشى چۈش كۆرگەنمىدىڭىز؟ — دەپتۇ ئانا.

— شۇنداق، — دەپتۇ مۇسا ۋە چۈشىنى ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ھەقىقەتەن خاسىيەتلىك چۈش ئىكەن، — دەپتۇ ئۇنىڭ ئانىسى ھاياجانلىنىپ، ئانا — بالا ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، نامىزىنى ئوقۇپ، چاي - پاي ئىچكەندىن كېيىن مۇسا ئېشىكىنى مىنىپ «ئۇچمىراۋان» غا مېڭىپتۇ. مەھەللىدىكىلەر «نەگە ماڭ-

دىڭ؟» دېسە، «ئېشەك باققاچ تەرمەچ تېرىپ كېلەيمىكى» دەپتۇ مۇسا. شۇ كۈنى كەچتە ئۇ بىر خور يۇڭنىڭ ئىككى بېشىغا لىق قاچىلانغان ئالتۇننى ئېشىكىگە ئارتىپ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئانا ھەيران قاپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر «مۇسابايوفقا خىزىر يولۇققانىكەن» دېيىشىدىغان بوپتۇ.

## 2

مۇسابايوف مۇسا دەپ ئاتىلىدىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ غۇلجا شەھىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ تاسادىپىي بىر دۇكاندارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. دۇكاندار مۇساغا سالام ـ سائەت قىلىپ:

— ئۆزلىرىنى نەدىن سورايمىز؟ — دەپتۇ.

— مەن قەشقەردىن كەلدىم، — دەپتۇ مۇسا.

— قەشقەرنىڭ نەرىدىن كەلدىڭىز؟

— ئاتۇش ئېكىساقتىن كەلدىم.

— ئۇنداقتا بەك ياخشى ئىكەن. ئۆزلىرى بىلەن ئەھۋاللاشقۇم بار ئىدى، دۇكانغا كىرسىلە، — دەپتۇ سودىگەر. مۇسا دۇكانغا كىرىپتۇ، ئۇلار چاي ئىچىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئاندىن دۇكاندار:

— سىزنىڭ ئېكىساق كەنتىدىن ئىكەنلىكىڭىزنى ئاڭلاپ ئىچئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم. سىلەرنىڭ كەنتىڭلارنىڭ ئۇچمىراۋان تەرىپىدىكى «توققۇز ھۇجرا»نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھۇجرىنىڭ قىبلە تېمىدا بىر سۈرەت بار، سۈرەتنىڭ بىر بېقىنىدا قېرىنداش سىزىقچەدەك بىر ئىز بار. شۇ يەرنى كولىسىڭىز تۆشۈك چىقىدۇ. تۆشۈك ئىچىدە بىر قۇتا بار، شۇ قۇتىنى ماڭا ئېلىپ چىقىپ بەرسىڭىز، بىر ئۆمۈر يەتكۇدەك بايلىق ئاتا قىلغان بولاتتىم،

— دەپتۇ.

مۇسا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن دۇكاندارغا قاراپتۇ. دۇكاندار دەرھال:

— دېگەنلىرىمگە تولۇق ئىشىنىڭ، مەن ھازىر سىزگە قەشقەرگە بېرىپ قايتىپ كېلىشىڭىزگە يەتكۈدەك پۇل بېرەي، — دەپتۇ. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ مۇسا غۇلجا شەھىرىنىڭ كوچىسىدا يەنە پەيدا بوپتۇ. ئۇ ۋەدىلەشكەن دۇكان ئالدىغا كەلسە، ئۆزىگە ۋەزىپە تاپشۇرغان دۇكاندارنىڭ ئورنىدا بىر ياشانغان ئايال سودا - سېتىق قىلىۋاتقۇدەك. مۇسا ئايالدىن دۇكاندارنى سوراپتۇ. ئايال:

— ئۇ كىشى بۇگۈن يوق، موڭغۇلكۈرەدە بىر ئاغىنىسى قازا قىلىپ، شۇ يەرگە كەتكەنىدى، بىرەر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەنمىدىڭىز؟ — دەپتۇ. مۇسا قولىدىكى قۇتىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ، ئۆزى بولسا ئەتە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەتىسى دۇكاننىڭ ئالدىغا كەلسە، ئۆزىگە ۋەزىپە تاپشۇرغان بوۋايغا ئوخشاپ كېتىدىغان قابىل بىر يىگىت سودا - سېتىق قىلىپ تۇرغۇدەك. مۇسا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بىردەم ئۇياقتا، بىردەم بۇياقتا ئۆتۈپتۇ، بىراق ھېچنېمە دېيەلمەپتۇ. ئوغلۇم مۇسا، مېنى تونۇيالىدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ دۇكاندار.

— مەن بىلەن بىر دېمەتلىك تۇرۇپ ئوغلۇم دېگىنىڭىز نىمىسى؟ — دەپتۇ مۇسا. دۇكاندار:

— سىزگە ۋەزىپە تاپشۇرغان كىشى دەل مەن بولىمەن. قانداق، ئوخشىمايۋاتامدىمەن؟ — دەپتۇ.

— سىز قانداقمۇ ئۇ ئاقساقال كىشى بولىسىز؟ سىز دېگەن ياشلا بىر يىگىت تۇرسىڭىز.

— توغرا دەيسىز، — دەپتۇ دۇكاندار، — سىز ئېلىپ چىققان قۇتىدىكى نەرسە ئادەم ياشارتىدىغان دورا ئىدى. مەن

كىچىچە شۇ دورىنى يەپ مانا مۇشۇ ھالغا كەلدىم، — دەپتۇ.
— ئۇنداقتا مېنىڭ ئېلىپ كەلگىنىم بىباھا دورا ئىكەن ـ دە، — دەپتۇ مۇسا ئەپسۇسلىنىپ.
— كۆڭلىڭىز يېرىم بولمىسۇن، مەن سىزگە ئۆمرىڭىز بويى يېتىپ ئاشقۇدەك دۇنيا بېرىمەن دېمەكچەنمىدىم. سىزگە دېگەنلىرىمنى بەجا كەلتۈرسەم سىزمۇ مەندىن رازى بولۇپ قالىسىز.
— سىز مۇشۇ دورىنى ئېلىپ كەلگەن «توقۇز ھۇجرا» نىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدىن ساناپ يۈز قەدەم ماڭسىڭىز بىر دانە قاپقارا تاشنى ئۇچرىتىسىز، شۇ تاشنى باشقىلارغا كۆرسەتمەي ئۆيىڭىزگە ئېلىپ بېرىپ سىرتىنى قىرىۋەتسىڭىز ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلىسىز، — دەپتۇ.
مۇسا غۇلجىدىن قايتىپ كېلىپ قارا تاشنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ. سىرتىنى قىرىۋېتىپ قارىغۇدەك بولسا ئالتۇن ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئاتۇشنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان تۇڭگانلار ئالتۇننى مۇشۇ يەردە ئۇيۇتۇپ سىرتىنى ئوت قالاپ ئىسلىۋەتكەنىمش، بىراق ئۇلار ئالتۇننى ئېلىپ كەتكۈچە ئۆلۈپ كەتكەنىمش، بۇ بىر سىر سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغانىمش.

(«ئاتۇش خەلق چۆچەكلىرى» دىن ئېلىندى.)



## تەجەللى

### ئۈچ مۇھىم شەرت

تەجەللىنىڭ ئۆيىدە ئىشلەيدىغان بىر كىشى:

— ھەزرىتىم، ئىككىيلەننىڭ كۆڭلىمىز خېلى يېقىن، ئەمما مېنىڭ ئۆيۈمگە بىرەر قېتىممۇ بارمىدىلا، بۈگۈن بىر بېرىپ كەلسىلە ناھايىتىمۇ خۇشال بولاتتىم، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تەجەللى:

— مېنىڭ مۇھىم ئۈچ شەرتىم بار. ئەگەر مۇشۇنىڭغا كۆنەلىسىڭىز بارىمەن، — دەپتۇ. ھېلىقى كىشى قول باغلاپ تۇرۇپ:

— ۋاي ھەزرىتىم، قانداق شەرتلەر بولسا كۆنىمەن، — دەپتۇ. تەجەللى:

— بىرىنچى شەرتىم: مېنى ئۇرمايسىز. بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى كىشى ھەيران بولغىنىدىن قول باغلاپ تۇرۇپ:

— ۋاي ھەزرىتىم، سىلىنى ئۇرغىلى بولامدىغان، — دەپتۇ. تەجەللى يەنە:

— ئىككىنچى شەرتىم: ماڭا زەھەر يېدۈرمەيسىز، — دەپتۇ. ھېلىقى كىشى تېخىمۇ ھەيران قېلىپ قول باغلاپ تۇرۇپ:

— ۋاي ھەزرىتىم، ئۆزلىرىگە ئۇنداق قىلغىلى بولامدىغان، — دەپتۇ.

— ئۈچىنچى شەرتىم: مېنى تۇرمىڭىزگە سولاپ قويمايسىز،
— دەپتۇ. ھېلىقى كىشى قول باغلاپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ۋاي ھەزرىتىم، ئۆزلىرىنى ھەرگىز ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ.

تەجەللى بىلەن ھېلىقى كىشى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرسا، ئۆي ئىگىسىنىڭ بالىسى كىرىپ، دادىسىنى خاپا قىلغىلى تۇرۇپتۇ. دادىسى ئاچچىقىدا بالىسىنى ئۇرۇپتۇ، بۇنى كۆرگەن تەجەللىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— مېنى نېمىشقا ئۇرىسىز، — دەپتۇ. ھېلىقى كىشى:

— يوقسۇ ھەزرىتىم، مەن ئۆز بالامنى ئۇردۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. تەجەللى:

— ئاشۇ قىلغىنىڭىز مېنى ئۇرغىنىڭىز بولمامدۇ، — دەپتۇ.

ئۆي ئىگىسى ئىنتايىن خىجىل بوپتۇ.

بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن تەجەللىگە تاماق ئېلىپ كىرىپتۇ، تەجەللى تامىقىنى تولۇق يەپ بولماي تۇرۇپلا توختىۋاپتۇ. ئۆي ئىگىسى:

— باقسىلا ھەزرىتىم، — دەپ زورلاپ تۇرۇۋاپتۇ.

— نېمىشقا ماڭا زەھەر يېدۈرىسىز؟ — دەپتۇ تەجەللى. ئۆي ئىگىسى:

— يوقسۇ ھەزرىتىم، مەن سىلىنى تاماققا زورلىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. تەجەللى:

— تاماقنى كۆپ يېيىشكە زورلاش زەھەر بولماي نېمە؟ — دەپتۇ. ئۆي ئىگىسى ناھايىتىمۇ خىجىللىق ھېس قىپتۇ.

تەجەللى بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ قايتىشقا تەمشىلىپتۇ. ئۆي ئىگىسى:

— بۇ تۈنجى قېتىم كېلىشلىرى، ئۇنداق قىلماي بىردەم

ئولتۇرۇپ بەرسىلە، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. تەجەللى بۇنىڭغا سەل خاپا بولۇپ:

—نېمە ئۈچۈن مېنى تۇرمىگە سولاپ قويىسىز؟ — دەپتۇ. ئۆي ئىگىسى تەجەللىنى ئۇزىتىپ قويۇپتىيۇ، ئۆزى هاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ.

## ئەدەبلەش

تەجەللىنىڭ يەكەندە نىزامىدىن ئىسىملىك كۆرەڭ بىر دوستى بار ئىكەن. بىر كۈنى نىزامىدىن ئۇنى قوغلاپ كەپتۇ. تەجەللى ئۇنىڭدىن:

—ئەھۋالىڭ قانداقراق، — دەپ سوراپتۇ. نىزامىدىن:

—هازىر كۈنۈم ئوبدان بولۇپ قالدى، ئىلگىرىكىدەك قاتاردا يوق ئەمەس. بەگ — غوجاملار بىلەن باردى — كەلدىدە، ئولتۇرۇش — قوپۇشتا بىللە ئۆتۈۋاتىمەن، — دەپتۇ. تەجەللى:

نىزامىدىن مۆتىۋەر،
ئىبلىس بىلەن باراۋەر.
بەگكە بەرمە. . .
بەرسەڭ ئەگەر ماڭا بەر.

دېگەنىكەن، نىزامىدىن ئوسال هالغا چۈشۈپ قاپتۇ.

## كەمتەرلىك

تەجەللى خۇش چاقچاق، هازىر جاۋاب شائىر بولۇپلا قالماي، سەمىمىي، ساپ دىل كىشى ئىكەن.

بىر قېتىم خۇمۇلى (ئالىم ئەھمەد زىيائىنىڭ دادىسى مۇللاخۇن هاجى) قاغىلىققا بېرىپتۇ. تەجەللى بىلەن تۇنجى قېتىم

دىدار كۆرۈشۈپ ھاياجانلانغان خوملى سالاملاشقاندىن كېيىنلا:
بۇ دەم مۇشتاقى دىدارى تەجەللى،
ھەمىن دەم تافت ئەنۋارى تەجەللى.
مەنىسى: (تەجەللىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە ئىنتىزار ئىدىم. مانا ھازىر تەجەللىنىڭ نۇرلىرى كۆز ئالدىمدا جۇلالاپ تۇرۇپتۇ) دېگەنىكەن.

تەجەللىمۇ خوملىغا دەرھال ئۇز ئەھۋالىنى بايان قىلىدىغان مۇنداق بىر بېيىت بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

باتىن جو دېۋە ئەمۇ بىزاھىر پېرىشتەئەم،
بارۋدى مەئسىيەت سەراپا سىرىشتە ئەم.

(مەنىسى: ئىچىم دېۋىدەك، ئەمما زاھىردا پەرىشتىدەكمەن، باشتىن - ئاياغ گۇناھىنىڭ تۇتۇنى بىلەن بۇلغانغانمەن.)[1]

## تەجەللىنىڭ ئۇچتۇرپانغا سەپىرى

تەجەللىنىڭ تېبابەتچىلىك، شېئىرىيەت، ئىلمى نۇجۇم، كالامىزم جەھەتتىكى بىلىمى ناھايىتى مول بولۇپ، ئۇنىڭ داڭقى ئالتە شەھەرگە كەڭرى يېيىلغانىدى. ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەردىكى ئىلىمخۇمارلار تەجەللى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشنى، ئۇنىڭ ئىككى كەلىمە سۆزلىرىنى ئاڭلاشنى، مۇبارەك چىرايىنى كۆرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىشاتتى. شۇ قاتاردا ئۇچتۇرپاندىكى ئىلىمخۇمارلار ئارىسىدىمۇ تەجەللىگە ئىخلاس قويىدىغانلار كۆپ ئىدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، ئۇچتۇرپان ھاكىمى تاجىۋاڭنىڭ مەخسۇس مۆھۈرى بېسىلغان بىر تەكلىپنامىنى تەجەللى ھەزرەت-لىرىنىڭ ھۇزۇرىغا يوللاشتى.

بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە تەجەللىنىڭمۇ سەپەر قىلىپ، كەڭ ئىلىم ئەھلى بىلەن ئۇچراشقۇسى، يۇرت كۆرۈپ، كۆكس - قارنىنى ئاچقۇسى كېلىپ قالغانىدى.

1924 - يىللىرى كۈز ئېيىدا، تەجەللى ھەزرەتلىرى ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ مۇبارەك تەكلىپىگە ئاساسەن بىر قانچە مۇرىت، تالىپلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇچتۇرپانغا كېلىپ، بۇ يەردە تاجىۋاڭ قاتارلىق ئەمەلدارلار، ئابدۇۋايىت داموللام قاتارلىق يۇرتنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرى ۋە نۇرغۇن پۇقرالارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

تەجەللى كېلىشتىن ئىلگىرى، ئۇچتۇرپاندىكى ئۆلىمالار شۇنداق مەسلىھەتلەشكەندىكى، ھەزرەتلىرىنىڭ يۇرتىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلمىقى ئاسان ئەمەس، يېشى ئۇلغىيىپ قالدى، ئۇنىڭ ھاياتى بىز ئۇچۇن تەۋەررۈك، باشقا تەرەپلەرگە بارالمايدۇ، شۇڭا قوشنا يېزا، ناھىيىلەرگە ئۇچۇر يەتكۈزسەك، تەجەللى ئالىيلىرىغا ئىخلاس قويغۇچىلار ۋە تالىپلار كېلىپ، بۇ مۆھتەرەم زاتنىڭ ئىلىم تەھسىلىدىن تەڭ بەھرىمەن بولسا. شۇنىڭ بىلەن، تەرەپ - تەرەپكە خەۋەرچىلەر ماڭغۇزۇلۇپ، كەلپىن، ئاۋات، ئاقسۇ (كوناشەھەر) قاتارلىق جايلاردىن كۆپلىگەن ئىخلاسمەنلەر، ئۆلىما، تالىپلار ئۇچتۇرپانغا جەم بولۇپ، تەجەللىنىڭ دەرسىنى ئاڭلاشقا جەم بولۇشتى. ئۇچتۇرپان شەھىرىنى قىزغىن كەيپىيات قاپلاپ، ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىدىن بىر خۇشاللىق ئالامەتلىرى جىلۋە قىلاتتى.

ئۇچتۇرپان شەھىرىدە ئابدۇۋايىت داموللام دېگەن كاتتا بىر ئۆلىما بار ئىدى. ئۇنىڭ يىراق - يېقىندىن كەلگەن نەچچە ئون تالىپلىرى دەرسىنى ئاڭلايتتى. كىچىكىدە ئاتا - ئانىسى بىلەن قەشقەر شەھىرىدىن ئۇچتۇرپانغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئوسمان داموللام بالاغەتكە يېتىش ئالدىدا قەشقەر خانلىق مەدرى-

سىگە بېرىپ بىرقانچە يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن دېگەندەك رازى بولالماي، يەنىلا ئۆز ئۇستازىمدىن تەلىم ئالغىنىم تۈزۈكرەك ئىكەن دېگەن ئوي بىلەن ئابدۇۋايىت دامولللامنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ باشقا نۇرغۇن تالىپلار بىلەن باش چۆكۈرۈپ ئىلىم تەھسىل قىلاتتى. دېمەك ئابدۇۋايىت داموللام تولغان ئۆلىما بولۇش سۈپىتى بىلەن تەجەللى ھەزرەتلىرىنى ئۇچتۇرپانغا تەكلىپ قىلىش، ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىشتا باشلامچىلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تەجەللىنىڭ ئىستىبداتنى بىر ئىمتىھان قىلىپ بېقىش ئىستىكى ئۆزۈندىن بېرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۇلغىۋالغانىدى.

تەجەللى ئۇچتۇرپانغا كېلىپ بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىدىن كېيىن، ئابدۇۋايىت داموللام بىلەن تەجەللىنىڭ بىر داستىخاندا ئولتۇرىدىغانلىقى بېكىتىلدى. ئابدۇۋايىت داموللام ئوسمان داموللام قاتارلىق ئوندەك چېچەن، ناتىق تالىپلىرىغا تەجەللىدىن سورايدىغان سوئاللىرىنى بەلگىلەپ، ئۇلارغا ئالاھىدە ۋەزىپە تاپشۇردى. يەنى ئۆزى ئالدى بىلەن نەزمە ئارقىلىق سوئال سورايدىغانلىقىنى، تەجەللى مۇبادا بۇ سوئالغا نەزمە ئارقىلىق جاۋاب بېرەلىسە، تالىپلىرىغا باشقا گەپ قىلمايدىغانلىقىنى، ئەگەر جاۋاب بېرەلمەي قالسا، ئوڭ كۆزىنى قىسىپ بەلگە بېرىدىغانلىقىنى، شاگىرتلىرىنىڭ تەجەللىدىن كەينى ـ كەينىدىن سوئال سورىشى لازىملىقى، بۇ سوئاللارغا تەجەللى جايىدا جاۋاب بېرەلىسە، ئۇنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى؛ جاۋاب بېرەلمىسە، ئۇنىڭ كاتتا ئالىملىقىغا گۇمان بىلەن قارايدىغانلىقىنى، ئادەتتىكىچە كۈتۈش بىلەن بولدى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

پىلان بويىچە ھاكىم تاجىۋاڭنىڭ ھويلىسىدا داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىش سورۇنى ئۇيۇشتۇرۇلدى. بۇنىڭغا تاجىۋاڭ قاتارلىق

يۇرت مۆتىۋەرلىرى، زۇنۇن ھاجىم، ئابدۇقادىر ئاقساقال، ئابدۇۋايىت داموللام قاتارلىق ئۆلىمالار ۋە نەچچە ئون تالىپلار، جۈملىدىن ئوسمان داموللام قاتارلىقلارمۇ قاتناشتى.

بۇ سورۇن شۇنداق قىزىپ كەتتىكى، ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىدىن كۈلكە بېسىقمايتتى. كىشىلەر قىزغىن پاراڭغا چۈشكەندە ئابدۇۋايىت داموللام ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىگە سۆز ئېلىپ، تەجەللىگە قارىتىپ نەزمە ئوقۇپ ھال ـ ئەھۋال سورىدى. ئۇنىڭ نەزمىسى پارسچە بولۇپ، سورۇن ئەھلىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى.

تەجەللى ھەزرەتلىرى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن سورۇن ئەھلىگە قاراپ، رەھمەت، ئۆزلىرىنىڭ ماڭا نەزمە ئېيتقانلىرىغا چىن كۆڭلۈمدىن تەشەككۇر بىلدۈرىمەن. مەن قەشقەردىكى ۋاقتىمدا تەلۋىنىڭ شەھرىدە بىر كاتتا ئالىم يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم. بۈگۈن قادىر ئاللا، دەل شۇ ئالىم بىلەن مېنى داستىخاندا بولۇشقا داخىل قىپتۇ، نەزمىڭىزگە نەزمە بىلەن جاۋاب بەرمىسەم، قاغىلىقتىن كەلگەن تەجەللىنىڭ ھالى شۇنچىلىك ئىكەن دەپ قالارسىز دەپ، داستىخاندىكى نازۇ نېمەتلەرنى مەدھىيىلەپ پارسچە نەزمە ئوقۇدى...

تەجەللىنىڭ نەزمىسى ئابدۇۋايىت داموللامغا تولىمۇ يېقىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، تەجەللى ھەزرەتلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

—ھەزرەتلىرى ئۆزلىرى مېنىڭ ھازىر، بۇنىڭدىن كېيىن ۋە باقىي ئالەمدىكىمۇ ئۇستازىم، مەن سىلىنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيمەن دەپ، يېنىدىن ئەللىك سەر تەڭگىنى چىقىرىپ، تەجەللىنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە بۇنى سەپەر جەريانىدا ئاز بولسىمۇ خىراجەتكە لازىم قىلارلا، — دېدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ تەجەللىنىڭ مۇبارەك سىيماسى كۆپچە-

لىككە قايتىدىن ئۆز سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلدى.

بۇ قېتىمقى مېھماندارچىلىقتا، تەكرار داستىخان سېلىنىش ئارىلىقىدا تەجەللى تەكلىپ بىلەن تاجىۋاڭنىڭ قىزىنىڭ كېسىلىنى كۆردى. خانقىزنىڭ بىتاپ بولۇپ قالغىنىغا خېلى يىللار بولۇپ قالغان بولۇپ، تېۋىپلارغا كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ شىپا تاپالمىغانىدى. تەجەللى خانقىزنىڭ تومۇرىنى دىققەت بىلەن تۇتۇپ كۆرۈپ، ئىككى ئالىقىنى، ئىككى تاپىنىغا ئىككىدىن تۆتنى ئۇرۇپ قويىدى - دە، تاجىۋاڭدىن قىزىنىڭ كۆيەسى بارمۇ دەپ سورىدى. «ياق» دەپ جاۋاب بەردى تاجىۋاڭ ھېچ ئىش بولمىغاندەك.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تەجەللى تاجىۋاڭغا:

— ۋاڭ خوجام لەگلەك ئۇچۇش مۆھلىتىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇنى خالىغان جايغا ئۇچقىلى قويساق، بەك ياخشى بولغان بولاتتى، — دېدى. كېيىنكى كۈنلەردە تاجىۋاڭنىڭ قىزى ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بىر يىگىتكە ياتلىق قىلىنىۋىدى، دېگەندەك كېسىلى سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى. تەجەللىنىڭ تېبابەتچىلىك تەرەپتىكى ماھارىتىمۇ ئۇچتۇرپان خەلقى ئارىسىدا خېلى يىللارغىچە يادلىنىپ تۇردى.

تەجەللى بۇ قېتىم ئۇچتۇرپانغا كەلگەندە، شەھەر كوچىسىدىكى ئوردا مەسچىتتە بىر قانچە قېتىم دەرس سۆزلىدى. ئۇنىڭ لېكسىيىسىگە ئۇچتۇرپان، كەلپىن، ئاۋات، ئاقسۇ (كونا شەھەر) قاتارلىق جايلاردىن يىغىلغان ئۆلىمالار، تالىپلار، ئىخلاسمەن مۇخلىسلار ئىشتىراك قىلىشتى.

تەجەللىنىڭ ئۇچتۇرپانغا كېلىپ مەشھۇر سەيلىگاھ سوۋۇتقا مازىرىنى تاۋاپ قىلىشى خاسىيەتلىك ئىش بولدى. ئۇ بۇ يەردىكى موللا شاكىر قەبرىسىگە كېلىپ، خەتمىقۇرئان قىلدى، يىغىلغان كىشىلەرگە، موللا شاكىرنىڭ ئىنشا، شېئىرىيەت ۋە مەنتىق

ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن ئالىم ئىكەنلىكىنى، يەكەندىكى چېغىدا ئۇنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق داستانىنىڭ پارسچە نۇسخىسىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ پاساھەت ۋە بالاغىتىدىن بەھرە ئالغانلىقىنى زوقمەنلىك بىلەن سۆزلەپ، ئۇچتۇرپاندىكى ئۆلىما، تالىپلاردىن پۇرسەت تاپسىلا بۇ زاتنىڭ مۇبارەك قەبرىسىگە كېلىپ، ئۇنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ قويۇپ قايتىشنى تاپىلاپتۇ. ھەمراھ بولغۇچىلار، تەجەللى ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ تەۋەررۇك سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن سوۋۇتقا سەيلىگاھى ۋە موللا شاكىرنىڭ قەبرىسى كىشىلەر تەرىپىدىن يەنىمۇ ئۇلۇغلىنىدىغان بوپتۇ[2]

① ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتىدىن شەمئۇلداخان خوجا.

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇختەر مامۇت مۇھەممىدى.

② ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت كادىرلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى تۇرسۇن بارات.

خاتىرىلەنگەن ۋاقىت: 1996 ـ يىل 13 ـ ئىيۇل، ئۈرۈمچى



责任编辑：艾尔肯·伊布拉音
责任校对：伊力亚斯·热依祢
封面设计：夏迪耶·阿西姆

维吾尔民间传说（3）（维吾尔文）
（人物，事件篇）
海热提江·乌斯曼 编

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新 疆 新 华 印 刷 二 厂 印 刷
850×1168毫米 32开本 9.875印张
1998年3月第1版 1998年3月第1次印刷
印数：1—7,030

ISBN7－5371－2861－8/Z·38 定价：12.80元
如有印装问题请直接同承印厂调换